«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

中国期刊方阵
双效期刊
中华人民共和国新闻出版总署

XINJIANG CIVILIZATION • KУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА



5

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498
09>
9 771008 649003

2004

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



زامانىمىزدىكى مەشھۇر ۋەقەشۇناس، ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى، مۆھتەرەم شېرىپ خۇشتار ئەپەندىنىڭ 82 ياشقا تولغانلىقىنى قۇتلۇقلايمىز.

ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە كىتابلىرى ۋە يىرىك ئىلمىي ماقالىلىرىدىن: «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر»(1)، (2)، «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»(كوللېكتىپ)، «مۇقام تۆھپىكارلىرى»(كوللېكتىپ)، «تاشئاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى»(غوللۇق قەلەم تەۋرەتكۈچى)، «مۇسابايېفلار ۋە ئۇنىڭ سودا كارخانىسى»؛ نەشرگە يوللىغان كىتابلىرىدىن: «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر»(3)، «ئۇيغۇر ھۈنەر-كەسىپلىرى»

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(53-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

2004-يىل 5-سان

(ئومۇمىي 269-سان)

باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كانىدىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا


### مەنمۇ بىرنىمە دەپ باقاي

دېھقاندا ئەيىب يوقمۇ؟ ........................ ئابلەت ئابدۇللا 2

### ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى ........................ جامىس پېتراس 20

زامانىۋى تاجاۋۇزچىلىق ........................ ئابدۇرېھىم دۆلەت 26

### «ئالەم چايخانىسى»دىكى پاراڭلار

سىياسىيدىكى رېئاللىق ۋە رېئاللىقتىكى سىياسىي ...... نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن 36

### چېقىمچىلىق قەبىھ ئىللەت

چېقىمچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە پەسىيىشى ........... مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى 43

### تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ........................ يۈسۈپجان ھېكىم قاتارلىقلار 48

### ئاچچىق كۈلكىلەر

قىرتاق پاراڭلار ........................ زېيىدىنجان مامۇت قاتارلىقلار تەرجىمىسى 70

### دېھقان نېمە دەيدۇ؟

زادى «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟» ........................ يۈسۈپجان ساۋۇت شورلۇق 72

### زامان تەقەززا پىكىرلەر

دارۋىننىڭ ئەخمىقانە ئىشى ........................ ئەقلىمە ئابدۇللا تەرجىمىسى 80


مۇقاۋىدا: ئەدەب، ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى، ئەخلاقشۇناس، جامائەت ئەربابى، مۆھتەرەم مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ 80ياشقا تولغانلىقىنى ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەب ـ ئەخلاق تەربىيىسى»ناملىق كىتابىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى قۇتلۇقلايمىز

مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: «ئىلى مۇھەببىتى»، «ئاق دالا»ناملىق شېئىر ـ داستانلار توپلاملىرىنىڭ ، «كۆمۈچ ئۈزەڭگە»، «داغدا قالغان تۇنجى مۇھەببەت»ناملىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلاملىرىنىڭ، «كەنئان باتۇر»، «مايىمخان»، «شاھزادە دەرمان ۋە مەلىكە دەۋران»ناملىق قىسسە ـ رىۋايەتلەر، «ئىلى باغۋەنچىلىكى (قەلەم تەۋرەتكۈچىسى)، «ھەسەل ھەرە پادىشاھلىقىنىڭ سىرى»ناملىق ئىلمىي ـ تەتقىقات كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىپى، ئىستېداتلىق ئەدىب ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندى

ـ خالمۇراد قەييۇمبەگ فوتوسى

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com

# دېھقاندا ئەيىب يوقمۇ؟

## — ئاتۇش ھويلىسىدا سۈرگەن دېھقان ھەققىدىكى ئاچچىق — ئەبجەش خىياللار

(ئوچېرك)

ئابلەت ئابدۇللا



«باينىڭ ياتقۇسى كەلمەيدۇ،
گادايىنىڭ قوپقۇسى كەلمەيدۇ».
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى (باش مۇھەررىردىن تولۇقلىما)
«بېشىنى كۆتۈرمىسە ئۇيقىدىن دېھقان،
قوچقاچ ئىختىيارىغا قالىدۇ خامان».
— خۇسراۋ دېھلەۋى

بۇرادەر، ئالدىراپ ماڭا تىل سالماڭ!

كۆڭلۈمگە ناھايىتى ئايانكى، بۇ ئوچېرك بەزىلەرنىڭ خىياللىرىنى چالغىتىۋېتىدۇ. ئۇلار ئەنئەنىۋى ئۇدۇمنىڭ تەسىر كۈچىدىن چوڭقۇر ئويلانماستىنلا كەمىنە «ياۋاش»قا بىر تاغار ئەيىب ئارتىپ، سورۇنلاردا تىل-ئاھانەت، غەيۋەت-شىكايەت، خۇسۇمەت، ھەسەتخورلۇق... تاشلىرىنى ئېتىشلىرى تۇرغان گەپ. چۈنكى بۇ ئوچېرك ئۇلارنىڭ دېھقانلار ئۈچۈن ياسىغان قورۇق مەدھىيە قورغانلىرىنى پاچاقلىۋەتكەچكە، بۇ «غەمگۇزار»لار مىللەتنىڭ ساپا-سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە باش قاتۇرماي بەلكى چېقىمچىلىق ئۇرۇقلىرىنى ھەر تامانغا تارقىتىدۇ. مەيلى: «ھەقىقەت دېگەن ھامان ھەقىقەت، ئاللا بىزنى ئۆزى ياراتقان دۇنيانى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە خەلق ئەتتى»①. بىلگەنلەر قەلبىمنى چۈشىنەر، بىلمىگەنلەر ئەيىبلەر!...

«نورۋېگىيىدىكى سەپىرىمىز ئاخىرلاشتى. ئۇ قانداق دۆلەت؟ باي، مەدەنىيەتلىك دۆلەت... ئۇ يەنە پاراۋانلىق دۆلىتى...»② قوش تىللىق، تالانتلىق ياش يازغۇچىمىز غەيرەت ئاسىمنىڭ نورۋېگىيە سەپىرى ئۈستىدىكى بۇ قۇرلىرى ۋە نورۋېگىيىلىكلەرنىڭ غەمسىز، ئەركىن، باياشات-پاراۋان تۇرمۇشى، ئېسىل مەدەنىيىتى... ئېچىمگە ئوت سېلىپ، مېنى يەنە تەگسىز، ئايىغى چىقماس خىيال چۆللىرىدە تېنەپ يۈرگەن سەيياھقا ئايلاندۇرۇپ قويدى. مەن بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرىمۇ سەيپۇل يۈسۈپ، مەرھۇم زوردۇن سابىر، مەرھۇم تۇرسۇن ئەلى ۋە ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئىدرىس باراتلارنىڭ ئامېرىكا، ياۋروپا، سەئۇدى ئەرەبىستانى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق زىيارەت خاتىرىلىرىنى ئوقۇغانىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ئۇ ئەللەرنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى، كىشىلىك تۇرمۇشى، مائارىپ ۋە خىيالدىن تېز ئىلگىرىلەۋاتقان پەن-تېخنىكىسىنى تەسۋىرلەپ، دۇنيانىڭ بىر چېتىدە قالغان بىچارە خەلقىمىزنى دۇنياۋىلىشىش ئۈچۈن پەن-مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىشقا چاقىرغانىدى. ئۇلارمۇ خۇددى غەيرەت ئاسىمدەك ئۇ ئەللەردىن بەختلىك ھېسسىيات، مۇھەببەت ۋە ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ قىممەتلىك گۆھەرلىرىنى ئەكەلگەنىدى.

ئەپسۇسكى، مەن بۇ سەپىرىمدە ئۇلارغا ئوخشاش روھىم تاشقىنلىغان، مول مەنىۋى تەسىراتلاردىن تېنىم مەست بولغان ھالدا خۇشاللىق ۋە مۇھەببەت ئەكېلەلمىدىم. مېنىڭ بۇ سەپىرىم ياۋروپا ئەمەس، ئامېرىكا ئەمەس، سەئۇدى ئەرەبىستانىمۇ ئەمەس، پەقەت سىلەر تەرەددۇت قىلساڭلارلا بىر ھەپتە ئىچىدىلا كۆرۈپ، قانائەتلىنىدىغان، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمىي يۇرتى ئاتۇش ۋە ئۇنىڭ شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىدا كۆرگەنلىرىم ھەممە ئاددىي

مەنمۇ [illegible] دەپ باقاي

① نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى ساھىبى، دانىشمەن ئۇستاز دوكتور ئابدۇسالام يازغان «ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ پەن-تېخنىكاۋە ئىجادىيەت قۇدرىتى» ناملىق كىتاب، 13-بەت، جۇڭگو پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسى 1986-يىل نەشرى.

② غەيرەت ئاسىم: «مۇھەببەتلىك ياۋروپا»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2003-يىل 4-سان.

بىر ھويلىدا سۈرگەن قاتتىق-ئەبجەش خىياللاردۇر.

مەن ھازىرغا قەدەر جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ نۇرغۇن داڭلىق شەھەر ۋە ساياھەت ئورۇنلىرىنى كۆرگەن بولساممۇ، ئەمما ئۇيغۇر روھىيىتىگە كۈچ ۋە غۇرۇر ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان، بىزگە نىسبەتەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندىنمۇ چارى بولغان بۈيۈك قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى - سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرى جايلاشقان تەۋەرۈك زېمىن - ئاتۇشقا ئايىغىم چۈشمىگەنىدى. جەنۇبقا بېرىش ماڭا ياۋروپاغا بېرىشتىنمۇ قىيىنغا توختىغانىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە: 1982-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى قەشقەردە بىر يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىلىدىن مۇھەممەتجان سادىق، ئابدۇراھمان قاھار، مەتتىمىن ھوشۇر ۋە مېنى تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇستاز مۇھەررىر ۋە پېشقەدەم شائىر ئابلىز نازىرى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە رەئىسلىك قىلىۋاتاتتى. باشقىلار دۆلەت شىتاتىدىكى كادىرلار بولغاچقا، ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھايال قالمايلا مېڭىپ كېتىشتى. پېقىر بولسا ئەينى يىللاردا دېھقان بولغاچقا، ئوت-چۆپ، قوراي بېسىپ كەتكەن ئېرىق قىرىدا شېرىن خىياللىرىم بەربات بولغان ھالدا، ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك ھەسرەت ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالغاندىم. يېزىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى سېكرېتارى مېنىڭ «مۇشۇ باھاندا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمىي ماكانى - قەشقەرنى بىر كۆرۈپ كېلەي...» دەپ يالۋۇرۇشلىرىمغا قارىماي، قەستەن مەن بىلەن قىرىشىپ رۇخسەت بەرمىگەنىدى. مانا ھازىر بۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ: «توۋا، ئىنسان دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، ئۇ ئىشتىن نېمە مەنە چىقتى...» دەپ مىيىقىمدا كۈلىمەن.

خەيرىيەتكى، مانا ھازىر مەن ئاتۇشتا، باغۇ-بوستانلىق بىر ھويلىدا ئولتۇرۇپتىمەن. بۇ سايە-سالقىن ھويلا تەن-تېنىمنى سەگىتىپ ھۇزۇر بېغىشلاپ، يول ھاردۇقىنى ئاللىقاياقلارغا قوغلىۋەتتى. بۇ قورۇنىڭ ئىگىسى تاجىگۈل ھاجىم ئانا ئايالىمنىڭ كىچىك ئاپىسى ئىدى. بۇ قورۇدىن ئاتۇش يېزىلىرىدىكى باشقا ھويلا-ئاراملارنىڭمۇ سۈرىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى. كوچىدىن شەرققە قارىغان، ئۈستى يېپىلىپ چىرايلىق نەقىشلەنگەن قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن كىرگەندە ئالدىڭىزدا گۈللەر ۋە دەل-دەرەخلەر بىلەن تورالغان ياپيېشىل باغ سىزنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. تال باراڭ يېنىدىكى چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەن سۆگەتگۈللەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە كىچىك ئۆستەڭگە ياسالغان ئاددىي كۆۋرۈك سىزنى باغقا باشلاپ كىرىدۇ. ئۆستەڭ سۈيى يانىدىكى پاسىل تامدىن ئەگرى-بوگرى باغئېرىق كوچىلىرىغا چىقىپ كېتەتتى. بۇ ئەتراپتا پەقەت مۇشۇ قورۇنىڭ ئىچىدىنلا سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى. ئۆستەڭ ئەتراپى چىملىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىنى ئىككى قىرىدا ئۆسكەن قويۇق چاتقاللار، سۆگەت-تال، جىگدە، قارىياغاچ ۋە سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ يىلتىزلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلار، يېشىل ئوت-چۆپلەر قاپلىۋالغان بولۇپ، پەقەت سۇ ئالىدىغان يەرلىرىلا ئوچۇق-ئايدىڭ ئىدى. ئىككى تەرىپىدە ئېگىز ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەر ئۆستەڭگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى يوقاتمىغان بۇ ئۆستەڭ ۋە ئەنجۈر، ئانار، ئۈزۈم، بادام (بادامنىڭ قانداق ئۆسىدىغانلىقىنى مەن شۇ چاغدا كۆردۈم) قاتارلىق شېرىن مېۋىلەر بىلەن ياشناپ تۇرغان باغ كىشىگە ئاجايىپ لەززەتلىك تۇيغۇ بېغىشلاپ مەست قىلاتتى.

بۇ ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، يازلىق ئەنجۈر تۈگىگەن، كۈزلۈك ئەنجۈرگە يەنە خېلى كۈنلەر بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھەر كۈنى يېڭىدىن پىشىشقا باشلىغان ئەنجۈرلۈكتىن تويغۇدەك ئەنجۈر تېپىپ يېگىلى بولاتتى.

باغدىن كەينىمىزگە يانغىنىمىزدا، دەرۋازىغا يانداش سېلىنغان، سېلىنغىنىغا خېلى كۆپ يىل بولغان تىك بۇلۇڭلۇق، ھەيۋەتلىك پېشايۋانلىق ئۆي سىزگە گەۋدىسىنى ئىچىپ قاراپ تۇراتتى. بۇ ئۆي-پېشايۋانلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئاتۇشنىڭ باشقا يېزىلىرىدىكى ئۆيلەر بىلەن چوڭ-كىچىكلىكتە پەرقى بولمىسا ئاساسەن ئوخشاش ئىدى: يەردىن 3.5 - 3.7 مېتىرغا قەدەر ئېگىزلىكتىكى ئاستى يوغان، ئۈستى تەرىپى سىلىقلىنىپ، نەقىشلىنىپ كىچىكلىتىلگەن ئالتە يوغان تۈۋرۈك 40 - 45 سانتىمېتىر ئارىلىقتا بىردىن ئۆلچەپ قويۇلغان، ۋاساجۇپ چېتىلغان لىملارنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ھويلىغا ۋە 2.5 - 3 مېتىر كەڭلىكتىكى پېشايۋانغا قىزىل خىش يېتىلغانىدى. ۋاساجۇپ ئاستىدىكى تامنى ئايلاندۇرۇپ 30 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى بەلباغسىمان رەڭدار سىزما نەقىش چېكىلگەن. بۇ نەقىشلەرنىڭ چېكىلگىنىگە خېلى يىللار بولغاچقا، ئۆز ئىسكەتىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما رەڭگى ئۆڭۈپ، بەزى جايلىرى كۆچۈپ، خۇنۈكلىشىپ قالغانىدى. يېڭى چاغدا ئۇ تولىمۇ چىرايلىق، سۆلەتلىك ۋە رەڭدار كۆرۈنىدىكەن. بىز 4-ئاۋغۇست كېلىپ چۈشكەن تاغام رەھمەت كېرىمنىڭ پېشايۋان - ئۆيلىرى يېڭى سىرلانغان بولغاچقا، تۈۋرۈك، ۋاساجۇپ، ئەگمە ۋە رەڭدار سىزما نەقىشلەر كۆز نۇرىدا چىرايلىق جۇلالىنىپ، ھويلىغا بايلىق ۋە سۆلەت بېغىشلاپ تۇراتتى. بۇ نەقىشلەر شۇ قەدەر بىرخىل سىزىلغانىدىكى، ھېچكىم ئۇنى قولدا سىزىلغان دەپ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. مەن ئۇنى باسمىدا بېسىلغان نەقىشلىك قەغەز دەپ ئويلاپ، بۇ ئويۇمنى تاغامغا دېۋىدىم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: «قول بىلەن سىزغان، بۇنى بىزنىڭ كۈيئوغۇل سىزدى...» دەپ چۈشەندۈردى. شۇ چاغدا مەن ئاتۇشلۇقلارنىڭ ھۈنەر-سەنئەتتە چېۋەرلىكىگە ھەيران قالغاندىم. بۇ ھەيرانلىقىم ئاتۇشنىڭ ئىشتاچى، ئازغان، تىجەن، مەشئەد ۋە شورۇقتىكى بايلار سالغان سىرت تاملىرى، گۈمبەز - مۇنارلىرى، مېھراب ۋە چاسا تۈۋرۈك پېشايۋانلىرى ئاجايىپ كۆركەم گۈللۈك خىش، تىزما نەقىش ۋە رەڭلىك سىزما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن جامەئە - مەسچىتلەرنى كۆرگىنىمدە پەللىگە كۆتۈرۈلدى...

**تەنەپپۇسلۇق پارك:** ئەپسۇسكى، ئاتۇش بايلارنىڭ شىنجاڭدا ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ تۇنجى مەشئىلىنى ياندۇرغان بىز دەپ ماختىنىۋاتقان، ئەلگە داڭلىق مەمتىلى ئەپەندىدەك غۇرۇرى كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەرلەرنى يېتىشتۈرگەن بىر يۇرتتا ئاشۇ جامەئەلەرگە ئوخشاش گۈللۈك خىش، تىزما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەپ ئۆز خەلقىگە تۇتقان بىرەر مەكتەپ - ئىلىم-مەرىپەت بىناسىنى ئۇچرىتالمىدىم ۋە ئاڭلىمىدىم. بۇيەردە بۇ يۈزسىز قەلەم غۇلجا شەھىرىدە كاتتا مەكتەپ سېلىپ، 200دىن ئوشۇق يېتىم-يېتىملەرگە ئاتا بولۇپ ئوقۇتۇۋاتقان نۇرتاي ھاجىمغا، ئۈچ مىليون يەتتە يۈز مىڭ يۈەن خەجلەپ غۇلجا ناھىيىسى تۇرپانيۈزى يېزىسىدىكى دېھقان

www.uyghurkitap.com

بالىلىرىغا ئۈچ قەۋەتلىك زامانىۋى مەكتەپ سېلىپ بەرگەن ئەل ئوغلانلىرى سادىقجان ،ساقىهاجى ئاكا-ئۇكىلارغا غايىۋانە تەشەككۇر قۇرلىرىنى تىزماي ئۆتۈپ كېتەلەمدۇ؟!...

ئاتۇش يېزىلىرىدا ئۆيلەر ناھايىتى چوڭ ، ئېگىز ھەم كۆپ سېلىنىدىكەن . (شەھەر ئۆيلىرى يېزا ئۆيلىرىگە ئوخشىمايدىكەن . ئۇلار ھويلىلىرىنىڭ ئۈستىنى يېپىپ ،كۆركەم بېزەپ زال ئورنىدا پايدىلىنىدىكەن .ھويلا بولمايدىكەن . )يېزىلاردا ھەر بىر ئائىلە چامىغا قاراپ تۆت ـ بەش ئېغىز ، بەزىلىرى ھەتتا يەتتە- سەككىز ئېغىز ئۆي سالىدىكەن . ئۇلار بۇ ئۆيلەردىن سىرت توي-تۆكۈن ، نەزىر-چىراغلاردا جامائەتنى ساقلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆيلەرنى ئايلاندۇرۇپ سۇپىلىق ئورۇندۇق ياساپ قويىدىكەن . ئۆي تاملىرى گەج بىلەن سۇۋىلىپ ،تامنىڭ ئاستىنى ئايلاندۇرۇپ زەدىۋال تارتىلىدىكەن . ھەم چوڭ ھەم ئېگىز ،كەڭ-كەڭرى بۇ ئۆيلەرگە ئىشلەنگەن نەقىش ـ گۈلدار سىزمىلار ،تولىمۇ ئۆلچەملىك تىزىلغان ۋاساجۇپلەر . . . ئادەمنى ئىختىيارسىز ئويلاندۇرىدۇ . ئەلى يېزىلىرىدىكى بىھۇدە ئىسراپچىلىققا تولغان توي-تۆكۈن ھەشەمەتى كۆڭۈلۈمنى خىرە قىلغاندەك ، ئاتۇش يېزىلىرىدىكى بۇ خىل ھەشەمەتلىك ئۆي سېلىش ئادىتى كۆڭلۈمگە سايە تاشلاپ قويىدى . ھەتتا شال ماكانى بولغان توقايدىكى ئابلىز دېگەن دېھقان تۇغقىنىمىز :«بۇ يەر زەي ، سالغان ئۆيىمىز 10 ـ 15يىلغا پايلىمايدۇ ، ئامال يوق يەنە تاپقان-تەرگىنىمىزنى يىغىپ ئۆي سالىمىز . . . »دېدى .

بىز يەتلەپ كىرسەك تاجىگۈل ھاجىم ئانىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇشۈكۈر ھاجىم پېشايۋان ياسىتىۋاتقانىكەن . (كۆپچىلىك ئائىلىلەردە يېتىشەلمىگەنلىكتىن ئۆينى بالدۇر سېلىۋېلىپ ، پېشايۋىنىنى كېيىن سېلىۋالىدىكەن . )ھويلىنىڭ ئىچى تېرەك لىملار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ . تۆت ياغاچچى ئۇستام باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋېتىپتۇ . ئۇقۇشسام ، ئابدۇشۈكۈر ھاجىم مۇشۇ پېشايۋاننىڭ ياغاچ ـ تېشى ئۈچۈنلا ئوتتۇز مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل خەجلەپتۇ .

ھەر كۈنى بامداتتا سەكسەن ياشتىن ھالقىغان ئىككى موماي ـ تاجىگۈل ھاجىم ئانا بىلەن ئۇنىڭ قۇدىسى بۇۋىخان ئانا چوڭگۈنلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ نامازغا تەرەددۇت قىلىشاتتى .ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى دەرەخلىكتە خالاجاي بار ئىدى . خالاجاينىڭ ئالدى 40-50سانتىمېتىر كۆتۈرۈلگەن ،ئارقىسى ئازگال بولۇپ ،1.5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئىدى . ئاتۇش يېزىلىرىنىڭ بەزى قورۇلىرىدىكى خالا جايغا پەلەمپەي بىلەن ھەتتا شوتا بىلەن چىقىشقا توغرا كېلەتتى . بەزىلىرىدە ئولتۇرۇپ ، كوچىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنى بەخۇدۇك كۆرگىلى بولاتتى . ئۇلار گەندىنى زايە قىلماي توپلاپ ،ئوغۇت ئورنىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن خالا جايلىرىنى ئەنە شۇنداق ئېگىز ياسىشىدىكەن . بىزگە ئوخشاش ياقا يۇرتتىن كەلگەنلەرگە بۇ ناھايىتى ئوڭايسىزلىق ھەم غەلىتە تۇيغۇ بېرىدىكەن . ئەمما بارغان يەرگە كۆنمەي نېمە ئىلاج . . .

تاجىگۈل ھاجىم ئانا 83ياشقا كىرگەن بولسىمۇ يەنىلا ياشلاردىن قېلىشمايدىغان تېتىك ، روھلۇق ، ئىشچان موماي ئىدى ، چۈمۈلىدەك تىنىم تاپماي ھويلىدا تېپىرلاپ يۈرەتتى .ئۇ نامازدىن كېيىن پېشايۋانغا كۆرپە-ياستۇقلارنى ئاچىقىپ ، قۇدىسىنى «بىردەم ئارام ئالسىلا . . . »دەپ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئولتۇرغۇزاتتى ۋە ئۆزى يوغان تاغار بىلەن ئوتىغۇچنى ئېلىپ باغقا ئوت ئالغىلى كىرىپ كېتەتتى . ئاشۇنداق ياشنىپ قالغان بىر مومايىنىڭ بۇ ئىشىدىن ئاتۇشلۇقلارنىڭ قان-قېنىدا ئۇرۇپ يۈرگەن ئالاھىدە تىرىشچانلىق روھىنى كۆرگىلى بولاتتى . . .

تاڭ ئاقىرىپ سۈزۈلگەندىن كېيىن مومايىنىڭ ئۇرۇمچىدىن دەم ئېلىشقا كەلگەن ئوماق نەۋرىسى ئاينۇر خېنىم ياغلىقىنى چىڭ چېگىلەپ ،ئاتۇش قىزلىرى ئادەتتە دائىم كىيىپ يۈرىدىغان ،ئوشۇقىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئەتلەس ئىشتىنى ئۈستىدىن كۆينىكىنى قاتلاپ بېلىگە قىستۇرۇۋالغان نەۋرە ئاچىسى ،چىرايلىق سەلىمىگۈلگە ياردەملىشىپ ھويلا-ئارامنى تازىلىشاتتى . . .

**تەنەپپۇسلۇق پاراڭ :** گەرچە ئۇلار ھويلا-ئاراملىرىنى پاكىز تازىلىسىمۇ ،ئۆي تۇتۇش ، تازىلىق ،بالا بېقىش ،تۇرمۇش مەدەنىيىتى . . . جەھەتلەردە يەنىلا ئەلى قىزلىرىغا يېتەلمەيتتى . ئەلى قىزلىرى ئۆيلىرى ئاددىي بولسىمۇ ،ئەمما ئاشخانا ،تام-تورۇس ، ئىشىك-دېرىزە ۋە ھويلا ـ ئاراملارنى شۇنچىلىك پاكىز ـ ھەۋەس بىلەن تۇتىدىكى ، ئۇنى جەنۇبتىكى ھەرقانداق بىر شەھەرنىڭ قىزلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى . جەنۇبنىڭ قىز-چوكانلىرى ئۇزۇن گۈللۈك-ئەتلەس ئىشتانلىرىنى كىيىشىپ ، ئەرلەردىن ئەيمەنمەي ئولتۇرۇۋېرەتتى . ئۇلار كوچا-كوي ،بازار-رەستىلەردە يۈرۈش-تۇرۇش ، ئولتۇرۇش-قوپۇش ،سۆزلەش . . .جەھەتلەردە يەنىلا ئەلى قىزلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك يۈرۈش-تۇرۇشىغا تەڭلىشەلمەيتتى . جەنۇبتىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى :«سولامچى» ، «ھېجىقىز» ، «گۈي» ، «شوۋىچى» ، «قوڭ بەردى» . . .دەپ تىللىشى ئۆزىگە ئانچە بىلىنمەيدىغان ئادەتتىكى تىللار ئىدى .ئەمما شىمالدىكىلەرگە بۇ سۆز-ئىبارىلەر ناھايىتى ھاقارەتلىك سېزىلەتتى .

سەھەردە «گۇۋكۇك . . . گۇۋكۇك . . . » سايرايدىغان پاختەك ئاۋازى بىلەن سوپىسوپياڭنىڭ ئاۋازلىرى ،قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى يەنە قانداقتۇر تۈرلۈك قۇشلارنىڭ چۇرۇقشىغان ئاۋازلىرى مېنى ئويقۇدىن ئويغىتىۋەتتى . ماڭا يەرلىك پاختەك ۋە سوپىسوپياڭنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىمىغىلى ئۇزۇن يىللار بولغانىدى . بولۇپمۇ مۇنداق جىمجىت ـ تىنچ باغ ئىچىدە ئۇنتۇپ كەتكىلى تاس قالغان قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاش ئۆلگەن سەزگۈلىرىمنى ئويغىتىپ ،باللىق-ياشلىق چاغلىرىمدىكى شېرىن كۈنلەرگە بۆلەيتتى . ئۇ ۋاقىتلاردا مەن يازلىق تەتىلنى دىلمۇك تېغى ئېتىكىدىكى ئوت-چۆپلىرى ئوغۇزدەك كۆچلۈك ، ساپ ھاۋالىق سالقىن ،تاغ سۇلىرى ساي-سايلاردا ئېقىپ تۇرىدىغان جاغىستاي يېزىسىدىكى ئۆرۈكلۈك بېغىمىزدا ئۆتكۈزەتتىم . مايلىق ئۆرۈك ،قىزىلقاچا ،خۇۋەينى ،بىجىنار . . . ئۆرۈكلىرى ۋە ئالما ، لاك ،ئامۇتلىرى . . .شېرىن پىشىدىغان ئاشۇ جىمجىت بېغىمىزدا مانا مۇشۇنداق تۈرلۈك-تۈمەن قۇشلار سايراپ ، يېقىملىق نەغمە-ناۋا قىلىشاتتى .قۇشقاچلار ھويلىدىكى سارىق ئالما شاخلىرىدا چۇرۇقلىشىپ ئوينىشاتتى ؛ قارلىغاچلار ئاق تۆشلىرىنى پارقىرىتىپ ،ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىپ ، پېشايۋان ئۈستىدىكى ئۇۋىدا چۇرۇقلىشىپ تۇرغان بالىلىرىغا دان بېرەتتى . ھويلىدا سوڭگۈلۈگۈچ قۇيرۇقىنى لەپ-لەپ كۆتىرىپ غىلدىرلاپ يۈرەتتى . دەرۋازىمىز ئالدىدىكى ئېگىز سۇۋادانلا قاپقارا سەت قاغىلار قاقىلدىشاتتى . پاختەكلەر سايرىشاتتى . سېغىزخان لاپاسنىڭ ياغىچىغا قونۇۋېلىپ ، مېھماندىن خەۋەر بېرەتتى . ئوت-چۆپ بېسىلغان ئۆگزە تېمىنىڭ چېتىدە قىزىل تاجلىق ھۆپۈپ ئۇزۇن تۇمشۇقىنى يەرگە تەزىم قىلىۋاتقاندەك سوزۇپ ئۇچ قا تەييار

تۇراتتى . . . هازىر ئۇ قۇشلار نەلەرگە كەتتىكىن !؟ . . .

يۇرتۇمنىڭ ئۇ قەدىردان قۇشلىرى ئىچىدىن بۇ باغدا پاختەك بىلەن سوپىسوپىياڭنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بوپكەتتىم . مەن هەر كۈنى بۇ قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئاللىقانداق شېرىن ئەسلىمىلەرگە چۆكۈپ ، پېشايۋاندىكى تامغا يۆلەپ قويۇلغان دىۋاندا ئارام ئالاتتىم .

چاي ۋاقتىدا ئىككى بالام ، ئاپام ۋە ئۆي ئىگىلىرى پېشايۋانغا سېلىنغان داستىخانغا جەم بولاتتۇق . ئۇلار بىزنى غۇلجىلىق ئەتكەنچايغا ئامراق دەپ نە-نەلەردىن سۈت تېپىپ كېلىپ ، ئەتكەنچاي (نامىلا ئەتكەنچاي ئىدى )ئېتىپ بېرەتتى . چايدىن كېيىن قوغۇن-تاۋۇز پىچىشاتتى . ئاندىن تاماققا تۇتۇش قىلىشاتتى . مېهماننى ئۇلار كۈتسە ،بىزنىڭ ئۇھ دېگۈدەك هالىمىز قالمايتتى . . . يېمىسەك تېخى ، يەي دېسەك قورساق غىققىدە . مېهماندوست ئاتۇش خەلقى مېهمانغا بارىنى تۆكۈۋېتەتتى . بىز پەتىلەپ بارغان ئۆيلەردە ئادەتتە هەممە تائام ئالدىن تەييارلىنىپ بولاتتى . هايال ئۆتمەيلا ئالدىڭىزدىكى داستىخانغا قوغۇن-تاۋۇز بىلەن نان كېلىدۇ . ئۇنى ئاز-تولا يېگەندىن كېيىن ناز-نېمەت بىلەن چاي كېلىدۇ .چايدىن بىر-ئىككى يۇتۇم ئوتلىغاندىن كېيىن بىر-ئىككى خىل تاماق . . .ئاندىن مېۋە-چېۋە . . .

ئاتۇشلۇقلار ئادەتتە مېۋە-چېۋىنى كۆپ يېيىشىدۇ .ئۇلار هەر بازار كۈنى ياكى باشقا كۈنلەردە قوغۇن -تاۋۇزنى تاغارلاپ ئېلىشىدۇ . بازارلىرىدا قوغۇن-تاۋۇزلار تارازا بىلەن ئەمەس ،بەلكى كۆز مۆلچىرى بىلەن سېتىلىدۇ . قورغاق ، ساپ هاۋا ، هۆل مېۋە-چېۋە ،قورساققا ئامراقلىق ،دائىم ئەمگەك-هەرىكەتتە بولۇش . . .ئاتۇشلۇقلارنىڭ ساغلام ، يۈزلىرى قىپقىزىل ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ سىرى . . .

مەن تۇرۇۋاتقان بۇ هويلا سۇنتاغ يېزا ئازغان كەنت باغئېرىق مەهەللىسى - ئاهالە گۇرۇپپىسىغا جايلاشقان .ئازغان كەنتىدە ئون ئاهالە گۇرۇپپىسى بولۇپ ، باغئېرىق بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ نامرىتى . 250مو يەر (هويلا - ئاراملىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ) ، 78ئائىلە ،300دىن ئارتۇق نوپۇسى بار .جان بېشىغا ئاران 5فۇڭدىن يەر توغرا كېلىدۇ .بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ يېرى شاڭخەي شەهىرى ئەتراپىدىكى يېزىلاردىنمۇ قىس ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ . دېهقانچىلىق يېرى پەقەت 10پىرسەنتلا ، قالغان90پىرسەنت يېرى باغۋاران ،بۇنىڭ70پىرسەنتى ئۈزۈملۈك ،30پىرسەنتى ئەنجۈرلۈك - ئانارلىق . . . بىرمۇ «قۇتقۇزۇش ئائىلىسى »يوق .هەتتا تۇل خوتۇن ، يېتىم-يېسىرلارمۇ ئۆز بېغىغا ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن . يەر تاشلىق هەم ناهايىتى ئاز بولسىمۇ ، ئىسلاهات ئۇلارنىڭ روهىنى ئۇستۇرۇپ ،بايلىق ئىشىكىنى ئېچىپتۇ . ئۇلار ئاشۇ تاشلىقتىن يەر ئېچىپ ،هەر يىلى ئۆز بېغىدىن بەش مىڭ يۈەندىن ئوتتۇز مىڭ يۈەنگە قەدەر ،ئايرىملىرى ئەللىك مىڭ يۈەندىن يۈز مىڭ يۈەنگە قەدەر كىرىم قىلىدىكەن . مانا بۇ - هويلا-ئارام ئىگىلىكىنىڭ كارامىتى !

ئاڭلىشىمچە ،سېرىق قۇملۇق ئوگرىق يېزىلىرى بۇرۇن بەكمۇ نامرات ئىكەن . نامراتلىقتىن تالاي ئادەم يۇرتىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا جان بېقىشقا چىقىپ كەتكەنىكەن .ئىسلاهاتتىن كېيىن بىر قىسىم ۋىجدانى بار ئەركەكلەر بالىلىرىنى سۆچىلىق كەسپلىرىدە ئوقۇتۇپ ،بەزى بايلار ۋە دېهقانلار ئۈچ يەردە بورىۋاي قېزىپ ، سېرىق قۇمنى سېرىق ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپتۇ . ئۇلار قۇم-توپىلارنى ئىشتاچى هەتتا قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناهىيىسىدىن يۆتكەپ كەپتۇ .كۆل كولاپ ، چىم ياتقۇزۇپ ، ئىچىدىغان ۋە تېرىلغۇ سۇلىرىنى هەل قىپتۇ . هازىر ئوگرىقتا نامرات ئائىلە يوق ئىكەن .

«ئات ئۈستىدە گۈل كۆرگەن »دەك بۇ زىيارىتىمىزنىڭ پاكىتلىق ،قىزىقارلىق بولۇشى ئۈچۈن كۆڭۈل ئېكرانىمىزغا چۈشۈرگەن باغئېرىق، بۆگەن ۋە ئازاقتىكى دېهقانلارنىڭ سۈرىتىنى كۆڭۈل ئاۋاسى بىلەن كۆرسىتىمىز :

1 .سۈرەت : 18-ئاۋغۇستتا مەن باغئېرىقتىكى ئابدۇسەمەت دېگەن دېهقان بىلەن مۇڭدىشىپ قالدىم . ئۇنىڭ هويلىسىنىڭ ئۈچ تەرىپىنى (پەقەت ئۈستى يېپىلغان دەرۋازىسىلا قالغانىدى )ئايلاندۇرۇپ ، ناهايىتى هەشەمەتلىك ياسىلىۋاتقان پېشايۋىنى گەرچە سىرلانمىغان بولسىمۇ ،ناهايىتى كۆركەم كۆرۈنەتتى . مەن هويلىنى زىيارەت قىلىپ چىققاندىن كېيىن ئۆستەڭ بويىدىكى تارچۇقتا ئاشلەڭپۇڭ قايىنتىۋاتقان ئۆي ئىگىسى بىلەن پاراڭلاشتىم :

-ئۆيىنى بەك هەيۋەتلىك سالىدىكەنسىلەر . بىزنىڭ يېزىلاردا سىلەرنىڭ پېشايۋانغا كەتكەن ياغاچ-تاش بىلەنلا بىر نەچچە ئېغىز ئۆي سېلىۋالغىلى بولىدۇ ، - دېۋىدىم ، ئۇ قازاندىكى ئاشلەڭپۇڭنى ئېلىشتۇرگەچ جاۋاب بەردى :

- بۇ تېخى ئاددىي ئۆيلەر .ئۆيىنىڭ ئېسىلىنى كۆرىمەن دېسىلە سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىشتاچى دېگەن يەرگە بارسىلا .ئۇيەردىكىلەرنىڭ ئۆيلىرى بەك كاتتا .بىر بايۋەچچە ئۆي سالغانىكەن ، يەنە بىرسى : «سىنىڭدىن مەن قالامتىم . . .»دەپ ئۈچ يىل ئىشلەپ بىر ئۆي ساپتۇ . بۇنى كۆرگەن هېلىقى بايۋەچچە : «قاراپتۇر ، سېنىڭدىن مەنقالامتىم . . .» دەپ يېڭى سالغان ئۆيىنى بۇزۇپ ، ئۇنىڭدىن هەيۋەتلىك - كاتتا قىلىپ ساپتۇ . بىزدە شۇنداق بەسلىشىپ ئۆي سېلىشىدۇ . بۇ ئاتۇشلۇقنىڭ «دامخو »لىقى بولسا كېرەك .

- ئاد قەۋمىمۇ شۇنداق كاتتا ئۆيلەرنى سېلىپ ، كۇپۇرلۇق قىلغانىدى ، - دېدىمەن ئۇنىڭغا ، - ئىنسان كۆپكە پايدىلىق ئىشتا بەسلەشسە بولىدۇ .

- شۇنداق ، - دېدى بۇ ئورۇق ، ئېگىز بويلۇق ، قاتاڭغۇر كەلگەن ئۆي ئىگىسى ، - ماۋۇ ئارقىدىكى سايدا ياسالغان چوڭ تاشيولنى كۆردىلىمۇ؟ ئاشۇ بوغازدىن (ئۇ ئاغۇ تەرەپنى كۆرسەتتى )باشلىنىپ مەشئەدكە بارىدۇ . مانا مۇشۇ يولنى قارىهاجىم ياسىدى . ئۇ يەنە بازار تەرەپتىكى «بۇغرام مەسچىتى» نىمۇ سېلىپ بەردى . (مەن بۇ مەسچىتنى كۆرگەن هەم سۈرەتكە تارتقانىدىم .ئۇ پۈتۈنلەي رەڭدار چاقچۇقلار بىلەن بېزەلگەن ،مۇنار-گۈمبەزلىرى ناهايىتى هەيۋەتلىك مەسچىت ئىدى . )هەممە ئادەم ئۇنىڭغا دۇئا قىلىۋاتىدۇ ، ئۇنى هۆرمەتلەيدۇ . . .

- ئاتا - بوۋام ئاشلەڭپۇڭچى ئىكەن ، - دېدى ئۇ مېنىڭ : «بىر ئوبدان هۈنەرلىرى بارئىكەن »دېگەن سۆزۈمگە جاۋاب بېرىپ ، - مانا هازىر بازارغا ئاپارساق مۇشۇ جاۋۇردىن گەپ يوق 50 - 60كوي كىرىدۇ . توققۇزمو يېرىم بار ، تۆتمۇسى ئۈزۈم ،ئۈچ موسى ئەنجۈر ،بىر-ئىككىمو ئانىرىم بار .ئون بالام بار ،تۆتى ئوغۇل ، ئالتىسى قىز ،ئىككى قىزىم ئوقۇيدۇ . بۇلتۇر ئاشۇ باغلاردىن 20مىڭ يۈەن كىرىم

www.uyghurkitap.com

قىلدىم . بۇ يىل ئۈزۈمدىنلا 20مىڭ يۈەن تاپىدىغانغا ئىشەنچىم بار . (يېقىندا تېلېفون بەرسەم ئۇ 30مىڭ يۈەنلىك ئۈزۈم سېتىپتۇ . )سۇيدۇڭدىكى روزى مۇھەممەت دېگەن تاغامنىڭ 20مودىن ئوشۇق يېرى بار ئىكەن . ئىشلىمەي نامراتلىشىپ كېتىپتۇ . ئىشلىمىسە نان نەدە ؟ ! . . .

2 .سۇرەت : 13-ئاۋغۇستتا مومايىنىڭ چوڭ كۈيئوغلى ، بۈگەندىكى تۇرسۇنئاخۇن دېگەن دېھقاننىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ پاراڭلىشىپ قالدىم . ئۇنىڭمۇ سەككىز - توققۇزمو ئەتراپىدا تۆت يەردە پارچە-پارچە ئۈزۈملۈك بېغى بار ئىكەن . ئۇمۇ ھەر يىلى باغدىن 20-25مىڭ يۈەنگىچە پۇل تاپىدىكەن . مەن ھەرقايسى باغلىرىنى ئارىلاپ كۆردۈم . باغلىرىنىڭ بوش يەرلىرىگە كۆكتات تېرىپتۇ . ئۈزۈم دېگەن يوپۇرماقتىن كۆپ . ئاددىي بىر دېھقاننىڭ مۇنداق ئىنچىكە ئۈزۈمچىلىك تېخنىكىسىنى قانداق ئىگىلىگەنلىكىگە ھەيران قالدىم . تۇرسۇنئاخۇننىڭ بۇ باغلىرىدىن سىرت دەرۋازىسى ئالدىدا كىچىك تىپتىكى توك تۈگمىنى بار ئىكەن . قوتانلىرىدىكى مال-ۋارانلىرىچۇ تېخى . . .

3 .سۇرەت : ئەتىسى قايتىشىمىزدا مومايىنىڭ كېلىنى شەمشىنۇر خېنىمنىڭ ئازاقتىكى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق . ئۇلارمۇ ئۈزۈملۈك باغلىرىنى زىيارەت قىلدۇردى .يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ئۈزۈملۈك باغدا ئۆي ئىگىسىنىڭ قىزلىرى تەك ئارىسىغا قورلاپ تېرىلغان ئاشكۆكىنى بازارغا تەييارلاۋاتقانىكەن . مېنى ئەسلى مۇشۇ ئاشكۆكى قىزىقتۇرغانىدى . بايا دىقماقىنا كەلگەن ئۆي ئىگىسى ئايال ماڭا ئامبىرىدىكى چەنزىلەرگە ئېسىۋەتكەن تاغار-تاغارلاردىكى قورۇتۇلغان ئاشكۆكلىرىنى كۆرسەتكەنىدى . ئۇنىڭدىن يىلدا ئاشكۆكى سېتىپ قانچە پۇل تاپىدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا ،ئۇ كۈلۈپ :

- ھەر يىلى ئۈچ-تۆت مىڭ كويلۇق ئاشكۆكى ساتىمەن ، - دەپ جاۋاب بەرگەنىدى . مەن بۇ ئايالنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئېيتتىم . بىز ئۇ باغدىن چىقىپ ، ئۇلارنىڭ مال قوتانلىرىنى كۆردۇق . ئاتۇشنىڭ شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىنىڭ قايسىبىرىگە بارساق كۆرۈدىغىنىمىز ئۈزۈملۈك ، ئەنجۈرلۈك ، ئانارلىق . . . باغلار ۋە بوردىلىۋاتقان قويلار بىلەن ئاۋاتلاشقان مال قوتانلىرى بولدى . ئاتۇش دېھقانلىرىنىڭ جاپاغا چىداملىق روھى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ .

مانا بۇ مەن كۆرگەن ئاتۇشنىڭ شەھەر ئەتراپى يېزا-كەنتلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ سۈرەتلىرى . تەبىئىيكى ، ئاتۇشنىڭ مەن كۆرمىگەن چەت يېزا-كەنتلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى ئەلۋەتتە باشقىچە بولۇشى مۇمكىن . بولۇپمۇ كاتتا يايلاققا ئوخشاش شورلۇق دېھقانچىلىق يەرلىرىدىكى :«ئۈچ ئاي تومۇزدىن باشقا چاغدا ئەتراپىدا كۆكەرمىنىڭ كۆز يېشىدەك زەي پىلىلداپ تۇرۇدىغان ، قاندۇرۇپ سۇغۇرۇپ تۇرمىسا ، ئۈستىدە قوماقباش تازنىڭ بېشىدەك ئاق پوستەك ئۆرلەپ كېتىدىغان ئىككى-ئۈچ مو پاتاسلىق يەرگە باغلىنىپ (گويا يەردىن ئايرىلسا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك . - ئاپتورنىڭ قىستۇرمىسى ) يىلبويى قىلغان دېھقانچىلىقىدىن ئاران 300-400-كويچە بىر نېمە ئېشىنىدىغان ،بولمىسا نەسرىددىن ئەپەندى‹ پۇل سالغان تۆشۈك قالىدۇ› دېگەندەك كېلەر يىلى كېۋەز تېرىسا بولىدىغان ئىككى-ئۈچ مو يەر بىلەن پۇل سالغان تۆشۈك يانچۇقى قالىدىغان . . .»①

دېھقانلارمۇ ئاز ئەمەستۇ .

ئۇلار كەمىنە پېقىرنى ئەيىبكە بۇيرىمىغايلىكى ، مەن پەقەت كۆرگەن - ئاڭلىغىنىمنى سىز بىلەن ئورتاقلىشىۋاتىمەن .

ئۆيەرنىڭ شەھەرگە يېقىن يەرلىرىدىكى دېھقانلىرى بايۋەچچە سۆپەت ئىكەن : ئۇلار ئۆزلىرى يەرگە ئىشلىمەي مەدىكار سالىدىكەن . قىممەت قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزلىرى ئىشلىگەندىن مەدىكار سېلىشنى پايدىلىق بىلىدىكەن . يەر ئاز ، ئاتۇشلۇقلار كىچىكىدىن باشلاپ تۇغما سودىگەر ، ھۈنەرۋەن بولغاچقا ،تىجارەت ،ھۈنەرنى ئاساس ، دېھقانچىلىق - باغۋەنچىلىكنى قوشۇمچە قىلىدىكەن . رەھمەت ئاكامنىڭ ئوغلى دىلشاد بىلەن بۇ ھەقتە پىكىرلەشكىنىمىزدە ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ : «دېھقانچىلىق - باغ ۋاقتىدا ئۈستىدە تۇرىمىز ، باشقا ۋاقىتلاردا سودا قىلىمىز ، ھۈنەر قىلىمىز »دەپ جاۋاب بەردى .

مانا بۇ ئاتۇش ، قەدىمدىن داڭقى پۈتكۈل ئالەمگە تارالغان ئۆزى كىچىككىنە يۇرت . ئۇنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مەنزىرىسىنى سىزگە قانداق تەسۋىرلەپ بەرسەم كۆز ئالدىڭىزدا ئايان بولار . مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلايلى : ئىلمىنىڭ تەلكە ئېغىزى - ئۇلارنىڭ «بوغاز »دەپ ئاتىلىدىغان يېرى . بوغاز ئېغىزى ھېچبىر گىياھ ئۈنمەيدىغان ساغۇچ ،قارامتۇل ئىككى كۆيۈك تاغ تىزمىسىدىن ئىبارەت . خۇددى تەلكە ئېغىزىغا ئوخشاش ئاتۇشنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بۇ تاغ ئېغىزى ئۈستىدىن ئالدىڭىزغا نەزەر تاشلىسىڭىز غىلتاڭ تاشلىق سايغا جايلاشقان دەل-دەرەخ ، باغلار بىلەن ئورالغان يېزا-كەنتلەر ، تاشلىقنى بويلاپ كەتكەن تاشيوللار ، يېزا يوللىرى ئايان بولىدۇ . ئاشۇ دەل-دەرەخلەر ئارىسىدا ھەر يۇرتقا سىڭگەن بىر -بىرىدىن ئېگىز مەسچىت -جامەلەرنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبەز-مۇنارلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرىدۇ . بۇ تاشلىق ساي ئاسمىنىدا بولسا چوڭقۇر دىنىي ئېتىقادنىڭ مۇلايىم شولىسى ، قەدىمىي ياغمىلار قەبىلىسى ياشىغان دەۋردىكى ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ تاھازىرغىچە تۈگىمىگەن سۇس تۇمانلىرى ،ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ يالتىراق ئېزىتقۇ ئالۋۇنلىرى بىلەن يىمىرىلمەس ئىجتىھاد ۋە مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك ئۇچقۇنلىرى گىرەلىشىپ ئۈزۈپ يۈرىدۇ . . .

«ئاتۇشنىڭ يېرى تاشلىق ، تاشلىقتا بولۇر ئاشلىق . »بۇ غەزەل بىكارغا چىقمىغانىكەن !تاشلىق سايدا بولسا «ئاتۇشلۇق »دېگەن بىر خىل غۇرۇرلۇق روھ مەيلى ئۇلارنىڭ كاتتا زىيالىيلىرىدا بولسۇن ، مەيلى سودىگەرلىرىدە بولسۇن ،مەيلى ئاۋامدا بولسۇن ئۇلارنى مەست قىلىپ ، «ئۇيغۇرلارنى جاھانغا تونۇتقان بىز ،ئاتۇشلۇقلار ئالاھىدە ئادەملەر . . . » دېگەن ھېسسىياتتىكى بۇ ئادەملەر «بىز ئاتۇشلۇق » دېگەن غۇرۇر بىلەن ئۆز ئېڭىنى كۈچلەندۈرەتتى . لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسا بىر يۇرت يەنە بىر يۇرتنى ياراتمايتتى . سۇنتاغلىقلار شورۇقلۇقلارنى ، شورۇقلۇقلار ئازغانلىقلارنى ، ئازغانلىقلار ئازاقلىقلارنى . . . كوچىلىرى ، دەل-دەرەخلىرى ،ئېرىق-ئۆستەڭلىرى ھەتتا ئۆيلىرى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدىغان بۇ مەھەللە-يۇرتلار

---

① يۇسۇپجان ساۋۇت شورلۇق : «نامراتلىق قانداق بولىدۇ ؟ » ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى 2002-يىل 5-سان .

گەنە شۇنداق بىر-بىرىنى ياراتماي كەمسىتەتتى. قەدىمىي ئۇرۇقچىلىق دەۋرىنىڭ بۇ ساقىندى لاتقىلىرى خۇددى ئىلىدىكى «تارانچىچىلىق» قارا لاتقىسىغا ئوخشاش پۈتكۈل يۇرتنىڭ ئېرىق-ئۆستەڭلىرىدە ئېقىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىناق، باراقسان بېغىغا سىڭىپ كىرىپ بەتبۇي پۇراق تارىتاتتى...

تەنەپپۇسلۇق پاراڭ: بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا مۇندىن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرىكى بىر كومېدىيىلىك ۋەقە سەھىپەم ئۈستىگە سەكرەپ چۈشتى: ئۇ ئەينى يىللىرى جۇڭگو پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئاتۇشلۇق ئالىم بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا بولغان بىر قېتىملىق «جەڭ» ئىدى.

1983-يىلى مەن ئىلىدىكى مەشھۇر باغۋەن، تېگى ئاتۇشلۇق ھاجى مۇھەممەتنىڭ تەجرىبىسىنى ئەلگە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن بىر كىتاب يېزىپ چىققانىدىم. كىتابنىڭ ئاپتورلۇقى مەسىلىسىدە ئىككىمىز ئىككى قۇتۇپتا بوپقالدۇق. مۆھتەرەم ئالىمىمىز ھاجى مۇھەممەتنى ئاپتور قىلىمەن دەيتتى، مەن ھاجى مۇھەممەتنى كىتاب تېمىسى قىلىمەن دېگەندە چىڭ تۇرغانىدىم. 29-ئاۋغۇستتا بىزنىڭ تالاشلىرىمىز پەللىگە چىقتى:

— ×× ئاكا، — دېگەنىدىم مەن شۇ كۈنى مۇلايىملىق بىلەن، — سىز مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم. سىزگە بەلگىلىك، نەشرىياتنىڭ كىتاب چىقىرىش پرىنسىپى بار. (21-ئىيۇلدا نەشرىيات خادىمى ئابدۇكېرىم خەلق نەشرىياتى بىلەن سۆزلىشىپ مېنىڭ پىكرىمنى دەلىللەپ بولغانىدى.) مەن شۇ پرىنسىپ بويىچە نەشر قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

— پرىنسىپ دېگەن نېمە ئۇ؟ — ئۇ قاتتىق ئاچچىقلاندى، — پرىنسىپ دېگەن مەن. ئەگەر مەن دېگەنگە قوشۇلسىڭىز كىتاب چىقىدۇ. بولمىسا چىقىرالمايمىز.

بېشىم قېتىپ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، ئاخىرى ئۇنىڭغا يەنە چىرايلىقچە چۈشەندۈردۈم:

— چاپايېۋ①نى بىلەمسىز؟

— ھەئە.

— چاپايېۋنى كىم يازغان؟

— ...

— شۇنداق ×× ئاكا، چاپايېۋنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئەمما ئۇنى يازغان فورمانوۋ②نى بولسا بىر قىسىم قەلەمكەشلەرلا بىلىدۇ. خەلق ئوبدان تونۇشى ئۈچۈن ھاجى مۇھەممەت كىتاب تېمىسى بولۇشى كېرەك. مىچۇرىن③ دېگەن كىتابنى باشقىلار يازغان، ئەمما خەلق يازغۇچىنى ئەمەس، مىچۇرىننى تونۇيدۇ. سىز ئوبدان ئويلىشىپ بېقىڭ، ساۋاتسىز بىر ئادەمنى كىتاب ئاپتورى قىلىمەن دېسىڭىز خەلق نېمە دەيدۇ، مەن نەدە قالىمەن!؟...

شۇنداق قىلىپ بىز كېلىشەلمىدۇق. ئۇ: «بىزنىڭ ئاتۇشلۇقنىڭ ئىچىدىن مىچۇرىن چىقتى!...» دەپ خۇش بولۇپ، سۆزلەپ، ھاجى مۇھەممەتنى مەخسۇس «بوغدا» مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالاھىدە كۈتتى. بىر يىل قان-تەر ئاققۇزۇپ، نۇرغۇن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ھاجى مۇھەممەتنى «مىچۇرىن» قىلغان پېقىرنى بولسا «يامان بالا ئىكەن ئۇ، ئىلىغا كەتكۈزۈۋېتىڭلار!...» دەپ ياتاق، تاماقمۇ بەرمەي سەرگەردان قىلغانىدى.

مەن شۇ چاغدا بۇ ئالىم ماڭا شۇنچە ناچار مۇئامىلە قىلىۋاتسىمۇ كۆڭلۈمدە ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئەل-ئاغىنىلىرىمگە ياخشى گېپىنى قىلىپ بەرگەنىدىم. مېنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلىگىنىم، ئۇنىڭ تىرىشچان كاتتا ئالىم بولغانلىقى، رەھبەرلىك سەنئىتىگە ماھىرلىقى، ئەڭ مۇھىمى ھازىر بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىزگە تۇتىيا بولۇۋاتقان ھوقۇقنى ھەقىقىي يۈرگۈزەلەيدىغان ئېسىل پەزىلىتىنىڭ بولغانلىقىدا ئىدى. ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن باشقىلار قىلالمىغان كاتتا ئىشلارنى قىلغان، ئاشۇ پەن-تېخنىكا نەشرىياتىنى ئۆزى قۇرۇپ چىققانىدى. مەن ھازىرمۇ ئۇنى شۇ تەرەپلەردىن ھۆرمەتلەپ، غايىۋانە سالام يېرىمەن. بىراق، شىنجاڭدىكى شۇنچە كاتتا زىيالىينىڭ

يۇرتۋازلىق پاتقىقىدىن چىقالمىغانلىقى كۆڭلۈمنى خىرە قىلىپ، مېنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرغانىدى!...

غەربتىكى قاتمۇقات تاقىر تاغلار باغرىدا، ئىسسىق ئالۋۇن ئىچىدە قارامتۇل كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇرت ئۇستۇنئاتۇش. قەشقەرگە ماڭىدىغان يول مانا مۇشۇ ئۇستۇنئاتۇشنىڭ چەت يېزا-كەنتلىرىنى بويلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئالدىڭىزدىكى تاشلىق سايغا بولسا ئالتىن (ئاستىن) ئاتۇش جايلاشقان. ئاتۇش شەھىرى بۇ سايىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. قولىڭىزنى پېشانىڭىزغا سايىۋەن قىلىپ قويۇپ، پۈتۈن كۆز نۇرىڭىزنى يىغىپ قارىسىڭىز، تاشلىق سايغا جايلاشقان ئازاق، تىجەن، سۇنتاغ، ئوڭرىق... بويامەت، قۇمسەغىز قاتارلىق بىر-بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن يېزا-كەنتلەردىن كۆرىسىز. سىز يەنىمۇ يىراق شەرققە نەزەر تاشلىسىڭىز كۆز يەتكۈسىز تۈزلەڭدە «كاتتا يايلاق» دېگەن يېزىنى كۆرەلەيسىز...

ئالدىڭىزدىكى خىلمۇخىل سۈرەتلىك ئاتۇش يېزىلىرى كۆز ئالدىڭىزدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئارقىڭىزغا ئۆرۈلۈپ قارىسىڭىز خۇددى تەلكە ئىچىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان تاغ سۈيىدەك شوخلىنىپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىنى بويلاپ، تاغ ئىچكىرىسىگە سوزۇلۇپ كىرىپ كەتكەن تاشيولنىڭ يۇقىرىسىدا بىر زامانلاردا قاراخانىيلارنىڭ شاھزادىلىرى ئوۋئوۋلاپ شىكارگاھ قىلغان تارىخىي يۇرت ئاغۇ كۆز ئالدىڭىزدا ئايان بولىدۇ. ئاغۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى تاغلار ئارىسىدا قىرغىزلارنىڭ قاراجۇل، تۇگۇرمىتى دېگەن يېزا-قىشلاقلىرى جايلاشقان.

تىرىشچان ئاتۇش خەلقى مانا مۇشۇنداق تاشلىق سايدىن پۇل سۈزىدۇ. بۇ نېمىدېگەن قەيسەر روھ، نېمىدېگەن زور ئىرادە-ھە!... مۇشۇ تاشلىق ساي ئۇلارنى تاشتەك پۇختا قىلغان. ئاتۇشلۇقلار باللىرىنى تاشلىق ئۈستىگە ئاپىرىدە قىلغاچقا باللىرىمۇ تاشتەك قاتتىق چوڭ بولىدۇ. ئۇلار جاپا-مۇشەققەتكە كۆنىدۇ. مەيلى ئۆز يېرىدە بولسۇن، مەيلى چەت ئەللەردە بولسۇن ئۇلار چۈشكەن يېرىدە مۇستەھكەم ئورۇن تۇتالايدۇ. ئىلىدەك مۇنبەت، يۇمشاق زېمىنغا چۈشۈپ قالسا، تام سوقۇدىغانلارنىڭ سوقما تېشىدەك يەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، سۇۋادانىدەك كۆكلەپ باراقسان بولالايدۇ!...

بىر كۈنى سەھەردە ئازغان كەنتى تەرەپتىن بۇ تاشلىق ۋادىنى مەردانە-جۇشقۇن كۈي بىلەن لەرزىگە سېلىپ ئىلى ناخشىسى ئاڭلىنىپ قالدى. ھويلىدا ئىدىم، تۇيۇقسىز توك تەپكەندەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ئاھ، ئىلى ناخشىسى... يۇرتۇمدىن ناھايىتى يىراقتا تۇرۇپ، قان-قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن ئۆز يۇرتۇمنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاش ئادەمدە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر سېزىم پەيدا قىلىدىكەن. ئۆز يۇرتۇمنىڭ چالمىسىمۇ ساڭا ئەتىر پۇرايدۇ-دە، ئەلۋەتتە!...

پۈتۈن ۋۇجۇدۇم مەستانە قۇلاق، مەستلىكتە تەن

① چاپايېۋ — ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر خەلق باتۇرى، گراژدانلار ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى (باش مۇھەررىردىن).

② فورمانوۋ — يازغۇچى، چاپايېۋ قىسمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، «چاپايېۋ» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى (باش مۇھەررىردىن).

③ مىچۇرىن — سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1930-يىللاردىكى دۇنياۋى شۆھرەتلىك باغۋەنچىلىك ئالىمى (باش مۇھەررىردىن).

ئىرىمەكتە :

ئىتىمنى قامچىلاپ ئۆتتۈم ،
بۇلۇكەي غولى بىلەن . . .

ماڭا تونۇش ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرغان بۇلۇكەي غولى . . . ئەنە شۇ غولدىن يۇقىرى ئۆرلىگەندە «قارا باستاۋ» ، «كۆك مويۇن» ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدا ھەيۋەتلىك چوققىلىرى بىلەن ئاسماننى تىرەپ تۇرغان «كۆك چوققا» ،ئۇنىڭ بېقىنىدا «قىر تەكشى» ،بىر ئاپقۇر قىمىزى ئادەمنى مەست قىلىدىغان «چۆليوتا» ، «مىڭ مارال» يايلاقلىرى . . .بۇلۇكەي ،نوغايتۇ ،جاغىستاي ، قاينۇق ،سۇپتاي . . . مەن ياخشى كۆرۈدىغان ، باللىق چاغلىرىمدا ئۇما ئۇرۇپ چوڭ بولغان قەدىردان ئىلى يېزىلىرى . . .ئامانمۇ سىلەر ؟ زۇمرەتتەك يېشىل مۇنبەت باغرىڭلاردا جاپاكەش ، ساددا ،ئاق كۆڭۈل ، مېھماندوست دېھقانلىرىم ھازىر نېمە قىلىۋاتىدىغاندۇ ؟ ! . . . ئۆڭۈپ كەتكەن ياغلىقلىرىنى چېكىلەپ تېڭىۋېلىپ ، ئۇزۇن شارابار ئىشتانلىرىنى كىيىۋېلىپ ، ئەتكەنچايدىن باشقا قۇۋۋەتلىك تائاملارنى يېمەي رەڭگىدىن كېتىۋاتقان بىچارە دېھقان قىزلىرى تونۇردەك لاۋۇلداپ تۇرغان ئېتىزداقوناق ئورۇۋاتقانمىدۇ ؟ ! . . .

ئاتۇش بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىلى دېگەن نەدە ؟ ئىلى دېگەن زېمىننىڭ جەننىتى . ئاتۇشنىڭ بوغاز ئەتراپىدىكى سېرىق ، قىزغۇچ ،قارا قوڭۇر گىياھسىز كۆيۈك تاغلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ، تەلكە تېغى گويا كۆڭۈلگە جەننەت ھۇزۇرى بېغىشلايدىغان قىممەت باھالىق سۈرەت :

ياپيېشىل ئارچا-قارىغاي ،ياۋا ئۆرۈك ، ئالمىلاردىن لىباس كىيگەن تەلكە ئېغىزىدىن ئىلى ۋادىسىغا نەزەر تاشلىساڭ جەنۇب ،شىمال ۋە شەرق تەرەپلىرى ئايىغى چوققىلىق ، ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار بىلەن پۈركەنگەن باغۇ-بوستانلىق ،سالا- سالا مۇنبەت ئېتىز - دالىلار كۆز ئالدىڭدا يېيىلىپ ياتىدۇ .

ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى گويا تەڭداشسىز بىر گۈزەل ساھىبجامالنىڭ چىرايلىق يانپېشىغا ئوخشايدۇ .ئۇنىڭ زۇمرەتتەك نازاكەتلىك پۇتلىرى گويا ئىككى تاغ ئارىسىدىكى توققۇز تارا - موخۇر ئورمان-يايلاقلىرىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ . چاتقاللىق ، تاللىق ۋە يۇلغۇنلۇقلارنى ،ئادەم بويى ئۆسۈپ كەتكەن ئوت-چۆپلۈك ئاراللارنى كۆكسىدە كۆتۈرۈپ ئەزىمەت قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ «سادىر پالۋان»ناخشىسىنى توۋلاپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى . . . ئۇ يىراقتىكى ئاشۇ قارلىق چوققىلارغا قوۋۇرغىدەك تۇتىشىپ كەتكەن مۇنبەت تۇپىلىق بىنەم - ئېدىرلارنى ، بۈككىدە ئورمان-جاڭگاللارنى ،شىرنىسى ئېرىقلاردا ئېقىپ تۇرغان مېۋىلىك باغلار بىلەن كۆمۈلۈپ ياتقان يېزا - قىشلاقلارنى ،كەڭ-كەتكىرى سالا ئېتىز ،ئوت-چۆپى مول ساۋكىلەڭلەر[1]نى ئىككى ئالقىنىدا كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ .

تەلكىدىن چۈشۈپ كەلسەم ،
ئىلى باغلىرى بوستان .
بۇلبۇلغا قولاق سالسام ،
داڭقىڭنى قىلار داستان .

مانابۇ ئىلى - خاسىيەتلىك ماكان ! . . . ئەپسۇسكى ، مانامۇشۇنداق «ئادەم تېرىساتۇنۇدىغان » ، «بىر ئېرىقىدا ئالتۇن ، بىر ئېرىقىدا كۈمۈش ئاقىدىغان» باي - مۇنبەت يۇرتۇمنىڭ بەزى يېزا-قىشلاقلىرىدا تا ھازىرغىچە يەنىلا نامراتلىق غورىبەتچىلىك لەشكەرلىرى ئۆي-ئۆيلەردە ، كوچا-كوچىلاردا كېزىپ ، دېھقانلارنىڭ روھىنى غاجاپ ،بېلىنى مۈكچەيتمەكتە . . . بۇ نېمە ئۈچۈن ، زادى نېمە ئۈچۈن ؟ دېھقان نېمە ئۈچۈن باي بولالمايدۇ ! ؟ . . .

ئەي ئىلى ،سېنىڭدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقتىكى ئاتۇشنىڭ بۇ خىلۋەت ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ ، سېنىڭ ئاشۇ نامرات دېھقانلىرىڭ ھەققىدە ئاچچىق ئەلەم بىلەن ھەسرەتلىك خىياللارنى سۈرىمەن : كىمگە ئاچچىقلىنىشىمنى ، كىمگە غەزەپلىنىشىمنى بىلەلمەيمەن . نېمانچە كاج تەلەي بولۇپ تۇغۇلغاندىمەن . يامەن شۆھرەتلىك خەلق شائىرى مۇھەممەتجان راشىدىن يازغاندەك : «سەۋدايى بوپقاپتىمەن . . . »مۇيا ! ؟سەيلە-ساياھەت قىلىپ ، ئويۇننىمنى ئويناپ يۈرۈۋەرسەم بولماسمىدى ! ؟ . . . بىراق ، نېمىشقىدۇر دېھقان ئاتا ،ساڭا يۈرىكىم كۆيىدۇ ، ئىچىم ئېچىشىدۇ . . .

ئويلاپ باقسام ، ئىلى دېھقانلىرىنى ئافاق خوجىنىڭ كاساپىتىدىن جۇڭغارلار سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خاننى ئاغدۇرۇپ ،1682-يىلى يەركەن ،خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردىن ئىسمائىلخانغا قوشۇپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلغانىكەن . بۇلار ئەينى زاماندا موڭغۇللارنىڭ قولىدا قۇل ئورنىدا ئىشلەپ ،دېھقانچىلىق قىلىپ ، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قورسىقىنى باققان گۇناھسىز ئۇلارغا «ئۇيغۇر »دېگەن تارىخىي غۇرۇرلۇق - ھۆرمەتلىك نامنىڭ ئورنىغا «تارانچى »دېگەن نەس نام چاپلاشقانىكەن .ئۇ زامانلاردا بۇ مۇنبەت زېمىن موڭغۇل ،مانجۇلارنىڭ قانلىق ئايىغى ئاستىدا چەيلىنىپ ، بىچارە «تارانچىلار »قامچا ئاستىدا ئۇلارغا ئاشلىق ئۆستۈرۈپ ،مېۋىلىك باغلارنى بەرپا قىلىپ بەرگەن ، ئۆستەڭ چاپقان ، تاغدەك ئېغىر «ۋاڭخولۇ ئالۋاڭ »لىرىغا ئىشلەپ ، قۇل ئورنىدا ياشاپ ئۆتكەنىكەن : « . . . ئۇلارنىڭ (دېھقانلارنىڭ )بىرەر پارچە كىگىزى بولسىمۇ ،سېلىق يىغقۇچىلار بالا-چاقىسىنىڭ زار يىغلىغىنىغا قارىماي تارتىۋالاتتى . دېھقانلار كەمبەغەللىكتىن قوشنىڭ بىر يېنىغا ئېشەك ، بىر يېنىغا ئۆزىنى قوشۇپ يەر تېرىيتتى . ئۇلار بىرەر ئۇلاغقا يېتىشىپ قالسا جالانغان 20خو ئاشلىق ئالۋىنى 40خوغا كۆپەيتىلەتتى .بۇ سېلىقلارنى تۆلىمەسكە ھېچ ئىلاج يوق ئىدى . بۇ سېلىقلارنى تۆلىيەلمىگەن بىچارە دېھقانلارنىڭ جانلىق-جانسىز ماللىرىنى ئېلىشتىن سىرت بالا-چاقىسىنى سېتىپ ، ئۆزىنى يامۇلغا سولىتىدىغانلار ئاز ئەمەس ئىدى . . . »[2]

ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئۆز ئەركى ئۆز قولىدا ،

---

[1] ساۋكىلەڭ - قورشالغان ئوت-چۆپلۈك ئوتلاق .
[2] ئىمىنجان باھاۋۇدۇن : «ئىلى تارىخى »دىن .

يەر، باغ، ئورمان، يايلاق... لىرى ئۆز قولىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دېھقانلارنى باي بولۇشقا، باياشات - ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە ئۈندەپ ئىلھاملاندۇرۇۋاتقان، ماددىي، مەنىۋى، پەن-تېخنىكا ۋە باشقا جەھەتلەردە ئالاھىدە قوللاپ ياردەم بېرىۋاتقان مۇشۇنداق بىر ياخشى دەۋردە دېھقان نېمىشقا يەنىلا نامرات بولىدۇ؟!...

ئويلاپ باقسام، بەزى يەرلىك سىياسەت، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ چىرىكلىكى، نەپسانىيەتچىلىكى، خىيانەتكارلىقى، يۇقىرىدىن دېھقانلارنى يۆلەش ئۈچۈن بەرگەن پۇللارنى «موككىدە» چۆنتىكىگە سېلىشى... ۋەھاكازالار بار ئىكەن. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. توغرىسىنى ئېيتقاندا بەزى يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، «خەلق ئۈچۈن»، «دېھقانلار ئۈچۈن» ئىشلەش ئېڭىنىڭ يوقاپ، يېزىنى، دېھقانلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلىمايدىغانلىقى دېھقانلارنىڭ باي بولالماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرسى. لېكىن تۈپكى سەۋەبنى ئىزدىسەك، يەنە مەسىلىنىڭ ئېغىر تەرىپىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بولۇپمۇ ئىلى دېھقانلىرىغا نىسبەتەن بۇ پىكرىمىز ئانچە چەتنەپ كەتمەيدۇ.

ھازىر بىزنىڭ ئىلى يېزىلىرىدا باي بولغانلار، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەنلەر، ئوتتۇراھال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلار، نامراتلار، يۆلەپ تۇرمىسا يىقىلىپ چۈشىدىغان نامراتلار... بار. باي بولغانلار قانداق باي بولدى؟ بەزىلەر نېمە ئۈچۈن نامرات؟ بۇ مەسىلىلەر ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ. بۇ ھەقتە بىز ئەمەس، ئەسلىدە شۇ نامرات دېھقان كۆپرەك ئويلىنىشى، پىكىر يۈرگۈزۈشى كېرەك ئىدى. ئاللا ئۇنىڭغا بېشىنى پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن بەرگەنىدى. ئەمما ئۇ قەدىمدىن سۆيەك-سۆيىكىگە سىڭىپ كەتكەن ھورۇنلۇق، پوچىلىق، بىپەرۋالىق، بىكىنمىچىلىك... قاتارلىق روھىي ھالەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي، نامراتلىق، ناھەقچىلىك، روھىي سۇنۇقلۇق... تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە قەتئىي بەل باغلىيالمايۋاتىدۇ. دېھقانلارنىڭ مۇنداق قىسمەت-تەقدىر سۈرەتلىرى كۆپتىن بۇيان مېنى گادىرماش خىياللار قايناملىرىدا پىرقىرىتىپ، روھىمغا زەخمەك ئۇرۇپ، ھەسرەت-ئەلەم ئوچاقلىرىدا ئۇكلىمەكتە....

يا ئىلىدا خوتەنگە ئوخشاش «دېھقان بولماق تەس» مۇ؟ ياق!... ئىلىدا ئەڭ ھورۇن ئادەممۇ دېھقان بولۇپ «سېرىقتال» تۇرمۇش كەچۈرۈۋېرىدۇ. يېقىندا مەلۇم يېزىدا بىر دېھقاننىڭ «جاپا تارتىپ جاننى قىيناپ پۇل تېپىپ نېمە كەپتۇ...» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. كۆردىڭىزمۇ، بۇ دېھقاننىڭ مەنتىقىسىنى! ئىلىدا كۈزدە يەرنىڭ ئۈستى كەلگەندە تراكتور بىلەن ھەيدەپلا، سىيالكىدا ئۇرۇقنى سېلىۋېتىدىغان، ئاندا-مۇندا سۇ نۆۋىتى كەلگەندە ئوينىغاندەك تۇتۇپ قويۇپ، بۇغداي پىشقاندا كومبايىن بىلەن (ياكى ئازراق بولسا ئورغاق بىلەن) ئورۇۋالىدىغان گەپ. يەر مۇنبەت بولغىنى ئۈچۈن يەرلىك ئوغۇتنىمۇ كۆپ ئىشلەتمەيدۇ. يەرلىك ئوغۇتنىڭ پايدىلىنىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن. ئىشلىتىلگەن يەرلىك ئوغۇتلار بولسا ئېتىزدا شامال ۋە كۈن نۇرىدا خوراپ، كۈچى تۈگەپ كېتىدۇ. پۇلى بارلىرى كۆپرەك خىمىيىۋى ئوغۇتقىلا زورلايدۇ. شۇڭا ئاتۇشلۇقلار بىر ماشىنا خىمىيىۋى ئوغۇت ئالسا، غۇلجىلىقلار ئون ماشىنا ئالىدۇ.

ئاتۇشلۇقلار مال يېمەيدىغان ئوت-چۆپ، غازاڭ-غوزۇڭلارنى زايە قىلماي يەرگە كۆمۈپ، چىرىتىپ ئوغۇت ياسايدۇ. ئۇلار ئوت-چۆپلەرنى ئوتىغاندا يىلتىزىنى قالدۇرۇپ، ئۈستىنى مالغا بېرىدۇ ياكى ئوغۇت قىلىدۇ. بۇرۇن ئۇلار ياڭاقنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ، تونۇرغا سېلىشاتتى. ھازىر بولسا بازاردىن نان ئېلىپ، ياڭاقنىڭ كۆتىكىنى قالدۇرۇپ، ياپرىقىنى ئوت-سامان قىلىدىغان، غول، چاۋار-چاتقاللىرىنى كۆمۈپ، ئوغۇت ياسىشىدىغان بولدى.

ئىلى دېھقانلىرىنىڭ گەدىنىدە جەنۇب دېھقانلىرىنىڭكىدەك «ھاشار» دېگەن ئېغىر بويۇنتۇرۇق يوق. «ئېتىز-ئېرىق، دېھقانچىلىقنىڭ قاتىلاڭچىلىقلىرىدىن باش كۆتۈرەلمەيۋاتقان دېھقانلارنى بىكار قالدى دېگەندەك كېچىسى ئۇخلاتماي چىراغ يورۇتۇپ ‹قۇرت تۇتۇش› تەك ساراڭلارچە ئىشقا سېلىشلار، ‹قۇرت جەرىمانىسى›، ‹سۇ جەرىمانىسى›، ‹مەجلىسكە كېچىكىش جەرىمانە...لىرى›»[1] يوق. راست، ئاز-تولا ئېلىق-سېلىقلار بار. ئەمما ئازراقلا تىرىشقان ئادەمگە ئۇمۇ ھېچگەپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر پۇل بولسىلا تېرىيدىغان، سۇغۇرۇدىغان، ئوتايدىغان، ئورۇدىغان، توشۇيدىغانلار... تەييار. مەن كۆرگەن دېھقاننىڭ بىكار ۋاقتى ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ...

بىزنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىمىزمۇ ھەرھالدا ئاڭلىق، ۋىجدانى بار. ئۇلار ئاتۇشنىڭ يېزىلىرىدىكى ئۆز قېرىنداشنى بوسۇنچۇق قىلىدىغان بەزى نائەھلى «يەرلىك زومىگەر»، «نومۇسسىز پورداقچى»، «لەببەيچى» كادىرلاردەك: «ھاشارغا ماڭ! سېلىقنى بەر! جەرىمانە تۆلە! دەپ قوتۇرىغان ئىشغالىيەتچى ئەسكەرلەردەك ئالتاغىل ۋارقىراپ-جارقىراپ، ئىشىك-دېرىزىلەرنى مەست دۈمباق چالغاندەك ئۇرۇپ - چالاقشىتىپ...»[2] دېھقان

ئەگەر ئۇلار ئۇنداق يولسىزلىق قىلىدىغان بولسا، بىزنىڭ ئەڭ ياۋاش دېھقانلىرىمىزمۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كارنىيىدىن ئالىدۇ. قاش ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ پىشقان ئەركەك سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ئىلى دېھقانلىرىنىڭ قەلبىدە كىشىگە ئۇۋايلىقچە ئايان بولمايدىغان، ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ۋۇلقاندەك پارتلاپ چىقىدىغان بىر خىل مەغرۇرلۇق، غۇرۇر ۋە جەڭگىۋار كۈچ يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. گېزى كەلسە

---

① ئابدۇرەھمان ئەزىز: «ئەل قاتارى پاراڭلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 2-سان.

② يۇسۇپجان ساۋۇت شورلۇق: «نامراتلىق قانداق بولىدۇ؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 5-سان.

ئۇلار مۇختار[1] دەك بىر ئېتى ئۇچۇن جەڭ قىلىپ، ئالتىشەھەرگىچە بېرىشتىن يانمايدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى مۇشۇ «سەنمۇ ئادەم، مەنمۇ ئادەم!» دەيدىغان، ئۆزىنى ئابرال تېغىدەك يۈكسەك چاغلاش روھى، غۇرۇرى ئۆز يېزىسىغا كەلگەن ھەرقانداق چوڭ باشلىققىمۇ خۇشامەتچىلىك، «نومۇسسىزلارچە پورداقچىلىق»، «لەببەيچىلىك» تەخسىسىنى كۆتۈرۈشكە يول قويمايدۇ.

مانا مۇشۇنداق قەيسەر، غۇرۇر-جاسارەت روھىغا باي ئىلى دېھقانلىرى زادى نېمىشقا باي بولالمايدۇ؟ . . . ئۇ نېمىشقا ئاشۇ ئېسىل، قىممەتلىك (باشقا يۇرت دېھقانلىرىدا كەم ئۇچرايدىغان) ئەڭگۈشتەر روھىنى نامايان قىلىپ ئۆزىنى كۆكلەتمەيدۇ؟ باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكەندەك ھورۇنلۇق، پوچىلىق، بىپەرۋالىق، بېكىنمىچىلىك . . . قاتارلىق ناچار «ئادەت» كۈچى ئۇنىڭ روھىي دەرىخىگە پالتا ئۇرۇۋەتتىمۇ؟ يا ئۇ بىخەملىك، ھورۇنلۇق پەرىجىسىدە زامانىنىڭ نەگە كېتىپ بارغانلىقى بىلەن كارى بولماي، تېخىچىلا ئۇخلاپ «شېرىن چۈش» كۆرۈۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭ غايىسى، خىيالى نېمىدۇ؟! . . .

بىز ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىشقا، ئۇنى ئەيىبلەشكە ھەقلىق ئەمەسمىز. ئۇ ئەيىبنىڭ بىر قىسمىمۇ بىزگە تېگىشلىك. چۈنكى، «ئادەم بالىسىنى زامان ئۆستۈرىدۇ، كىمكى يامان بولسا، ئۇنىڭ زامانداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئەيىبلىك»[2]. بۇ ئۇنىڭغا «ئۆلگەنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك» بىر ئېغىر ئىش بولىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بىز ئۇنىڭغا ئۇغۇز سۈتى بېرىۋاتقان ئانا دەريانىڭ ئۈچ ھاسىلىدىن - قاش بويىدىن، دىلمۇك تېغى ئېتىكىدىن ۋە دەريانىڭ شىمالىدىكى، ناخشىلىرىمىزدا تولا زىكىر قىلىنىپ مەشھۇر بوپكەتكەن بۇلۇقەي غولىدىن تارتىپ كەلگەن ئۈچ پارچە سۈرەتنى كۆرسىتەيلى. ئۇ، بۇ ئەمەلىي تارتىلغان سۈرەت - ئەينەكلەردىن ئۆز ئەكسىنى كۆرۈۋالغاي:

1. ئەينەك: غۇلجا شەھىرىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى ئابرال تېغىنىڭ شىمالىي ساھىلىدا تارىختىكى مەشھۇر «سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى» (سۇلتان ۋەيسمازار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان، ساي ئىچىگە جايلاشقان غوجمەككىنە باغۇ-بوستانلىق بىر مەھەللە بار. مانا مۇشۇ مەھەللىدىن شەرققە قاراپ يۇقىرى ئۆرلەپ چىققاندا يول ئۈستىدە شالاڭ دەرەخلىك چوڭ بىر يېزا ۋە ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بىنەملىك ئىدىر ياقىسىدا كۆجۈم بىر مەھەللە كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇيەر ئازادلىق كوچىسى ل. مۇتەللىپنىڭ ئاتا-ئانىسى ياشىغان ۋە بىر زامانلاردا چىڭگىزخان لەشكەرلىرىگە ئۆتەڭ، موڭغۇللارغا قىشلاق بولغان، چىڭگىزخاننىڭ باتۇر سەركەردىسى سۇبۇتايغا نامداش - سۇپتاي يېزىسى. يول ئۈستىدىكىسى «چوڭ سۇپتاي» (يېزىلىق ھۆكۈمەت شۇيەردە)، ئىدىر ياقىسىدىكىسى «كىچىك سۇپتاي» دەپ ئاتىلىدۇ.

نامراتلىق چەك-چېكىدىن تۆكۈلۈپ تۇرۇدىغان، ئۆيلىرى ئېگىز-پەس دۆڭلۈكلەرگە جايلاشقان «كىچىك سۇپتاي» قويىنىغا كىرسىڭىز خۇددى زامانىنىڭ قەدىمى بۇ يەرلەرگە يەتمىگەندەك ھەسرەتلىك ھېس-تۇيغۇغا چۆكىسىز. ئۇنىڭ گاھى قورۇلىرىنىڭ دەرۋازىسى يوق. پەقەت چىتەنلەرنى بىر-بىرىگە چېتىپلا «دەرۋازا» ياساپ قويغان بولۇپ، «دەرۋازا» نى ئاچسىڭىزلا خۇددى غەرق مەستنى قويۇۋەتسىڭىز بىر يېنىغا قىيسايغاندەك قىيسىيىپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. قورۇ ئىچىگە كىرسىڭىز لاي-توپىلىق ھويلا، ھېچقانداق نەقىش، گۈزەل ھېس تۇيغۇ قوزغايدىغان سۈرەتلەر يوق. پاكار قورۇق توپا تام، ئەسكى بورا-چەنزە ۋە ئاندا-ساندا قارىغاي، تېرەك ياغاچلىرىنى لىم قىلىپ سېلىنىۋالغان ئۆيلەر. توپىلارنى تىندۇرۇپ ياسىۋالغان پېشايۋان. ئاددىيلا سېلىنىۋالغان چايخانا . . . ئەسكى - تۈسكىلەر بىلەن ياسىۋالغان لاپاسلىرىنىڭ ئۈستىدە قارىداپ كەتكەن ئوت-چۆپلەر . . . راست، خىش بىلەن سېلىنغان چىرايلىق، زامانىۋى ئۆيلەرمۇ يوق ئەمەس. بىراق ئۇ كەڭ دېھقانلارنىڭ ئەمەس، بەلكى يېنى توم - قول ئىلىكىدە بارلارنىڭ.

بۇ يېزىنىڭ بىنەم ئۇنىڭغا ئوخشاش نامراتلىقىمۇ ئىلى رايونىغا داڭلىق. يۇقىرى «غوجىتام» بولۇپ ھەر يىل بۇ يېزىنى «يۆلەپ» تۇرىدۇ. 1995 - يىلىدىن 1997 - يىلىغا قەدەر بۇ يېزىغا ھۆكۈمەت تەرەپتىن بېرىلگەن يۆلەش پۇلى 790 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. كىچىك سۇپتاي كەنتى ئۆزىلا بۇ پۇلدىن 273990 يۈەن ئالغان. يۆلەش پۇلى ئالغان 83 ئائىلىنىڭ (بۇ كەنتتە شۇ يىللىرى 170 ئائىلە بار بولۇپ، 50 پىرسەنت ئائىلە يۆلەش پۇلى ئالغان) ئالدىغا 15 مىڭ يۈەن، ئەڭ ئارقىسىغا مىڭ يۈەن بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ كەنت يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان.

ھۆكۈمەت ئۇلارنى ھەرخىل ئۇسۇل-چارىلەر بىلەن «يۆلەپ» باققان. مەخسۇس پىشقان رەھبىرىي كادىرلارنى ئاجرىتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلغۇزغان؛ بىر قىسىملىرىغا چارۋا-مال قىلىپ بەرگەن، بىر قىسىملىرىغا باغ-ئورمان قىلىپ بەرگەن، ھەتتا بىر قىسىم ئائىلىلەرنى سۈيى كەمچىل بۇ كەنتتىن سۈيى مول نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۆكتەبىر يېزىسىغا ئۆي-جاي سېلىپ، تېرىلغۇ يەر بېرىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپمۇ باققان. بىراق يەنىلا بۇ «رودۇپاي» نامراتلىق خۇددى يار يىلىم بىلەن بەدىنىگە چاپلاشتۇرۇۋەتكەندەك نەگە بارسا شۇ يەردە دېۋانىنىڭ نەچچە مىڭ يەرگە ياماق چۈشكەن كونىراپ، يىرتىلىپ، بىقسىپ كەتكەن ئەسكى چاپىنىدەك دېھقاننىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋەردى.

بۇ يىل يەنە يۇقىرىدىن «يۆلەش پۇلى» كەلگەنىكەن، يېزىلىق ھۆكۈمەت دېھقانلارغا نەقپۇل بەرمەي «غاز، ئېشەك بېقىڭلار!» دەپتۇ. تۇزۇك سۈيى - ئۆستەڭلىرى يوق زېمىندا غاز، ئېشەك بېقىشنىڭ

---

① مۇختار - زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىدىكى دېھقان پېرسوناژ.

② ئاباي قونانباي: «ئەقلىيە سۆزلەر» 53 - بەت، «قازاق ئىلى» ژۇرنىلى نەشرىياتى 1951 - يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

پايدىسى يوقلۇقىنى بىلگەن دېھقانلار دەررۇلا :
«بۇ يىل قارلار ئاز يېغىپ بالدۇر ياز بولدى،
باشلىقىمىز تاز بولغاچ باقىدىغىنىمىز غاز بولدى.»
دەپ قوشاق توقۇۋاپتۇ.

تەنەپپۇسلۇق پاراڭ: بىز دېھقانلار ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقىنىمىز ئۈچۈن بۇ يېزىنىڭ كادىرلىرى ئۈستىدىكى پاراڭلارنى ھازىرچە قويۇپ تۇردۇق. راستىنى ئېيتقاندا بۇ يېزىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقىدا ئاشۇ يېزا كادىرلىرىنىڭمۇ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى بار. ئۇلار چىن دىلىدىن يېزىنى، نامرات دېھقاننى باي قىلاي دەپ ئويلىمايدۇ. ئاڭلىشىمچە، 1990- يىللاردىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بۇ يېزىغا يۇقىرىدىن بېرىلگەن قۇتقۇزۇش-يۆلەش پۇلى تۆت مىليون يۈەنگە يەتكەن. نوپۇسى شۇنچە ئاز بۇ كىچىككىنە يېزا شۇنچە كۆپ يۆلەش پۇلى ئالغان بولسىمۇ يەنىلا نامرات. ئۇ پۇللار نەگە ئىشلىتىلدى، دېھقانغا قانچىلىك تەگدى؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. سۈرۈشتۈرۈدىغان ئادەممۇ يوق. ھەتتا نامرات دېھقانغا قول قويدۇرۇپ، پۇلنى بەرمەي ئۆزى ئىشلىتىۋالىدىغان ئىشلارمۇ ساماندا سەككىز. «ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا». ۋىجدانى قايىنىغان، جېنى باربەندىلەر سۈرۈشتۈرسە ئۇ خىزمەتتىن چەتلىتىلىدۇ ياكى باشقا ئورۇنغا يۆتكىۋېتىلىدۇ. بىز ماقالىمىزنىڭ چەكلىكلىكىدىن بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز. لېكىن ئوقۇرمەن بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە دېھقاننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرىنى بىلەلەيدۇ، دەپ ئويلايمىز.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇپراقشۇناس ئالىمى ۋ.ر.ۋىلىيامس: «يامان يەر يوق، يامان دېھقان بار» دېگەنىدى. ئەگەر ئۇ ئىلىنىڭ بۇ جەننەت تۇپرىقىنى كۆرسە ئىلى دېھقانلىرىنى نېمەدەپ ئويلاپ قالاتتىكىن!...

ئاتۇشتىكى تۇغقىنىمىز دىلشاد ئېغىنىڭ ئارقىسىدىكى غىلتاڭ تاشلىق سايغا تۇتۇشىدىغان بىر پارچە تاشلىقنى ماڭا كۆرسىتىپ: «بۇ يىل كۈزدە مۇشۇ يەرگە توپا تۆكۈپ، باغ قىلايمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن!...» دېگەنىدى. ئەمما «كىچىك سۈپتاي» دىكى بىزنىڭ دېھقان نېمە ئويلىدى؟ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇۋدىغان 50مو مۇنبەت تىڭ يەرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇلارغا: «تام چۆرۈپ ئورمان قىلىڭلار، ھېچقانداق باج-سېلىق ئالماي بىكارغا بېرىمىز!» دېسە، بىرىمۇ دېھقان ئالغىلى ئۇنىمىغان. ئۇلار: «ۋاي-ۋۇي، يىراق...» دېيىشكەن. ئاخىرى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇ يەرنى سىرتتىن كەلگەن بىرسىگە بېرىۋەتكەن. كېيىن بۇ نامرات سۈپتايلىق دېھقانلار: «سۇنىڭ بېشىنى بىر كەلگۈندىگە بېرىۋەتتى...» دەپ ئاغرىنىپ، غەيۋەت-شىكايەت قىلىشىپ يۈرۈشكەن.

بۇيەردە شەھەرلىك بىر بايۋەچچە 60مو يەرگە تام چۆرۈپ كۆچەت تىكىپ، باغ بىنا قىلغانىدى. ئۇ بۇ باغقا تېرىلغان بېدىنى قارىغۇچىغا بېرىش ھەققىگە كۆچەتلەرگە سۇ قۇيۇپ، قاراپ قويۇشقا (سۇ ھەققىنىمۇ بايۋەچچە تۆلەيدۇ) كىشى چاقىرسا ھېچكىم چىقمىدى. ئاخىرى ئىككى ئورۇم بويىچە ئون مىڭ باغ بېدە چىقىدىغان بۇ باغنى دىتى بار بىرسى ئېلىپ شۇ يىلىلا ئۇنىڭ مەنپەئىتىنى كۆردى.

بۇ يېزىدىكى بىر «قۇتقۇزۇش ئائىلىسى» نىڭ ھېكايىسى تېخىمۇ قىزىقارلىق؛ ئۇنى ئاڭلىسىڭىز يا كۈلىشىڭىزنى، يا يىغلىشىڭىزنى بىلەلمەيسىز: ئۇ 40ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، بەردەم - قاۋۇل يىگىت. ئەمما ھورۇن، ئىشلىمەيدۇ. يىلبويى ئوت-چۆپ ئورۇمايدۇ، قوناق شېخى يىغمايدۇ؛ قولىدىكى ئاز-تولا مېلىغا قولۇم-قوشنىلاردىن ئوت-چۆپ، قوناق شېخى سوراپ زېرىكمەيدۇ. ئېغىلىغا كىرسىڭىز يىلبويى ئالماستىن يىغىلىپ كەتكەن كالا قىغى ئۆرلەپ، كالىنىڭ دۈمبىسى ئېغىلنىڭ ياغىچىغا تېگىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈسىز. ئەمما بۇ دېھقاننىڭ ئۇنى ئېتىز بېشىغا ئاچىقىشقا - ئوغۇت قىلىشقا «چولىسى تەگمەيدۇ». چۈنكى ئۇ سىيالكىدا بىنەمگە بۇغدايىنى تېرىپ بولۇپ، دوقمۇشتىكى ماگىزىن ياكى دەرۋازا ئالدىدا پو ئېتىشى، غەيۋەت-شىكايەت قىلىشى كېرەك. ئۇ ئوغلى چايغا چاقىرسا ئورنىدىن قوزغىلىشقا ئېرىنىپ، بىر-ئىككى قول قارت ئوينىۋېتىپ، دۇنيادىن بىغەم ھالدا ھىجىيىپ قويۇپ، سوزۇپ قالغان ئەتكەنچېيىنى ئىچكىلى ئۆيىگە ماڭىدۇ. ئۇنىڭدا نەھاياتقا، نەتۇرمۇشقا، نەدۇنياغا مۇھەببەت يوق. نەگۈزەللىككە، نەئىلىمگە، نەپۇلغا... بۇدۇنيانى تاشلاپ ئۇدۇنياغا ئەقىدە باغلاپ ئۆزىنى بەخشەندە قىلىۋەتتىمىكىن دېسەڭ، ئىمانىنىڭ سۇسلىقىدىن «قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد» سۈرىسىنىمۇ ئوقۇيالمايدۇ.

- بۇ ئادەم ئويقۇغا بەك ئامراق، - دەيدۇ ھېكايە قىلغۇچىم، - ئۇنىڭغا كۈندە ھاۋا تۇتۇلۇپ بەرسە، كەچكىچە ئۇخلىسا... ئۇنىڭ بارى-يوقى ئىككى بالىسى بار، ئۇلارنى شەھەرلىك ئىككى بايۋەچچە ئوقۇتۇۋاتىدۇ. بىر قېتىم يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئەھۋال سوراپ كەلگەندە ئۇ ئەيمەنمەستىن: «نوچى بولساڭ مېنى باي قىلىپ باقمامسەن قېنى؟!» دەپ دېۋەيلىگەن. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا 4500يۈەن نەقپۇل بېرىپ، چارۋا بېقىپ باي بولۇشقا يېتەكلىگەندە ئۇ 13قوي ئېلىپ، ئاز ۋاقىت بېقىپلا ئاخىرىدا ھەممىنى يەپ تۈگەتكەن. تېخى: «ھېچنېمەڭ بولمىسا ياخشىكەن، تىنچ ياشايدىكەنسەن...» نامراتلىقىدىن ماختىنىپ ھىجىيىپ كۈلگەن. ئۇنداقلاردىن قەرز سۈيلەپ كەلگەن كادىرلار قەرزنى ئالماق ئۇياقتا تۇرسۇن تېخى قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىپ قايتىدۇ. ئۇ بولسا كادىرغا ئېسىلىپ: «ئۆلۈۋالىمەن!...» دەپ قورقۇتىدۇ ياكى تاشقىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. قەرزنى سۈيلەپ كەلگەن كادىر بولسا ئۇنىڭ يەيدىغان، ئىچىدىغان ھېچنېمىسى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، كەنتتىن ئۈچ-تۆت خالتا ئۇن، ماي-گۈرۈچ ئالدۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ بولسا دۇنيادىن بىغەم ھالدا ئاخشىمى مەھەللىسىدىكى ئولتۇرۇشتا پو ئېتىپ: «مەن ئۆزۈم بوربوسۇنلۇق، كۆڭلۈم تارتىدۇ قاشنى» دەپ ناخشىسىنى غەمسىز توۋلاپ ئولتۇرىدۇ. نەنامراتلىق، نەبالا، نەئائىلە، نەدۇنيا، كەلگۈسى... دېگەنلەر خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ.

تەنەپپۇسلۇق پاراڭ: مانا بۇ دېھقان ئاسماندىن تىللا ياغسىمۇ باي بولالامدۇ؟ ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇمىسىز، غەزەپلىنەمسىز!؟.. مۇنداق ھورۇن دېھقانلارنى كۆرگىنىمدە نەغەزەپلىنىشنى، نەكۈلۈشنى بىلەلمەي، ئىختىيارسىز «چايان»

تەخەللۇسلۇق بىر شائىرنىڭ زەھەردەك ئاچچىق مىسرالىرىنى ئىچىمدە يادلايمەن :

ئۆيدىن چىقىپ كوچىلاردا سوكۇلداشقان ،
بىر بۇلۇڭغا يىغىلىۋېلىپ كوتۇلداشقان .
پالان ئۇنداق ، پالان مۇنداق ،پىتنىخورلۇق ،
بۇ ئەخلەتنى يىغىپ ئوتنى ياقاي دەيمەن .

ئالبېرت خوببارد ۋە ئابدۇۋەلىلەر توغرا ئېيتىدۇ: «مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىشتىكى ئىقتىدارسىزلىق ، ئەخلاقتىكى ئەخمىقانىلىق ، ئىرادىدىكى ئاجىزلىق ۋە ھورۇنلۇقلار دەل بەربات بولۇشنىڭ توپ مەنبەسى »① . «ئادەمنى ئىككى نەرسە قوللۇققا سۆرەيدۇ :بىرى ھورۇنلۇق ، بىرى نادانلىق »② .

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ،سېنىڭ ھورۇنلۇق ، نامراتلىقنىڭ كىشىلەردە قېرىنداشلىق ھېسداشلىقىنى قوزغىماقتا . پۇلى بارلار پۇل ، يولى بارلار يول ، كىيىمى بارلار كىيىم ، كۆمۈرى بارلار كۆمۈر . . . لىرى بىلەن ساڭا ياردەم قىلماقتا .شائىرلار سېنىڭ جاپاكەش ،نامرات ،شۈكۈر - قانائەتچان ، مىسكىن-بى- چارە قىياپىتىڭگە ئېچىنىپ ۋە تەسىرلىنىپ مەدھىيە - ھېسداشلىق شېئىرلىرىنى يازماقتا . مۇسۇلمانلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئاشلىقنى قەدىرلەيدىغان ئەنئەنىۋى ئېڭىنىڭ تۈرتكىسىدە بەزى كىشىلەر ، ھەتتا خېلى داڭلىق زىيالىيلارمۇ دېھقاننىڭ ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن ئاشلىق تېرىيدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ :«دېھقان دېگەن ئۇلۇغ ، جاپاكەش ،سېرىقتال .ئىنسانىيەت ئۈچۈن شەپەق قىزارماستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئاپتاپلىرىدا كۆسەيدەك كۆيۈپ ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزى قۇرۇق قول قالسىمۇ ۋاي دېمەيدۇ . . .»دەپ ئويلاشماقتا . بەرھەق ، دېھقاننىڭ جاپاكەش ، سېرىقتال ۋە ياز بويى كېچە-كۈندۈز ئېتىز-ئېرىقتا جاپالىق ئىشلەپ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغىنى . . .بىراق ، مۇنداق يۈزەكى قاراش ئارقىلىق ئۇنىڭغا سىز قانچىلىك ئىلھام ،مەدەت - ياردەم بېرەلەيسىز ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيسىز ؟ ! . . .

مەسىلىنىڭ نازۇك يېرى شۇكى ، دېھقانلارنىڭ ھېسسىياتىغا تەگكىلى بولمايدۇ .كىمكى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا چېقىلىپ قويسا ئۇلار باشقىلاردىن ئالالمىغان ئۆچىنى شۇ قەلەمگە مەركەزلەشتۈرۈپ ، قاتتىق غەزەپلىنىدۇ . شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا تەگمەي ،سىلىق-يۇمشاق پاكىتلار بىلەن ئۇلارنى قايىل قىلىش ۋە يېتەكلەشكە توغرا كېلىدۇ . كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ دېھقانلار ھەققىدە جان كۆيدۈرۈپ ۋايساشلىرى - مەدھىيەلەشلىرى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئورتاقلىشىپ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس . لېكىن بىز مۇنداق كېتىۋەرسەك قانداق بولىدۇ ؟چوڭقۇرراق ئويلانساق ، مۇنداق «ئالقىش» - «يامغۇرى يوق قۇرۇق گۈلدۈرمامىلار » ، «گۈلچەمبىرەكلىك شېئىر - مەدھىيىلەر »دېھقاننى سۇلايمان پادىشاھتەك كۆككە كۆتۈرۈپ ، «دېھقان دېگەن ئۇلۇغ زات »روھىدا مەست قىلىپ ،ئۇنى تېخىمۇ بىخۇدلاشتۇرۇپ ، نامراتلىق چۈشكىدە ئۇخلىتىدۇ ،خالاس .

ئۇ خۇددى شەيخ سەئدىينىڭ ئېسىمدە قالغان بىر ھېكايىتىدەك بولىدۇ :

قىردا كېتىۋېتىپ پاتقاقتا سۇنايلىنىپ يېتىپ قالغان ئېشەكنى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ :«ھەي ، يامان بوپتۇ ، يامان بوپتۇ ،بىچارىگە ئۇۋال بوپتۇ ! . . .»دەپتۇ ۋە يەنە ئېشەك ئەتراپىدا ئايلىنىپ كېلىپ توختاپ :«ھەي ،يامان بوپتۇ ، بىچارە ،ياخشى ئىشەك ئىكەن ،ئۇۋال بوپتۇ . . .» دېگۈدەك . بۇ چاغدا شەيخ سەئدىي ئۇنىڭغا : «بۇرادەر ، يامان بوپتۇ ، ئۇۋال بوپتۇدەپ قىرغاقتا تۇرغىچە سەكرەپ چۈشۈپ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدىن تارتىپ تۇرغۇزمامسەن ! . . .»دېگەنىكەن .ھازىر دېھقانلار ئەنە شۇنداق پاتقاقتا چۈشۈپ ئېشەكنى يۆلەيدىغان ، غەمخورلۇق قىلىدىغان ،روھىيىتىنى ئىسلاھاتقا ماسلاشتۇرۇدىغان ئادەمگە موھتاج . مانا بۇ پاكىت بۇنى چۈشەندۈرىدۇ :

غۇلجا شەھىرىگە يېقىن دادامتۇ يېزىسىنىڭ بىر مەھەللە-ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدىكى دېھقانلار ئۆزلىرى ئەھيا قىلغان نەچچە مىڭ توپ ئورمان بار ئىدى . كۆچەتلەر چوڭىيىپ ،رەسمىي بادىرا بوپقالغاندا مەھەللىدىكى بىر قانچە ئۇششاق مەنسەپدار دەرەخلەرنىڭ ھەر دانىسىنى بەش موچەندىن ھېسابلاپ ، ئۆزلىرى توختام تۈزۈپ ،ئۆزلىرى تامغا بېسىپ سېتىۋالغان . بىر-ئىككى يىلدىلا تەييار بولىدىغان بۇ ئورمانلىق شۇنىڭ بىلەن مەنسەپدارلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن . بۇ ئىش دەسلەپتە يوشۇرۇن بولغان بولسىمۇ ،كېيىن «بىگىز قاپتا ياتمىغان» .كۆپكە تەۋە بۇ ئورماننى مەنسەپدارلارنىڭ ئۈن-تىنسىز ئېلىۋېلىشىغا چىدىيالماي غەزەپلەنگەن دېھقانلار (سادىغاڭكەتەي ، ئىلى دېھقانلىرىنىڭ مۇشۇ قەيسەر روھى ئالتۇن جۇمۇ ، ئالتۇن )مەنسەپدارلار بىلەن قاتتىق كۆرەش قىلغان . كەنتكە بارغاندا كەنت يەنىلا ھېلىقى مەنسەپدارلارنىڭ دۇمبىقىنى چالغان ، ئەمما دېھقانلار بوش كەلمىگەن .يېزىلىق ھۆكۈمەتمۇ مەنسەپدارلارنىڭ گېپىنى قىلغان . ئاخىرى غەزەپلەنگەن دېھقانلار غەيرەتكە كېلىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلغان . غۇلجا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەھۋالنى پۇختا ئىگىلەپ ،ھەقىقەتنىڭ دېھقانلار تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، توختاملارنى بىكار قىلىپ ، تۆت يوللۇق بۇ ئورماننى ھەر ئون ئائىلىگە بىر يولدىن بۆلۈپ بەرگەن .نەتىجىدە ئىككى-ئۈچ يىلدىن كېيىنلا دەرەخلەر چوڭىيىپ ،ھەر ئون ئائىلىگە بۆلۈپ بېرىلگەن ئورمان 35 - 40مىڭ يۈەنگە يارىغان . دېمەك ، ئويلاپ كۆرۈڭكى بۇ يېزىدىكى دېھقانلار ئۆز ئەمگىكىنى ئاسراش ،قەدىرلەش ۋە قەتئىي ئىرادە بىلەن قوغداش ئارقىلىق نۇرغۇن نەپكە ئېرىشكەن . بۇنىڭدا دېھقان ئېڭىدىكى ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەش ، بىلىش - ئۆزلۈك روھى ئاساسىي رول

---

① «گارسىياغا خەت يەتكۈزۈش » ، «ئىلى گېزىتى »2003-يىل 31-ئۆكتەبىر سانى .
② ئابدۇۋەلى توختى (دېھقان ) : «تەپەككۇر مېۋىلىرى » ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى 2004-يىل 3-سان .

ئوينىغان .

نۇرغۇن يېزىلاردا مەنسەپدارلار خىيالىغا كەلگەنچە بىر نەرسىلەرنى تېرىش ،بېقىش ، ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ ،دېھقانلارغا مەجبۇرىي تاڭىدۇ . ئەمما يۇقىرىقىدەك روھقا ئىگە دېھقانلار ئۆز يېزىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان مۇنداق «شەكلىي »تېرىقچىلىقنى رەت قىلىپ ئۆز مەبلىغىنى قوغداپ قالىدۇ . ياۋاشراقلىرى بولسا مەنسەپدارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلەپ نەتىجىدە قۇرۇق قول قالىدۇ . دېھقانلاردا مۇشۇنداق ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەشتەك ئۆزلۈك ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ھازىرقى قەلەمكەشلەرنىڭ دېھقانلار ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى . مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى «دېھقان نېمە دەيدۇ ؟ »دېگەن مەخسۇس سەرلەۋھە ئېچىپ ، ئۇنىڭدا دېھقانلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، ئۇلارغا ئىلھام - مەدەت بېرىشى ، «زومىگەر » ، «نەپسانىيەتچى » مەنسەپدارلارغا يالقۇن سۈپەتلىك ماقالىلارنى ئېلان قىلىشى ژۇرنالنىڭ دېھقانلار ئالدىدىكى بۇرچىنى تونۇغانلىقى ۋە ئەستايىدىل ئادا قىلىۋاتقانلىقىدۇر .

دېھقانغا بۇ جاپا-مۇشەققەت ،بۇ نامراتلىق زادى نەدىن كەلدى ؟بۇ ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ .بىز تاشقى ئامىللارنى تەھلىل قىلىشنى قويۇپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك ئىچكى ئامىلىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى : جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان يىلى تۇغۇلغان دېھقان بۇ يىل 55ياشقا كەلدى .بىراق ئۇ نامرات-جاپاكەش دېھقان بوپقالدى . ھەممىدىن ئەلەم قىلىدىغان يېرى شۇكى ، ئۇ ساپاسىز دېھقان بوپقالدى . بۇ 55يىل ئىچىدە جاھاندا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى . بىراق بىزنىڭ بايقۇش دېھقىنىمىز يەنىلا ئۆزگەرمەي بايقۇش بولۇپ قالىۋەردى .

ئەگەر پارتىيە يېڭى كەلگەن ۋە پۈتكۈل كۈچى بىلەن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ، كۇرسلارنى ئېچىش ، مەكتەپلەرگە جەلپ قىلىش . . .قاتارلىق ئاشۇ ئوقۇشلۇق - پۇرسەتنى يارىتقان يىللاردا ئۇ بالا (دېھقان )تۇشقان قوغلاپ ، ۋاللەي ئويناپ . . . ئوقۇشتىن قاچمىغان بولسا ئىدى ، ئېھتىمال تەقدىر-قىسمىتى باشقىچە بولار ئىدى . . . ئۇنىڭ دېھقان ئاتىسىمۇ بالىسىنىڭ بۈگۈنكى تەقدىر-قىسمىتىنى ئويلىمىغاچقا مەيلىگە قويۇۋېتىپ «بالا دېھقان »قىلىۋالدى . بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ دېھقان ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى قىسمەت-تەقدىرىگە خۇددى ئاتىسىغا ئوخشاشلا ئىرەنسىز قارىماقتا . . . ئەگەر ئەينى يىللىرى بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزنىڭ 20 - 30پىرسەنتى ئوقۇۋالغان بولسا ئىدى ، مىللىتىمىزنىڭ ساپاسىدا مۇنداق ئاسمان - زېمىن پەرق بولماي ، بەلكى ئالاھىدە يۈكسەلگەن بولار ئىدى . . .

تالانتلىق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ مۇساجان ئەزىزىگە يازغان خېتىدە① شۆھرەتلىك خەلق شائىرى روزى سايىت ئىككىسىنىڭ قانداق قىلىپ ئۇ يىللاردا «جاپا-مۇشەققەت ،يوقسۇزلۇق ۋە كۈلپەت ، خوتەن دېھقانچىلىقىدىن قۇتۇلۇش »ئۈچۈن تىرىشقانلىقى يېزىلغان .ئەگەر شۇ يىللىرى ئۇلاردا ئاشۇنداق قاتتىق تىرىشچانلىق بولمىسا بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار قايسى ھالدا ياشىغان بولاتتى ؟ ! . . . بۇ دېگەنلىك ھەممە ئادەم دېھقانچىلىقتىن قاچسۇن دېگەنلىك ئەمەس ، بەلكى تىرىشىپ ئۆزىنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك ،نامراتلىق ،غۇربەتچىلىك . . . ھالىتىنى ئۆزگەرتسۇن دېگەنلىك . بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل جۇڭگونى يەرنى سىلكىتكەندەك شۇنچە سىلكىتكەن «ئىسلاھات دولقۇنى »مۇ دېھقانلارنى ئانچە تەۋرىتەلمەيۋاتقانلىقى ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدۇ .

بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ بۇيەردىكى مۇھىم مەسىلە دېھقان روھىيىتىنىڭ ئۆزگەرمەيۋاتقانلىقىدا . ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆز روھىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ ؟ پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئاللىمۇ ئازابقا دۇچار قىلىدۇ . بۇ ئەيىبنى بىز كىمگە قويىمىز ؟ ئۆز ئەيىبىنى بىلمىگەن ،چۈشەنمىگەن ۋە ئۇنى قەتئىي ئىرادە بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىپ تۈزەتمىگەن مىللەت قانداقمۇ بۈگۈنكى دۇنيادا روناق تاپالىسۇن !

دېھقاننىڭ روھىيىتىنى ئۆزگەرتىش - ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى . مىللەتنىڭ زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان دېھقانلارنىڭ روھىيىتى ئۆزگەرمەيدىكەن مىللەتنىڭ پارلاق كەلگۈسى مەنزىلىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس . دېھقان ئۆز روھىي دۇنياسىنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ماددىي ، مەنىۋى ئامىللار تەسىر كۆرسىتىشى ، بولۇپمۇ ئۇ باي بولۇشى كېرەك .چۈنكى ماركس ئېيتقاندەك : «تۇرمۇش ئاڭنى بەلگىلەيدۇ » .شۇڭا مەركەز دېھقانلارغا پايدىلىق تۈرلۈك ھۆججەتلەرنى چۈشۈرۈپ ،ئۇلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا . دېھقانلارمۇ بۇ پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى ،رىقابەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك . ئاتۇش دېھقانلىرىنىڭ تولىمۇ چەكلىك تاشلىق يەرلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ مول ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى ، ئۇلاردىكى تىرىشچانلىق بىلەن بىرلىكتە ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان «سەندىن مەن قالامدىم ؟ ! »دەيدىغان بەسخورلۇق - رىقابەت ئېڭى . ھازىرقى دۇنيادا رىقابەت ئېڭى يوق ئىنسان تېخى تاكامۇللاشمىغان ئىنسان ھېسابلىنىدۇ . دېھقاننىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھەرىكەت ئىقتىدارى ،رىقابەت ئېڭى ۋە كۈچلۈك ھاياتىي قۇۋۋىتى يوقالغانىكەن ، ھېچكىم ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىنى يېنىكلىتەلمەيدۇ . ئۇنىڭ دەرد ئېيتقىنى ، ھال ئېيتقىنى ، ئاھ - ۋاھ . . . قىلغىنى بىكار . ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ باي قىلالمايدۇ .بۇ ، «كىشىنىڭ قولىدا قوش تويماپتۇ »دېگەن ماقالنىڭ شەرھىيسى شۇكى : شۇنداق دانا ماۋزېدۇڭ پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى ، بايلارنىڭ چارۋا-ماللىرىنى ،ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى تارتىۋېلىپ ،كەمبەغەللەرگە : «ئالە قوزام ! »دەپ

---

① مۇساجان ئەزىزى ، نۇرمۇھەممەت توختى : «ئىككى پارچە خەت » ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى 2002-يىل 5-سان .

www.uyghurkitap.com

بولۇپ بەرگەندىمۇ، قايسى كەمبەغەل دېھقان ئەرشتە ئۇچالىغان!...

شۇڭا بىز ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. دېھقاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچ ھەرىكەتكە كەلمىسە ھەرقانداق تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرى بەرىبىر. دېھقان ئاڭسىز - ئانارخىيىلىك ھالدا كونا يولنى بويلاپ باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋېرىدىكەن، ئۇ مەڭگۈ جاپا-مۇشەققەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ھەقىقىي ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدىغان تاشقى ئامىل پەيدا بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇپ، ئورنىدىن دەست تۇرۇپ يۈرۈپ كېتەلەيدۇ. «ئۆزگىچە يول ئېچىش دېگەن نېمە؟ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش دېگەنچۇ؟ دائىم مۇشكۇل ئەھۋالغا يولۇقىنىمىزدا بىزگە كېرەكلىكى پەقەت ئىككى نەرسە: ئۇنىڭ بىرى ئۆلەر ھالەتكە كەپقالغاندىمۇ دەست تۇرالايدىغان جاسارەت، يەنە بىرسى كونا پەدىلەرنى بۇزۇپ تاشلىيالايدىغان ئەقىل-پاراسەتتۇر»[1].

ئىلى دېھقانلىرىغا نىسبەتەن كونا پەدىلەرنى بۇزۇش - گويا ئۆتكىلى بولمايدىغان زور بىر تاغ. ئەسىر-ئەسىرلەپ سۆيەك - سۆيەككە سىڭىپ قانغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ كوناپەدىلەر دېھقاننى شۇنچىلىك قاتتىق چىرمىۋالغانكى ھەتتا ئۇ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد توغما بولۇپ خاراكتېرلەنگەن. ئۇ نادانلىق يىلتىزلىرىغا ئوزۇق بولۇپ، ئۇنى كۈچلەندۈرۈپ، يامان «ئادەت» مېۋىلىرىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ بولسا بىپەرۋالىق، تارانچىچىلىق - چوڭچىلىق ۋە ھورۇنلۇقتىن ئىبارەت. بۇ خىل «ئادەت» خاراكتېر نۆۋەتتە ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىمەكتە. نۇرغۇن دېھقانلار بۇ «ئادەت» ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغاچقا ھېلىمۇ نامراتلىق غارىغا سولىنىپ ياتماقتا. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىدە سۈت - قىمىز، قوزا-پاقلان گۆشى... مول راھەتبەخش يايلاق بولسىمۇ، ئاشۇ «ئادەت» كۈچىدىن ئورنىدىن دەست تۇرۇپ جاسارەت بىلەن تاغقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ.

2. **ئەينەك:** ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى دىلمۇك تېغى باغرىدا ساپ ھاۋالىق، مۇنبەت، باغۇ-بوستانلىق بىر يېزا بار. بۇ قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولغان جاغىستاي يېزىسى. يېقىندا بوۋامنىڭ ھىدى بۇرنۇمغا پۇراپ ئۇ يېزىغا چىقىۋىدىم، رېستۇران، ئاشخانا، ئاۋات بازار، ساياھەتچىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. جاغىستاي شەھەر قىياپىتىگە كىرىپ قاپتۇ. يەكشەنبە كۈنى بۇ يېزىغا 10 - 20 ماشىنا سەي-كۆكتات 60 - 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چاپچال ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ تۇرۇدىكەن.

دىلمۇك تېغىدىكى «ئەۋلىيا چوققىسى» ساياھەت رايونى بولغاچقا كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ساياھەتچىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. شۇڭا بەزىدە رېستورانلار، ئاشخانىلار ئاۋاتلىشىپ، شۇنچە ماشىنا سەي - كۆكتات يېتىشمەي تالاش بوپكېتىدىكەن. مەن ئۆيەردىكى دېھقانلارغا: «يېرىڭلار، سۇيۇڭلار شۇنداق ئەلۋەك بولغاندىكىن، سەي-كۆكتات تېرىپ ساتساڭلار بولمامدۇ؟» دېسەم، ئۇلار بىپەرۋالىق بىلەن: «ئادەتلەنمىگەن ئىش» دېيىشتى. مەن شۇنچە پايدىلىق بازارنىڭ ئۇلارنىڭ روھىنى غىدىقلىيالمىغىنىغا ھەيران قالدىم.

كەچتە، مېنى كەپتۇ دەپ زىغىرخامىنىدىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن تاغام ھوشۇر بەگدىن: «زىغىرىڭ ئوخشىدىمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «نەدىكىنى، ئون مو يەردىن ئاران تۆت تاغار چىقىپتۇ» دېدى. ھېسابلاپ كۆرسەم بىر مو يەرنىڭ قىممىتى 100 يۈەن بوپتۇ. تېخى ئۇنىڭ سۇ ھەققى، يەر، تراكتور- سىيالكا ھەققى، ئورۇق ۋە ئەمگەك ھەقلىرىنى ھېسابلىمىدىم. ئەگەر ئۇلارنى ھېسابلاپ چىقىرىۋەتسەك بۇ يەردىن نېمە چىقتى؟!...

يېقىندا ئاشۇ جاغىستايلىق مۇئەللىم ئاغىنەم بىلەن دېھقانلار ھەققىدە سۆزلىشىپ قالغىنىمىزدا، ئۇ ئېچىنغان ۋە قايىنغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «ھەيي، بەزى دېھقانلارنى قوي، بىز تېخى مۇئەللىم بولغاچقا پۇلنىڭ قەدرىگە يېتىمىز. ئۇلار ئېتىزى ئەتراپىدا تىۋلغا، چىغ دېگەن تولۇپ تۇرسىمۇ، ئورۇپ كېلىپ سۈپۈرگە ياساشقا ھورۇنلۇق قىلىپ، بازاردىن يەتتە-سەككىز سومغا سۈپۈرگە سېتىۋالىدۇ. مەن چېغىمدا ئېتىزغا بېرىپ تىۋلغا، چىغ ئورۇپ كېلىپ سۈپۈرگە ياسايمەن...»

«ھورۇنلۇق دۇنيادىكى بارلىق ھۈنەرنىڭ دۈشمىنى، تەلەيسىزلىك، ۋىجدانسىزلىق، ئۇياتسىزلىق، كەمبەغەللىكنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدىن چىقىدۇ»[2]. شۇڭا، «ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا، كەمبەغەلدە پۇتلاش تولا» بولىدۇ. سېنىڭ ئاشۇ يامان «ئادەت» كۈچىڭ سېنىڭ روھىي دەرىخىڭنى جاراھەتلەندۈردى. سەن بۇ جاراھەتلىك روھىڭنى قاچان، قانداق ساقايتارسەنكىن؟! سېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئاۋۋال سېنىڭ ئاجىز روھىڭنى يۆلەپ تۇرغۇزۇش كېرەك. سەن چوڭقۇر ئويلانساڭ پۈتكۈل كۆللىي تەبىئەت، زېمىن - ئاسمانلار، ھايۋاناتلار، ئۇچارقۇش، گۈل-گىياھلار... ھەممە، مۇشۇ گۈزەل دۇنيا سېنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغاندى. ئاللا ھەقىقەتەن سېنى ھەم چىرايلىق، ھەم ھۆرمەتلىك، ھەم جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتقاندى. شۇنداقلا ئاشۇ جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە «بىر ئاسانلىق» راھەت بار ئىدى. بىراق سەن ھازىر جاپا-مۇشەققەتكە چىدىماس؛ ھورۇن، تەمەخور ۋە ئەتىڭنى ئويلىمايدىغان بوپقالدىڭ... سەن شۇنى بىلىپ قويغىنكى، ھازىر چوڭ خىرىسقا ۋە قاتتىق رىقابەتكە دۇچ كېلىۋاتىسەن، بۇنى ھېس قىلالمايۋاتىسەن ۋە چۈشەنمەيۋاتىسەن... ئەمدى سەن پەدە ئۆزگەرتىپ «خانلەيلۇن» نى ئازراق توۋلاپ، «بالا

---

① «كونا پەدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاش»، «ئىلى كەچلىك گېزىتى» 2004-يىل 27-ماي سانى.

② ئاباي قونانباي: «ئەقلىيە سۆزلەر» 69-بەت، «قازاق ئىلى» ژۇرنىلى نەشرىياتى 1951-يىل نەشرى.

لەيلۇن»نى كۆپرەك تۇۋلىشالىڭ كېرەك. ئەگەر بۇ رىقابەتتە مۇستەھكەم تۇرالمىساڭ روھساڭ ئۆلۈپ، مەڭگۈ جاپا-مۇشەققەتتىن قۇتۇلالمايسەن، ھېچكىم سېنى يۆلەپ قويمايدۇ. «ئۆزۈڭنى ئۆزگەرتىش مۇساپەڭنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئۆز ۋۇجۇدۇڭدىن باشلا. چۈنكى ھەر نەرسە ئۆز ئىچىدىن بۇزۇلغانغا ئوخشاش، تۈزۈلۈشمۇ ئۆز ئىچىدىن تۈزۈلىدۇ»[1].

ئابدۇللا توقاي توغرا ئېيتىدۇ:

ئۆزۈڭ بول ئابرۇيىڭغا ئۆزۈڭ ئىگە،
.ياردەمسىز ئۆزۈڭنى سەن ئۆزۈڭ يۆلە[2].

مەنمۇ ساڭا:

بۇرادەر بۇ تۇرمۇشقا بېلىڭ باغلا،
قەدىرلە ھاياتىڭنى، ۋاقىت چاغلا.
بۇ تۇرمۇش يىقىتىمەن دەيدۇ سېنى،
يىقىلساڭ ئار-نومۇسنى كىممۇ ئاقلار؟

دەپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرايمەن...

**تەنەپپۇسلۇق پارك:** ئىسلاھات باشقا جايلارغا ئوخشاش ئىلى يېزىلىرىغا زور ھاياتىي كۈللىنىش ئەكەلدى. بۇ پۇرسەتنى چۈشەنگەن ۋە غەيرەت-شىجائەتكە كەلگەن بىر قىسىم دېھقانلار نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيانقى «بېكىنمە ئادەت»نى بۇزۇپ، تەۋەككۈلچىلىككە ئات سېلىپ، سودا-تىجارەت ۋە قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن مول بايلىق يارىتىپ، كىشىلەر ئويلىمىغان دەرىجىدە بېيىپ كەتتى. ھازىر بەزى يېزىلاردىكى ئاشۇ يېڭى بايلار سالغان زامانىۋى ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى قەۋەتلىك ئۆگزىلىك ئۆيلەرنى كۆرگەندە ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلىپ، ئىچ-ئىچىڭىزدىن سۆيۈنۈپ كېتىسىز. ئۇلار غۇلجا شەھىرىگە يېقىن بولغان غۇلجا ناھىيە، نىلقا، چاپچال، قورغاس ناھىيىلىرىدىن ھەتتا بىر قىسىملىرى غۇلجا شەھىرىگە يىراق بولغان تېكەس، توققۇز تارا، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرىدىن كېلىپ غۇلجا شەھىرىدە سودا-سېتىق ۋە تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بەزى بىر قىسىم يۈرەكلىك دېھقان ياشلىرى ئوبلاست ئاتلاپ ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر... ھەتتا گۇاڭجۇ، شېنجېن، بېيجىڭ، شاڭخەيلەردىمۇ سودا-سېتىق، ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ، دېھقانلار ئېڭىدىكى، ئۇنىڭ روھى-مەنىۋىيىتىدىكى ئۆزگىرىش. لېكىن شۇنى ئەپسۇسلۇق بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغانلار ئىلى دېھقانلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز، ناھايىتىمۇ ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما يەنىلا زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلار «شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قورق» دېگەن بېكىنمە «ئادەت»نىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ «ئادەت» ئۇلارنىڭ روھىنى بوغۇپ، ھاياتىي ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، باي بولۇشقا بولغان غايە-ئارزۇسىنى يوققا چىقىرىپ، ئۆزىنى ۋە كەلگۈسىنى ئويلىماي بارغا قانائەت قىلىدىغان، «قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ» دەيدىغان روھىي بۆشۈككە بۆلەپ نادانلاشتۇرماقتا. ئۇلار ئۆزىنىڭ قەدىمدىن كېلىۋاتقان ياشاش مەنتىقىسىنى ئوڭايلىقچە ئۆزگەرتىشنى خالىمايدۇ، تېخى بىرخىل، تۇرغۇن، مېخانىكىلىق ياشاش ئۇلارنىڭ سۆيەك-سۆڭىكىگە سىڭىپ كەتكەن. پارتىيە-ھۆكۈمەت يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شەھەرلەردە ئىشلەپ «باي بولۇش»ىغا يېشىل چىراق يېقىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىچكىرىدىكى دېھقانلار بۇ پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ شەھەرلەردە ئۆي ئىجارىسى، تاماق، يول، داۋالىنىش راسخوتى... قاتارلىقلاردىن قورقماي، جاپالىق ئىشلەپ پۇل تېپىۋاتىدۇ. ئەمما بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزچۇ؟ بەزى ئائىلىلەردە ئون ئەمگەك كۈچى بولسا ئىككىسى دېھقانچىلىق قىلسا يېتىشەلەيدۇ. سەككىزى باشقا ئوقەت قىلسا بولىدۇ. ئەمما قىلمايدۇ. ئۇلار ئاشۇ ئازغىنە يەرگە چاپلىشىۋېلىپ، «بېكىنمە ئادىتى»نى ئۆزگەرتمەي يېزىلاردا ۋاقتىنى، ئۆمرىنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بەزى دېھقان قېرىنداشلىرىڭغا تەييار ئۆي، تەييار تاماق ۋە كىيىم-كېچەك (گەرچە كونا بولسىمۇ) تەييارلاپ بېرىپ، «ئازراق پىتلىنىۋال!» دېسىڭىز ئىشلەشكە «كۆزى چىدىمايدۇ».

بىز بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بىر ئەمەلىي پاكىتنى نەقىل كەلتۈرىمىز:

2000-يىلى تاغامنىڭ ئوغلى بىلال بىر يېزىدىكى تۇغقىنىمىزنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىۋېلىپ ئىش-ئوقەتكە سالدى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا قازاقىستانغا چىقىدىغان ماشىنىلارغا يۈك قاچىلاش ئىشىنى تېپىپ بەردى. بۇنىڭ پۇلى ياخشى ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى بۇ ئىشتىن 40 ـ 50يۈەن تاپالايتتى. بىراق، ئاز ۋاقىت ئۆتمەي ئۇ بۇ ئىشقا چىداشلىق بېرەلمەي قالدى. چۈنكى بىلال ئۇنى ھەر كۈنى ناماز ۋاقتىدا ئويغىتىۋېتەتتى... ئۇ بۇ ئىشقا چىدىيالمىغاندىن كېيىن ئۇنى بىر مېھمانخانىنىڭ كۆزەتچىلىكىگە يۆتكەپ قويدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئائىلىسى كىرىپ، ئاز كۈن شەھەردە ئۆي تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىرنەچچە ئايدىن بۇيان يىغقان-توككىنىنى سورۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ تۇغقىنىمىز شەھەر تۇرمۇشىغا چىدالماي، ئاخىرى ئۆزىنىڭ «جەننەت ماكانى»غا چىقىپ كەتتى...

بىلال بۇ تۇغقىنىمىزدىن كېيىن يەنە باشقىسىنى ئەكېلىپ باقتى. بىراق، ئۇلارمۇ ئالدىنقىسىدەكلا «جەننەت ماكانى»نى سېغىنىپ، يەنە يوقسۇزلۇقنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى بويىنىغا سېلىپ، كەنت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ماگزىننىڭ ئالدىدا قۇرۇق لاپ-پاراڭغا چۈشتى... بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: شەھەردە قۇرۇق پاراڭغا ئورۇن، ۋاقىت يوق، سەھەردىن شامغىچە ئىشلەش كېرەك. «بېكىنمىچىلىك»روھىدا بىكار يېتىپ، تىنچ ئۆگىنىپ قالغان بەدەن بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىدى.

مۇنداق «بېكىنمىچىلىك ئادەت»روھىنىڭ يالغۇز شىمالدىكى دېھقانلاردىلا ئەمەس بەلكى جەنۇبتىكى دېھقانلاردىمۇ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى يازمىلاردىن كۆرۈۋالالايمىز: «تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى قىشلاقلاردا ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى كەمدىنكەم ئۇچرايدۇ. شۇنداقتىمۇ بىرەر غەيرىي ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىدىن SANTANA پىكاپىنى ھەيدەپ ئۆتسە، ياكى باش ئۈستىدىن بىرەر ئايروپىلان ئۇچۇپ ئۆتسىمۇ، ئۇلار تەمكىنلىك بىلەن ئېشىكىنى ھەيدەپ كېتىۋېرىدۇ. قارىماققا، ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىدىن ‹ياغاچ ئات›، ‹ئۇچار گىلەم›، ‹تۆمۈر بېلىق› رىۋايەتلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغاچقا، بۇ خىل نەرسىلەرنى يېڭىلىق دەپ ھېسابلىمايۋاتسا كېرەك. گاز چىقىرىپ، توپا توزىتىپ، غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئارقىسىدىن تۈكۈرۈپ، قارغاپ كېتىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ مۇھىت بۇلغايدىغان نەرسىلەرگە نەقەدەر ئۆچ ئىكەنلىكىنى، ماتورلۇق بۇ خىل نەرسىلەردىن ئۆزىنىڭ ئېشىكىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ»[3]. تەكلىماكان دېھقانلىرىنىڭ بۇ خىل ئۆزگەرمەس، يېڭىلىققا، زامانىۋىلىققا ئىنتىلمەيدىغان بېكىنمە روھى ئادەمنى ھەسرەتكە

---

① ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن: «تەپەككۇر مېۋىلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2004-يىل 3-سان19-بەت

② ئابدۇللا توقاي: «شېئىرلار ۋە داستانلار»، «يېڭى ھايات» ژۇرنىلى نەشرىياتى 1955-يىل نەشرى.

③ ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھمان: «شېئىرنىڭ تەكلىماكانى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2002-يىل 5-سان.

www.uyghurkitap.com

سالىدۇ.

مەن بولسام «تارانچى» دېھقىنىمەنى: سەنمۇ قىيامەتكىچە ئاشۇ ئۆزگەرمەس مەستانە قەيسەر روھىڭنىڭ غارىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ بېكىنىۋېلىپ «ئاھ خېنىم دا گەنزىدە» نى ئېيتىپ، غەمسىز ئۇخلاپ، ئويناپ يۈرۈۋەرگىن. تەكلىماكانلىق دېھقىنىم سەنمۇ ئالەمنىڭ ئاستىن-ئۈستۈن بوپكەتكەنلىكى بىلەن كارىڭ بولماي، باشقىلار ئۈستۈڭدە غاقىراپ ئۇچۇۋاتسا: «ئۇ نېمە ئۇچۇن ئاسماندا، مەن نېمە ئۇچۇن يەردە؟!» دەپ پىكىر يۈرگۈزمەي، بېكىنمە روھىڭنى قوغداپ: «ئىلغارلىق پەرەنجىسىنى كىيىپ كەلگەن ھەرقانداق غەيرىي مەدەنىيەت بىلەن پۇت تېپىشىپ» (شېئىرنىڭ تەكلىماكانى»غا قاراڭ)، ئاللا ساڭا بەخشەندە قىلىۋەتكەن ئېشىكىڭنى مىنىپ يۈرۈۋەر، دېيىشىم كېرەكمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا چامىمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىشىم، گېزى كەلگەندە مەدھىيىنى تاشلاپ، ئۇنى قاتتىق سىلكىپ، شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋېتىشىم كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئى ئاق كۆڭۈل دېھقىنىم، ھەممە ساڭا نەزەر تاشلاۋاتقان، مەدھىيىلەۋاتقان، ئويلاۋاتقان يەردە سەنمۇ باشقىلارغا نەزەر كۆزۈڭنى تاشلاپ، ئۇلارنى كۆزىتىپ باققىنا؟ ئۇلار تۇرمۇش بىلەن قانداق ئېلىشىۋاتىدۇ؟ قىسقىسى، شەھەرلەردىكى كوچا سۈپۈرۈۋاتقان ئاياللارغا قاراپ باققىنا. ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ، قايسى ۋاقىتتا بالىلىرىغا ئاش-تاماق ئېتىدىغانلىقىنى، قايسى ۋاقىتتا دەم ئالىدىغانلىقىنى بىلەلمەيسەن. ھەتتا بەزى دېھقان ئاياللىرى غۇلجا شەھىرىگە يېقىن دادامتۇدىن كېلىپ كېچىلىك تازىلىق ئىسمىنىسىدا ئىشلەپ، كۈندۈزى ئېتىز ۋە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋاتىدۇ. ئالىدىغىنى مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدىغان پۇل، لېكىن شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار قەيسەرلىك روھىدا تۇرمۇش بىلەن قاتتىق ئېلىشماقتا. سەھەر سائەت ئۈچ-تۆتلەردە ئىشقا چۈشۈپ، كوچىلارنى چىنىدەك پاكىز قىلىپ، كىشىلەرگە ساغلام روھىي ئازادىلىك، پاكىز مۇھىت بەخش ئەتمەكتە!...

ئەگەر ھەقىقەتنى كۈيلەپ، ھېسداشلىق قىلىپ، مەدھىيىلەشكە توغرا كەلسە ئاشۇ ئاياللارغا ئوخشاش ئىسلاھات داۋامىدا قازان بېشىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ئۆزىنى، روھىنى، تەقدىرىنى ۋە نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئۇدۇم بوپكەتكەن قالاق تامغىلىق كەلگۈسىنى ئۆزگەرتىۋاتقان دېھقان ئاياللىرىنى مەدھىيىلەش كېرەك. ئۇلار ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستا ئۆي-ئوچاقلىرىنى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇپ، مانتا ئوچاقلىرىدا سۇ ئىسسىتىپ، ئۆزى ھەلەپ ئېتىپ، كالىلىرىنى ساغىدۇ. تېخى بەزىدە ئۇنىڭغا موزاي تۇتۇپ بېرىدىغان ئادەممۇ بولمايدۇ. ئۇ مەكتەپكە بارىدىغان بالىلىرىنىڭ غېمىنى يەپ بولۇپ، سۈت-قايماقلىرىنى بازارغا ئېلىپ ماڭغاندا، ئاخشامقى ئولتۇرۇشتىن غەرق مەست قايتقان «ئۇلۇغ دېھقان» ئېرى بولسا ئىسسىق يوتقاندا سېسىق ئۇسۇرۇپ ياتقان بولىدۇ.

بۇ ئاياللار شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىدىن، بەزىلىرى ھەتتا 70 - 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جاغىستاي، قاينۇق... يېزىلىرىدىن كېلىدۇ. ئۇلار قار-يامغۇر دېمەيدۇ، بوران-شۇرغان دېمەيدۇ. قەھرىتان سوغۇقلاردىمۇ يۈز-كۆزلىرىنى مويخۇاي ياغلىقلىرى بىلەن چىڭ ئوراۋېلىپ، بەللىرىنى مەھكەم باغلاپ، كونا-ئەسكى ۋېلىسىپىتلىرىنىڭ ئىككى يېنىغا يوغان سۈت تۇڭلىرىنى تېڭىپ، شەھەرگە قاراڭغۇ-ماراڭغۇدا يېتىپ كېلىشىدۇ ۋە بىنا ئۆيلەردىكى شەھەرلىك چۆپقەتلىرىگە سۈت تارقىتىشىدۇ. سەككىز يىلدىن بېرى مەيلى قار-شۇرغانلىق كۈنلەردە بولسۇن، مەيلى جاندىن ئۆتۈدىغان سىم-سىم يامغۇرلۇق كۈنلەردە بولسۇن دادامتۇ يېزىسىدىن بىزگە سۈت ئەكېلىدىغان ئايالنىڭ: «سۈت!...» دەپ ۋارقىرىغان جاراڭلىق-زىل ئاۋازى مېنى شېرىن ئۇيقۇمدىن ھەيدەپ چىقىراتتى. بەزىدە ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالاتتى: «ئى جاپاكەش دېھقان ئانا!...» لېكىن كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ بۇ قەيسەر روھىغا ئاپىرىن ئېيتاتتىم. مانا بۇ ھاياتلىق، مانا بۇ ياشاش، مانا بۇ تۇرمۇش، مانا بۇ ھاياتقا مۇھەببەت، دۇنياغا، ئائىلىگە، بالا-چاقىغا مۇھەببەت!... ئۇلار ئەنە شۇنداق تۇرمۇش بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتىدۇ. مانا ئۇلارنى ئۇلۇغلىسا، مەدھىيىلىسە ئەرزىيدۇ!... ياشىسۇن ئاشۇ كوچا سۈپۈرۈۋاتقان ئاياللارنىڭ، ئاشۇ دېھقان ئاياللارنىڭ ئېگىلمەس - قەيسەر روھى!...

بەزى ئىلى دېھقانلىرىنىڭ بىپەرۋالىقى، بالا تەربىيىسىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئائىلە مۇھىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئورۇقمۇ ئۆزىنى تارتىپ، بالىلىرى «دوقمۇش بالىسى» بولۇپ ئۆسۈۋاتىدۇ. يېقىندا ئۆيۈمگە كەلگەن شىۋە يازغۇچىسى جاۋجىگو: «بىر خەنزۇ تونۇشۇم كوچىدا كۈندە بىكار ئولتۇرغان بالىلارنى كۆرۈپ: بۇلار نېمىشقا كۈندە بىكار ئولتۇرىدۇ؟ نېمىشقا ئىشلىمەيدۇ؟ دەپ سورىغانىدى، مەن ئۇنىڭغا: بۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى باي، تەييارنى يەيدۇ!... دەپ جاۋاب بەردىم» دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى. بالىلارنىڭ گېپى چىققاندا مەن دائىم ئىلى يېزىلىرىدىكى ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تولۇق يېتىلەلمەيۋاتقان بىچارە دېھقان بالىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى ئېسىمگە ئالغىنىمدا ئىچىم زەرداپقا تولۇپ، پۇچىلىنىپ كېتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يوقسۇز - نامرات دېھقانلار تاپالىسا ھەپتىسىگە ئىككى ياكى ئۈچ قېتىملا گۆشلۈك، بولمىسا ئاساسەن گۆشسىز تاماق يېگەچكە رەڭگىرويىدىن كېتىپ، قارىداپ ئورۇقلاپ كەتكەن. ئۇلاردا توخۇ-تۇخۇم ۋە سۈت-قايماق... دېگەندەك پايدىلىق يېمەك-ئىچمەك بولسىمۇ، تۇرمۇشىنىڭ قاتتىقلىقىدىن (بەزىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلەلمەسلىكىدىن) تۇرمۇشىمىزغا دال بوپقالارمىكىن دەپ بازارغا ئاپىرىپ پۇل قىلىشىدۇ.

دېھقانلارنىڭ رەڭگىنىڭ قارىداپ، ئورۇقلاپ، ياش تۇرۇپلا قېرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئېغىر جاپا-مۇشەققەت قېرىتقان، مۇكچەيتكەن، ئۇنىڭ

رەڭگىنى كەتكۈزگەن دەپلا قاراشقا بولمايدۇ. بەزى يېزىلاردا دېھقانلار ئاشۇنداق قورۇق نان، قورۇق چاي بىلەن ئۆتكەچكە ئۇلاردا ۋىتامىنلىق ئوزۇقلۇق يېتىشمەيدۇ. ئۇلار شەھەر ئاھالىلىرىدەك سەي-كۆكتاتنى كۆپ ئىستېمال قىلمايدۇ، مېۋە-چېۋە يېمەيدۇ. سۈت-قايماق ئىچمەيدۇ... گۆشمۇ يوقنىڭ ئورنىدا. ئۇنداق بولغانىكەن، بەدەندە قايسى ئوزۇقلۇق كەم بولغانىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە شۇ بەدەنگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ رەڭگىرويىغا تېپىدۇ، جىسمانىي ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاشۇ دېھقانلاردىن قانداقمۇ تەپەككۇردىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن. بەزى ئائىلىلەردە سۈت-قايماق، تۇخۇم يېتەرلىك بولسىمۇ، باللىرىنى شۇلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. باللارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولمىغاچقا، ئاغرىق-سىلاقنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ تاشايىندا ئۇلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىمۇ يىلمۇ يىل تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا ئېلى باللىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈش نىسبىتى ھازىر جەنۇبنىڭكىدىن تۆۋەن بولماقتا. بۇ ھەممىمىزنى ئويلاندۇرۇدىغان، ئېچىندۇرۇدىغان مەسىلە ئەمەسمۇ!؟... ئاشۇ باللارنىڭ كەلگۈسى قانداق بولار؟!...

بۇ ئەھۋاللارغا نىسبەتەن مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. يەنىمۇ ئېغىر بىر تەرىپى شۇكى، بەزى دېھقانلار ئۆز رىسقىغا قانائەت قىلماي، بەلكى پەرزەنتلىرىنىڭ رىسقىغا «تاجاۋۇز» قىلىپ، ئۇلارنىڭ بايلىقىنى، كەلگۈسىنى يەۋاتىدۇ:

يەر سېتىش شامىلى شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىنى قاپلىغاندىن كېيىن غۇلجىدا بەزى دېھقانلار پۇلغا قىزىقىپ، بەس-بەستە يېرىنى سېتىپ، پۈتكۈل ئائىلىنىڭ بايلىقىنى يوقاتتى. قولىغا تەگكەن ئاز-تولا پۇلنى توپاندەك سورۇلۇپ تۈگىدى ياكى تۈگەۋاتىدۇ.

ئى «ئالتۇن قوزۇق»نى ساتقان دېھقان! سەن ئۇنىڭدىن ئايرىلساڭ نېمە بولىسەن؟ يولنى تاپالىساڭ قۇش بولىسەن، تاپالمىساڭ بىر پارچە لوق گۆش بولىسەن. ئەگەر سەن گۆھەر تۇغۇدىغان توخۇ تېپىۋالساڭمۇ، قەشقەرلىك، ئاتۇشلۇقلاردەك ئۆز ئەسلىڭنى يوقاتماي، كىچە-كۈندۈز تىرىشىپ «پۇلدىن پۇل تۇغدۇرۇدىغان» مىجەز - روھقا ئىگە بولساڭ ئىدىڭ، بىز بۇيەردە تۈن نىسبىگىچە سېنىڭ ھەققىڭدە خىيال قىلىپ، يۈرەك قىنىمىزنى بۇ قۇرلارغا ئېقىتىپ يۈرمەس ئىدۇق. ئەپسۇسكى، سېنىڭ تارانچىچىلىق - كۆرەڭ يوغانچىلىقىڭ مۇنداق كۆپ پۇلنى كۆرگەندە قانات كېرىپ ئۇچىدۇ. ھېچقانداق ئاقىۋىتىنى ئويلىمايلا موتسىكلىت، ماشىنىلارنى ئالغىڭ، گېنىرالدەك ياسىنىپ، ھەشەمەتلىك رېستورانلاردا «گېنىرالنى ئولتۇرۇش»لارنى قىلغۇڭ، ئەتراپىڭغا ئولاشقان «چۈۋۈن دوست»لىرىڭنى باشلاپ مېھمانخانىلاردا قونۇپ ئاشنا ئوينىغىڭ (ھەتتا بەزىدە تېخى قوشلاپ خوتۇن ئالغىڭ)، ھەشەمەتلىك ئۆي، داچا سالغىڭ، تېخى ئىككى-ئۈچ خىزمەتكار سالغىڭ... كەپكېتىدۇ. ئاياللىڭنىڭ بولسا ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلەرنى تاقىغىسى، مودا كىيىملەرنى كىيىپ قوشنىلار ئالدىدا، «دوست-دۈشمەن ئالدىدا» ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن «ئوت چىقىرىۋەتكۈسى»، يوغان يەپ، يوغان ئىچكىسى، رېستورانلاردا ئوينىغىسى كەپكېتىدۇ. «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇمايدۇ» دېگەندەك، ئۇ پۇل قانچە زامانغا يېتىدۇ؟ ھازىر پۇلدىن ئايرىلىپ گاڭگىسا-جىسا بوپقالغان دېھقانلار ئازمۇ؟!...

شۇڭا مەركەز سېنىڭ غېمىڭنى يەپ قايتا-قايتا ھۆججەت چۈشۈرۈپ، دېھقانچىلىق يەرلىرىنى - سېنىڭ يېرىڭنى قوغداۋاتىدۇ. سەن بولساڭ دۇنيانىڭ نەگە كېتىپ بارغانلىقىدىن، ئەتىكى كۈننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن بىغەم ھالدا يەر ساتقان پۇلۇڭغا «جاھان پەيزى»نى سۈرۈۋاتىسەن. پۇلۇڭ تۈگىسە سەندىن كېيىن قالغان بالا-چاقاڭ نېمە كۈن كۆرىدۇ؟ يەردىن ئايرىلغان بۇ بىچارىلەرگە كىم ئىتەك ئاچىدۇ؟ ئۇلار كىمنىڭ يېرىگە، كىمنىڭ قولىغا تەلمۈرىدۇ؟ سەن بۇ ھەقتە ئويلاپمۇ باقمايسەن. ئاھ، دەرىغا، بىزدەك بالىسىنى كۆرۈپ چالىسىنى كۆرەلمەيدىغان، بۈگۈنىگە خۇش بولۇپ، ئەتىسىگە غەم يېمەيدىغان، ئۆز ئەۋلادىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا توپا چاچىدىغان ئىللەت ئالەمنىڭ قايسى مىللىتىدە باردۇر؟!...

ئۇلار ئويلىمايدۇكى، يەرلەر قولدىن كەتسە ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ سېنى قەدىمدىن باققان، ياشناتقان، كۆكلەتكەن، بۇقىدەك ھۆركىرەتكەن شۇ «ئالتۇن قوزۇق» ئىدى. تەتقىق قىلساق شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، سېنى شۇنداق ھۇرۇن، بىپەرۋا، بىغەم قىلىۋەتكەنمۇ شۇ «ئالتۇن يۆلەنچۈك» ئىدى. چۈنكى بۇ جەننەت زېمىن ھېچقانداق ئۇغۇت، كۆتۈنۈش تەلەپ قىلماي، خۇددى «ئېچىل داستىخان»دەك ئەتىيازدا يېپىلىپ، كۈزدە بەرىكەتلىك ئېتىكىنى ئاچاتتى. ئۇ چاغلاردا خۇددى «ئات ئۈستىدە سەيلە قىلغان»دەك دېھقانچىلىق قىلاتتىڭ. ھازىرچۇ؟

1960-يىللاردا دادامتۇ يېزىسىدا 40مىڭ مو يەر، 60تۈتۈن (ئائىلە) بار ئىدى. دېھقانلار بەش - ئالتە يىلدا بىر قېتىم يەر ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. ھازىر بولسا نوپۇس كۆپىيىپ 500تۈتۈنگە، يەر بولسا ئازلاپ 12مىڭ موغا چۈشۈپ، كىشى بېشىغا ئاران 5 .1مودىن توغرا كېلىدىغان بولدى. سېنىڭ «سەيلە» دېھقانچىلىقىڭ كۆھنىقاپقا كىرىپ كەتتى. مانا ئەمدى: «ئۇن كاۋىنى كارىۋات ئاستىغا تىزىۋېلىپ، قىشلىق ئوزۇقۇم غەملەندى» دەيدىغان ئەخمەق بولماي، بەلكى جان-جەھلىڭ بىلەن يېرىڭنى قوغداپ، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي تىرىشىپ ئىشلەپ، ئادەمدەك ياشاشقا بەل باغلايدىغان چېغىڭ كەلدى.

**3. ئەينەك:** ئەگەر دېھقان ئازراقلا كاللا ئىشلىتىپ، ئۆزى ئۈستىدە چوڭقۇرراق پىكىر يۈرگۈزسە ئىدى، ئۇنىڭ ئېچىلمىغان بوزلۇقىدىكى تەپەككۇر چېچەكلىرى ھايات يامغۇرلىرىدا پورەكلەپ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ مول ئىنئاملارنى بەرگەن بولاتتى. ئىنسان پىكىر يۈرگۈزسىلا يول تاپالايدۇ، پۇل تاپالايدۇ. يوقسۇزلۇق - نامراتلىقنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئامېرىكا «ئاپتوموبىل شاھى» ھېنرى فورد: «ھەرقانداق كىشى بىرەر ئىش ئۈستىدە كۆڭۈل قويۇپ ئويلىنىدىغانلا بولسا، شۇ ئىشتىن چوقۇم نەتىجىگە ئېرىشىدۇ» دېگەنىدى.

مەن يېقىندا بۇلۇكەيلىك ئىمىنجان دېگەن دېھقان بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك، يەرلىك پۇرىقى كېلىپ تۇرغان، كېيىم - كېچەكى پوزۇر، قولىدا يانفون، روھلۇق دېھقان ئىدى. ئۇ مەندىن «ھەسەل ھەرە پادىشاھلىقىنىڭ سىرى» دېگەن كىتابىمنى سوراپ كەلگەنىكەن. ئىككىمىز ئۆيدە خېلى مۇڭدىشىپ قالدۇق. ئۇ ھازىر ھەسەل ھەرىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالغانلىقىنى سورىغىنىمدا ئۇ : «بىز قەدىمدىن تارتىپ بىر خىللا ياشاپ كەپتۇق ، قارىساق ھېچ ئىلگىرى كەلمەي ، بەلكى گادايلىشىپ كەتتۇق . مەھەللىمىزدە ھەسەل ھەرىسى باقىدىغان بىر خەنزۇ بار ئىدى . قارىسام ، ئۇ كەلگىلى ئاز ۋاقىت بولمايلا باي بوپكەتتى . توختىغىنا ،بۇنىڭ بىر سىرى بار جۇمۇ ، دەپ كۆپ ئويلاندىم ، تەكشۈردۇم . مەنمۇ بېقىپ كۆرۈپ باقمامدىم ، دەپ ئويلا-ئويلا ئاخىرى ئوغلۇمنى ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا بەردىم .ئۆزۈممۇ بوش ۋاقىتلاردا ئىشلەشتىم . ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ خەنزۇ ئوغلۇمغا دۇكان ئايرىپ ئون ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بەردى . مەن 40قا يېقىن قوي-توخۇمنى سېتىپ 15ساندۇق ھەسەل ھەرىسى سېتىۋالدىم . بۇ يىل ئاشۇ 25ساندۇق ھەسەل ھەرىسىنى ئېلىپ موڭغۇلكۈرە يايلىقىدا بىر ياز تۇرۇۋېدۇق ،ئۈچ تونىنا ھەسەل ،60-70كىلوگرام ھەسەل جەۋھىرى ئاپتىمەن .ئۇنىڭ تاشايىندا 25ساندۇق ھەسەل ھەرەم كۆپىيىپ 80ساندۇق ھەرىگە يەتتى . ھەسەللىرىمنى سېتىپ بولدۇم . تەخمىنىي ھېسابلاپ كۆرسەم بۇ يىل ئۆزىدىلا 30 - 35مىڭ سوملۇق كىرىم قىپتىمەن . بۇ بولىدىغان ئىشكەن ئەمەسمۇ ! . . . »

مەن ئۇنىڭ قاداق باسقان يىرىك قوللىرىنى ئەمەس ، بەلكى شېرىن ھەسەل تۇتقان يۇمشاق قوللىرىنى چىڭ سىقىپ ،ئۇنىڭغا ئامەت تىلەپ خوشلاشتىم . دېھقاننىڭ قاداقلىق قوللىرىنى باشقىلار ماختاۋەرسۇن ، ئەمما مەن ئاشۇ دېھقاننىڭ قاداقلىق ، قېرى قارىياغاچ قوۋزىقىدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىنىڭ يۇمشىشىنى ،مانا مۇشۇ بۇلۇكەيلىك دېھقان ئىمىنجانغا ئوخشاش ھەسەل شىرنىسىنىڭ چاپلىشىپ تۇرۇشىنى ؛ ئۇنىڭ باللىرىنىڭ قولىمۇ دادىسىنىڭكىدەك قوپال ، قاداقلىق بولماي ، بەلكى يۇمشاق ،كومپيۇتېر توچكىلىرىدا خۇددى ئۇستا روياڭچى روياڭ چالغاندەك ئەركىن ،بىمالال ئوينىشىنى ئارزۇ قىلىمەن . ئۇ كۈنلەر قاچانمۇ كېلەر ! . . .

بىز بۇ سالقىن ،باغۇ-بوستانلىق ئاتۇش ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ سۆرگەن ئىلى دېھقانلىرى ھەققىدىكى گادىرماش ،قاڭشىق خىيال يىپلىرىنى مۇشۇ يەردە ئۈزۈپ ،قالغىنىنى ئاشۇ ساددا ،ئاق كۆڭۈل دېھقانلارغا قالدۇرايلى . ئۇلار يىپقىرنى كەچۈرگەيكى ، كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويغان بولسام . . . چۈنكى :«دوست يىغلىتىپ ئېيتىدۇ ،دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» .

ئەمدى بۇ ھويلىدىن چىقايلى ۋە جىگدە پۇرىقى بىلەن ئۇيغۇر پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرغان ئاتۇش كوچىلىرىنى بويلاپ ، بۈيۈك قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خاقانى - سۇلتان سۇتۇق بوغراخان مازىرىنى تاۋاپ قىلايلى :

باغئېرىق كوچىلىرى خۇددى سۇپتاي يېزىسىدەك قەدىمىي چاغلارنى ئەسلىتەتتى .ئۇنىڭ «باغ - ئېرىق» دەپ ئاتالغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن . شەھەر تەرەپتىن كەلگەن سۇ مۇشۇ ئەگرى-بۈگرى ،ناھايىتى تار ، بوستان كوچىنى بويلاپ ئاقاتتى . ئېرىق بويىدىكى تال ،قارىياغاچ ،دوڭغاق جىگدىلەر بۈككىدە قويۇق بولۇپ ، خۇددى باغدەك مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى . پاكار ،قېرى جىگدە دەرەخلىرى بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ ،خۇددى قۇچاقلىشىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى . ئېرىق بويلىرى كۆپكۆك چىمەن ،

ئۇششاق باللار سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىشىۋاتاتتى . ھېچقانداق زامانىۋى تۈس ئالمىغان ،تاھازىرغىچە ئۆز تەبىئىتىنى يوقاتمىغان بۇ مەنزىرە مېنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇردى . مەن خۇددى باللىق - ياشلىق چاغلىرىمدىكى دەرۋازىمىز ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ،ئەتراپى ياپيېشىل چىمەنلىك ،ئۇششاق تال ،قارىياغاچ نوتىلىرى بىلەن قاپلانغان ئۆستەڭنى كۆرگەندەك بولدۇم . سۆيۈنۈپ كەتتىم . ئاھ ، تەبىئىي ، گۈزەل ئېرىق-ئۆستەڭلەر . . . گەرچە بۇ كوچا يوللىرى تار ، قاتناشقا قولايسىز بولسىمۇ ، ئەمما ئۆز تەبىئىي گۈزەللىكى بىلەن مېنى مەست قىلغانىدى .

ئاتۇش يېزىلىرىنىڭ كوچىلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتەتتى . پەقەت كەنت ئوتتۇرىسىدىن چوڭ يول ئېلىنغان بولۇپ ، قالغان يان كوچىلىرى تار ھەم ئۆز تەبىئىتى بويىچىلا ئىدى . تۇغقانلارنىڭ ئېيتىشىچە ،بەزى كەنت - يېزىلارنىڭ كوچىلىرى بەكمۇ گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك ئىكەن . ئۇلار ماڭا : «ئۆزۈم ماكانى تىجەننىڭ كوچىلىرى شەھەر كوچىلىرىغا ئوخشايدۇ .يوللىرى ئاسفالت ، كېچىلىرى چىراغلار يېنىپ تۇرىدۇ»دېيىشتى .

ئۆستەڭنى بويلاپ ماڭغۇۋەرگەندە ،كونا تۈگمەننىڭ ئالدىدىن توغرا كېسىپ سايغا كىرىپ كەتكەن چوڭ يولغا ،بۇ يولدىن شەرققە قاراپ مېڭىپ ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان تارىختىكى مەشھۇر يۇرت مەشئەدكە چىققىلى بولاتتى . مەشئەدنىڭ مەشھۇر بوپقېلىشى ، بۈيەردە قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ مەشھۇر خاقانى ، دۆلەت باشقۇرۇشقا ئۇستا سەركەردە - ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بوغراخاننىڭ مازىرى جايلاشقانلىقىدا ئىدى .ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىغا جۈمە نامىزىنى ئۆتەش ئۈچۈن بارغىنىمدا كۆز ئالدىمدا قەدىمىي قەبرىستانلىق ئايان بولدى . چۆرىسى تام بىلەن قورشالغان بۇ قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىدە ھەيۋەتلىك زامانىۋى بىر گۈمبەز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى .مانا بۇ مىلادى 955-956-يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن ، مۇشۇ زېمىندا ياشاپ ، مۇشۇ زېمىنغا دەپنە قىلىنغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر خاقانى - ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسى (گۈمبىزى )ئىدى . قەبرىستانلىقنىڭ تۆمۈر ئىشىكى ئالدىدىكى قارا گرانت تاشقا بۇ ئۇلۇغ خاقاننىڭ تەزكىرىسى يېزىلغان . مازارنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ چاسا شەكىللىك ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ، ئۈستى يېپىلغان مەقبەرىسى ، ئۇندىن باشقا بىر قانچە ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسى بار ئىدى . مازارنىڭ ئالدى تەرىپىدە يېڭىدىن سېلىنغان مەسچىت ،مەدرىسە ،ياتاق ۋە مۇنارلار بار ئىكەن . ئاڭلىشىمچە ، ئاتۇشلۇق سەمەت ھاجى باشلىق ئۈچ نەپەر مەرد ،سېخىي تىجارەتچى-سودىگەر ئەل ئوغلانلىرى بۇ مازاردىكى مەسچىت ،مەدرىسە ،مۇنچا ، ياتاق ۋە مۇنارلىق دەرۋازىلارنى يېڭىلاپ ، زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ ياساۋېتىپتۇ . مەسچىت ئالدىدىكى ھەيۋەتلىك گۈللۈك خىش تىزمىلىق - رەڭدار نەقىشلەر بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئاسمانپەلەك مۇنارلار كىشىگە ئاجايىپ يېڭى سېزىم پەيدا قىلىپ ،ئاتۇش خەلقىنىڭ كامالەتكە يەتكەن قول ھۈنەر سەنئىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى . بۈگۈن جۈمە كۈنى بولغاچقا مەسچىت ئالدى ،مۇنار يېنى ۋە ئۈچ كوچا ئېغىزىدا ئادەم ، ئىشەك ھارۋا ، موتسىكلىتلار ۋە ھەرخىل تىپتىكى

پىكاپلار تولۇپ كەتكەنىدى. بۇيەردىكى كىشىلەر ھەر كۈنى بەشۋاق نامىزىنى ئۆز مەھەللىسىدىكى مەسچىتلەردە ئۆتەيدىكەن، ئەمما جۈمە كۈنى نە-نەلەردىن بۇ ئۇلۇغ قەبرىگاھقا كېلىپ، بۇ يەردىكى مەسچىتتە جۈمە نامىزىنى ئۆتەيدىكەن. ئۇلار جۈمە نامىزىدا ئۇلۇغ ياراتقۇچىغا سېغىنىپ، مۇشۇ «يېتىمچىنى قوللايدۇ...»غان مازاردىكى ئۇلۇغ ئاتا-بوۋىلىرىغا تېۋىنىپ، ياد ئېتىپ، روھىغا دۇئا قىلىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشىدىكەن... بىز سىرتتىن ناھايىتى كۆركەم كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئەمما ئىچى تولۇق ياسىلىپ پۈتمىگەن مەسچىتكە كىرگىنىمىزدە ئۇنىڭ ئىچىگە پالاس ۋە بورىلارلا سېلىنىپ قويۇلغانىكەن. بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئەما قارىم (ئېھتىمال چوڭ موللا بولسا كېرەك) جۈمە نامىزىغا ھازىر بولۇپ تۇرغان ئەھلى جامائەتكە ئەمرىمەرۇپ قىلىۋاتاتتى.

مەن جۈمە نامىزىدىن يېنىپ بۇ تەۋەررۈك قەبرىگاھنىڭ ئەتراپىدا خېلى ۋاقىت ئايلىنىپ يۈردۈم ۋە بۇ تەۋەررۈك قەبرىگاھتا ياتقان ئۇلۇغ بوۋىمىز ھەزرىتى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھىنى سېغىنىپ دۇئا قىلدىم. قولۇمنى دۇئاغا كۆتۈرگىنىمدە بۇ ئۇلۇغ خاقاننىڭ ئەينى يىللىرى تارىخ كۆكىدە يۇلتۇزدەك چاقناپ قالغان ئاجايىپ قەھرىمانلىق - جەڭگىۋار يۈرۈشلىرى خىيالىمدىن ئۆتتى:

بۇنىڭدىن 1084يىل مۇقەددەم (920-يىلى) ئاتۇشنىڭ ئاغۇ تاغلىرىدا ئوۋئوۋلاپ يۈرگەن 23ياشلىق شاھزادە سۇتۇق تېكىن سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى، ئۇلۇغ ئۆلىما ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ دەۋەت قىلىشى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاشۇ ئاغۇ يېزىسىدا ئانا دىيارىمىزدا تۇنجى ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغان «پەچچىم»دە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئۇ ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئوردا ئۆزگىرىشى قوزغاپ، تاغىسى ئوغۇلچاقنى يېڭىپ، بۈيۈك قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ 3-ئەۋلاد مەشھۇر خاقانى بولغان ۋە ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارشى قانلىق كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. ئۇنىڭ بۇ يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، بالاساغۇن... قاتارلىق جايلاردىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ۋە يەتتە سۇدىكى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قارلۇقلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى يېلتىز تارتقانىدى.

ئۇقۇشۇمچە، بۇ مازارنىڭ دائىرىسى 15مودىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇنىڭدا مەسچىت، مەدرىسەلەردىن تاشقىرى ھويلا-ئارام، كۆل ۋە مېۋىلىك باغلار بار ئىكەن.

ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بۇ يېڭى مەقبەرىسى پۈتۈنلەي زامانىۋى خىش-چاقچۇقلار بىلەن سېلىنغان بولۇپ، ئۇ ئەينى يىللىرى چوڭ ئوغلى مۇسا بىننى ئابدۇلكەرىم (956 - 958) ① تەرىپىدىن توپا، ياغاچتىن ياسالغان مەقبەرىدەك كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغاندەك سېزىلدى. چۈنكى ئۆتمۈشنى ئىزدىگەنلەر شۇ ئۆتمۈشنىڭ تەبىئىي يادىكارلىقلىرىنى كۆرۈشنى ئىستەيتتى...

ئاتۇشلۇقلار بۆگەن، ئازغان، ئازاق، ئىشتاچى، ۋاقۋاق، شورۇق، مەشئەد، سۇنتاغ، قومباغ، توقاي... دېسە، مەن بۇ يەرلەرنى كۆرمىگەن چېغىمدا ئۇلار ئېلى يېزىلىرىدەك بىر-بىرىدىن خېلى يىراقتا جايلاشقان يۇرتلار چېغى دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدىم.

قىزىق يېرى شۇكى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر-بىرىگە ئۆيلىرى، دەرەخلىرى، يوللىرى ھەتتا كوچىلىرى ئۇتىشىپ كەتكەنىكەن. بەزى يەرلەردە بىر ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئىشتاچىغا قارىسا، ئارقا تېمى ئازاققا قارايدىكەن...

بىز تۇرغان باغئېرىقتىكى ئۆينىڭ ئارقىسىغا چىقسىڭىز ئاغۇ تەرەپتىكى «بوغاز»دىن بىر خىل يېقىملىق سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئازغان كەنتىنى بويلاپ شەرققە كىتەتتى. كىشىلەر: «ئازغاننىڭ ئەنجۈرى بەك تاتلىق، ھېچ يۇرتنىڭ ئازغاننىڭكىگە يەتمەيدۇ. ئۇنى ئوخشاتقان بوغازنىڭ شاملى» دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ «ئەنجۈر ماكانى» ئاتالغان ئازغاننىڭ ئەنجۈرى بالدۇر يېتىلىشى، شېرىنلىكى ۋە يوغانلىقى بىلەن باشقا يەرلەرنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، ئاتۇشنىڭ مېۋىسىنى ئوخشىتىۋاتقان ھېكمەت بۇيەرنىڭ كۈندۈزدىكى قۇرغاق، ئۆتكۈر ئىسسىقى ۋە كەچتىكى سالقىن - سۈرۈن ھاۋا پەرقى، قىزىغان تاشتىن چىقىۋاتقان ئىسسىقلىق... بوغازنىڭ شاملى... قاتارلىق ئامىللاردىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى مېۋىلەر كۈندۈزى ئۇزۇقلۇق ياساپ، كېچىسى نەپەسلىنىپ ئۇزۇقلۇقنى خورىتىدۇ. ئاتۇشنىڭ ھاۋاسى كەچتە سالقىن بولغاچقا، مېۋىلەرنىڭ ئۇزۇقلۇقنى خورىتىشى تۆۋەن بولۇپ، مېۋىلەرگە ئالاھىدە تەم كىرگۈزىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئاغۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ساپ تاغ سۇلىرىمۇ ئاتۇش يېزىلىرىنى ياشنىتىپ تۇراتتى.

ئاغۇ يېزىسى تاغ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ ئاتۇشنىڭ مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرىنىڭ بىرى ئىكەن. بىز 11-ئاۋغۇست كۈنى ئۇ يەردىكى «لەڭگەر بۇلاق ساياھەت رايونى»دا بولدۇق. ئاغۇدا بۇ ساياھەت رايونىدىن باشقا «جايى پەچچىم»، «ئاغۇ سۇ ئامبىرى»، «توغراق ئامبار» قاتارلىق ساياھەت رايونلىرىمۇ بار ئىكەن.

«لەڭگەر بۇلاق ساياھەت رايونى» ئاتۇش شەھىرى بىلەن ئاغۇ يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى يېزا تاشيولىنىڭ ئوڭ-سول تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاتۇش شەھىرىگە يېقىنلا ئىكەن. تاغ سۈيى ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان، ئەتراپى ياپيېشىل تاللار بىلەن پۈركەنگەن ئۆستەڭنى ياقىلاپ سېرىق-ئاقۇش توپىلىق گىياسىز ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى تاشيولنى بويلاپ ئازلا ماڭغاندىن كېيىن، ياپيېشىل چىملىققا پۈركىنىپ تۇرغان بوستانلىققا كۆزىڭىز چۈشىدىكەن. بۇ چىمەنلەر ئارىسىدا ئۇن - يىگىرمە يەردە بۇلاقلار بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرىدىكەن. بۇيەردە كىچىك ماگىزىن، ئاشخانىلار بولۇپ، ساياھەت ئورنىغا كىرگەنلەردىن ھەق ئېلىنمايدىكەن. ياز كۈنلىرى ئاتۇشنىڭ قىز-چوكانلىرى، يىگىت-ئوغلانلىرى موتسىكلىتلىرىنى مىنىشىپ، ياكى تاكسىلاردا ئولتۇرۇپ بۇيەرگە چىقىپ دەم ئېلىشىدىكەن. بۇ يەر خۇددى ئەينى يىللاردىكى بىزنىڭ غۇلجىدىكى (ھازىرقى ياشلار بىلمەيدۇ، چوڭلار بىلىدىغان) «پادىشاھلىق باغ»نى ئەسلىتەتتى...

2004-يىل 9-ئىيۇن، شەھىرى غۇلجا

① ئابدۇلكەرىم - ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى.

ئاپتور: ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پېنسىيونېرى (M1)

www.uyghurkitap.com



# مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى

جامىس پېتراس

ئامېرىكا مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ،سىياسىي نىشاندىن ئىبارەت ئىككى خىل نىشانى بار .ئىقتىسادىي جەھەتتە مەدەنىيەت تاۋارلىرى بىلەن بازارنى قولغا كەلتۈرىدۇ .سىياسىي جەھەتتە ،ئاۋامنىڭ ئېڭىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي مونوپولىيىسىگە ئۇل سالىدۇ . كۆڭۈل ئېچىش تاۋارلىرى ئېكسپورتى مەبلەغ توپلاشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى ، شۇنداقلا زاۋۇت تاۋارلىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ دۇنياۋى مىقياستا پايدا ئالىدىغان مۇھىم ۋاستە .سىياسىي جەھەتتە بولسا ، مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ مۇھىم رولى شۇكى ،ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت يىلتىزى ۋە گەۋدىسىدىن ئايرىپ تاشلاپ ،ئۇنىڭ ئورنىغا خەۋەر ،تارقىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان ئۆزلۈكسىز تەشۋىقات ،داۋراڭ ھۆججەتلىرى بىلەن سۈنئىي رەۋىشتە پەيدا قىلىنغان «زۆرۈرىيەت»نى دەسسىتىدۇ . مانا بۇنىڭ سىياسىي ئۈنۈمى دەل كىشىلەرنى ئۆزلىرى ئەسلىدە تەۋە بولغان ئەنئەنىۋى بىرلىك ۋە كوللېكتىپتىن ئايرىپ تاشلاپ ،ئۇلار ئارىسىدا ئىتتىپاقلىشالمايدىغان بۆلۈنۈش ھاسىل قىلىدۇ .

## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى ئىشچىلار سىنىپىنى پارچىلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ؛ مۇقىم ئىشچىلار بىلەن ۋاقىتلىق ئىشچىلارنى ، ۋاقىتلىق ئىشچىلار بىلەن ئىشسىزلارنى ، شۇنداقلا ئىشسىزلارنىمۇ ئۆزئارا بۆلۈنۈشكە ئاستىرتتىن رىغبەتلەندۈرىدۇ . مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى يەنە ئىشچىلارنى ئۆزلىرىنى مۇنداق بىر قاتلامغا تەۋە دەپ قاراشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ :يەنى بۇ قاتلام تۇرمۇش ئۇسۇلى ، ئىرق-مىللەت ،جىنس دېگەندەك ئەرزىمەس پەرقلەر بىلەن ئۆزلىرىنى سالاھىيىتى ئۆزلىرىدىن تېخىمۇ تۆۋەن كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ يۈرىدىيۇ ،ۋەھالەنكى ئۆز شىللىسىگە مىنىۋالغانلار بىلەن ئايرىپ تۇرغان غايەت زور تەڭسىزلىكنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ قويمايدۇ .

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ياشلارغا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېكسپىلاتاتسىيە ئېلىپ بېرىش . جاھانگىرلىكنىڭ كۆڭۈل ئېچىش مەھسۇلاتلىرى ۋە ئېلانلىرى ئامېرىكىنىڭ سودا تەشۋىقات داۋراڭلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايلا مەست بولىدىغان ياشلارنى نىشان قىلىدۇ . «زامانىۋىلىق»نى ئامېرىكىنىڭ مېدىيە① مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىش بىلەن باغلىۋېلىش بۇنىڭ

① مېدىيە - ئىنگلىزچە Media دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، ئۇ ئادەتتە جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇر-ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر . گېزىت- ژۇرنال ، تېلېۋىزىيە ،رادىئو ،كىنو ، ئىنتېرنېت قاتارلىقلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ مېدىيە دەپ ئاتىلىدۇ .

ئاددىي ھەم ئاشكارا بەلگىسىدۇر .

ياشلار ئامېرىكا مەدەنىيەت ئېكسپورتىنىڭ ئاساسلىق بازىرىدۇر . ئۇلار ئىستېمالچىلىق ۋە شەخسىيەتچىلىك تەرغىباتلىرىنى ئوڭايلا قوبۇل قىلىدۇ . ئاممىۋى مېدىيىلەر سولچىلارنىڭ تىلى ئارقىلىق شۇنداقلا ياشلارنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى ئۇستىلىق بىلەن ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىستېمالغا يېتەكلەپ شۇنىڭغا بەنت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىسيانكارانە خاھىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىدۇ .

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ دىققىتىنى ياشلارغا مەركەزلەشتۈرۈشى ، ئۇلارنىڭ بىر بازار بولغانلىقىدىنلا ئەمەس ، بەلكى بۇ جاھانگىرلىكنىڭ سىياسىي غەرىزى تۈپەيلىدىنمۇ بولىدۇ . يەنى ئۇلار شەخسنىڭ قارشىلىقىنىڭ جاھانگىرلىكنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت كونتروللۇقىغا قارشى تۇرۇدىغان سىياسىي ئىنقىلابقا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئىبارەت سىياسىي تەھدىتنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ .

ئۆتكەنكى ئون يىل مابەينىدە ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلىرى مۇنداق بىر تەتۈرلۈككە دۇچ كەلدى : ئۈچىنچى دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈنسايىن ناچارلىشىۋاتىدۇ ، ئىجتىمائىي ۋە خۇسۇسىي ئەندىشىلەر ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتىدۇ ، ئاممىۋى مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرى كۈنسايىن ئازىيىۋاتىدۇ (يەنە بىر جەھەتتە ، ئازساندىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر پەۋقۇلئاددە بېيىپ كېتىۋاتىدۇ ) . ۋەھالەنكى ، مانا بۇ خىل ئەھۋالغا بولغان ئىنكاس پەقەت ئازساندىكى پارچە-پۇرات ئېتىرازلار بىلەن گەرچە بىر مەزگىل داۋاملاشسىمۇ كۆلەملەشمەيدىغان ۋەياكى كۆلەملىك بولسىمۇ ۋاقىتلىق بولغان ھەرىكەتلەر بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ . قىسقىسى ، ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان تەڭسىزلىك ، ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي رېئاللىق بىلەن ئاجىز ئىنقىلابىيلىق ۋە رادىكال سۇبيېكتىپ ئىنكاس ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن زور ئارىلىق مەۋجۇد . ئۈچىنچى دۇنيانىڭ كۈنسايىن پىشىپ يېتىلىۋاتقان «ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتى» تېخى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي سۇبيېكتىپ كۈچىنى ئۆزگەرتەلىگۈدەك ھالغا كەلگىنى يوق . روشەنكى ، ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي چېكىنىش بىلەن ئىجتىمائىي ، سىياسىي ئۆزگىرىش ئارىسىدا «ئىستىخىيىلىك» رەۋىشتە مەيدانغا كېلىپ قالىدىغان مۇناسىۋەت مەۋجۇد ئەمەس . مەدەنىيەت جەھەتتە ئارىلىشىش (كەڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىدېئولوگىيە ، تەپەككۇر ، ئاڭ ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئوبيېكتىپ شارائىتنى مەقسەتلىك سىياسىي ئارىلىشىشقا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىسى . مەسخىرىلىك يېرى شۇكى ، قارىغاندا جاھانگىرلارنىڭ سىياسەتچىلىرى مەدەنىيەتنىڭ سىياسىي پائالىيەتتىكى مۇھىملىقىنى ئۆز رەقىبلىرىدىنمۇ ئوبدانراق چۈشىنىدىغاندەك قىلىدۇ .

## مەدەنىيەت كونتروللۇقى ۋە يەرشارى خاراكتېرلىك ئېكسپلاتاتسىيە

جاھانگىرلىكنى پەقەتلا ئېكسپلاتاتسىيە ۋە تىزگىنلەش ئېلىپ بارىدىغان ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي سىستېمادەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ . مەدەنىيەت كونتروللۇقى ـ داۋاملىشالايدىغان ھەرقانداق يەرشارى خاراكتېرلىك ئېكسپلاتاتسىيە سىستېمىسىنىڭ ئايرىلماس بىر تەرىپى .

ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە نىسبەتەن جاھانگىرلىككە مۇنداق تەبىر بېرىشكە بولىدۇ : جاھانگىرلىك دېگىنىمىز ـ غەرب ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا نىسبەتەن سىستېمىلىق تەرزدە سىڭىپ ۋە ئۇنى كونترول قىلىپ ، شۇ ئارقىلىق مەزلۇم خەلقنىڭ قىممەت قارىشى ، ھەرىكەت مىزانى ، ئىجتىمائىي تۈزۈم سالاھىيەتلىرىنى قايتا قۇرۇش ۋە ئۇنى جاھانگىرلىكنىڭ مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇش جەريانىدۇر . مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى «ئەنئەنىۋى» شەكلىدىمۇ ، شۇنداقلا زامانىۋى شەكلىدىمۇ نامايان بولۇۋېرىدۇ . ئۆتكەنكى بىرنەچچە ئەسىردە دىنىي جەمئىيەتلەر ، مائارىپ سىستېمىلىرى ۋە يەرلىك ئورگانلار ئىلاھ ۋە ئىلاھىي پىرىنسىپنى دەستەك قىلىپ خەلققە ئىتائەتمەنلىك ۋە ساداقەتمەنلىك ئىدىيىلىرىنى سىڭدۈرگەن . بۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى ۋاستىلىرى ئۆز رولىنى ئوبدانلا جارى قىلدۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ يېڭىچە ـ زامانىۋى ۋە زامانىۋى تۈزۈلمىگە ئىگە ۋاستىلەر جاھانگىرلىكنىڭ چاڭگىلى ئۈچۈن كۈنسېرى مۇھىملاشماقتا . بۈگۈنكى كۈندە ئاممىۋى مېدىيىلەر ، يالغاچ تەشۋىقاتلار ، ئېلان-داۋراڭلار ، ئارتىسلار ، سەنئەتكارلار ، زىيالىيلار تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىماقتا . بۈگۈنكى دۇنيادا ھولليۋود ، سىنلىق تېلېۋىزىيە ۋە دېسنىي باغچىلىرىنىڭ تەسىرى ۋاتىكان (خىرىستىيان دىنىنىڭ دىنىي مەركىزى ، ئىتالىيىگە جايلاشقان ) ، «ئىنجىل» ۋە سىياسىيونلارنىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ تەسىرىدىنمۇ زور بولماقتا .

مەدەنىيەت سىڭدۈرمىچىلىكى سىياسىي ، ھەربىي تىزگىن ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيە بىلەن زىچ بىرلەشكەن . ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى ۋە ھەربىي ئارىلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى ئىرقىي قىرغىن ئېلىپ بارغان ھۆكۈمەتلەرنى قوللىشى كۆپىنچە ھاللاردا كۈچلۈك مەدەنىيەت سىڭدۈرمىچىلىككە ئەگىشىپ كېلىدۇ . ئامېرىكا خىرىستىيان دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىندىئانلارنىڭ كەنتلىرىگە بېرىپ ئىندىئان دېھقانلارغا ئىتائەتمەنلىك ئىدىيىلىرىنى سىڭدۈرۈشكە ئىقتىسادىي ياردەم قىلىدۇ .

ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق يىغىنلارغا ياردەم بېرىشى ، ئىدىيىسى تىزلىنىپ بولغان زىيالىيلارنىڭ «دېموكراتىيە ۋە بازار» ئۇقۇملىرىنى يەنە مۇزاكىرە قىلىشىۋېرىشى ئۈچۈن بولىدۇ . ئۇلار تارقاتقان رېئاللىقتىن يىراق تېلېۋىزىيە فىلىم ـ نومۇرلىرى كىشىلەردە «باشقا بىر دۇنياغا بولغان شېرىن چۈشنى پەيدا قىلىدۇ . مەدەنىيەت سىڭدۈرمىچىلىك قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇدىغان ئۇرۇش ماشىنىلىرىدىن بولغان غەيرى ھەربىي ۋاستىلەرنىڭ سىرتلىشىشىدۇر .

## مەدەنىيەت مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكى

زامانىۋى مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى تۆۋەندىكى مەنىلەردە پەرقلىنىدۇ :

1 . ئۇ (زامانىۋى مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى ) ئىجتىمائىي قاتلامدىكى سەرخىل كىشىلەرنىلا ئەمەس ، ئاۋامنىمۇ قولغا كەلتۈرۈشنى نىشان قىلغان . 2 . ئاممىۋى مېدىيىلەر بولۇپمۇ تېلېۋىزور ھەرقايسى ئائىلىلەرگە بېسىپ كىردى . ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت «ئىچكى قىسىم» ۋە «ئۆلى»دىنلا رول ئويناپ قالماي ، «تاشقى قىسىم» ۋە «ئۈستىدىن»مۇ رول ئويناۋاتىدۇ . 3 . ئۇ يەرشارى خاراكتېرلىك كۆلەمگە ئىگە بولۇپ ، زەربىسى يېتىپ بارمىغان يېرى يوق . ئۇ ، پۈتكۈل دۇنيا بىر ئائىلە دەيدىغان ئەپسانىسى بىلەن جاھانگىر كۈچلەرنى سىرلىقلاشتۇرىدۇ ۋە بۇنىڭ تۇرلۇك سىمۋولى ، نىشانى شۇنداقلا مەنپەئىتى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدۇ . 4 . بۈگۈنكى مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ قورالى بولغان ۋە پەقەت شەكىل جەھەتتە «جامائەت»كە تەۋە بولغان ئاممىۋى مېدىيىلەر جاھانگىرلىكنىڭ مەنپەئىتىنى «كۆڭۈل ئېچىش نومۇرلىرى» ۋە «خەۋەر-ئاخبارات»قا ئايلاندۇرۇپ تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن قانۇنىي تون كىيىۋالىدۇ . 5 . زامانىۋى جاھانگىرلىك دەۋرىدە سىياسىي مەنپەئەت جاھانگىرلىكنىڭ باش تېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . «ئاخبارات ـ خەۋەرلەر» ئاپپاراتىنىڭ كۆزىنى ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى ياللانما ئەسكەرلەر ۋە دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىكى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ، ئەمگەكچىلەر سىنىپىدىن كەلگەن ئامېرىكا نىگىرلىرىنىڭ شەخسى

www.uyghurkitap.com

تەرجىمانلىرىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ[1] .

6 . قانۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان كاپىتال كونتروللۇقى ئاستىدا تىنچلىقنى - باياشاتلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەدىلىرى بىلەن نامراتلىق ۋە زوراۋانلىق كۈنسايىن كۆچىيىۋاتقان رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق كۈنسايىن كېڭىيىۋاتقاچقا ،ئاممىۋى مېدىيىلەر ئۆز نومۇرلىرىدىكى مەسىلىنى باشقىچىرەك نۇقتىدىنمۇ مۇلاھىزە قىلىشقا بولۇدىغان ئېھتىماللىقنى تېخىمۇ كىچىكلىتىۋېتىدۇ . مەدەنىيەتنى ئومۇميۈزلۈك كونترول قىلىش بىلەن مەۋجۇد كاپىتالىزمنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ئەركىن بازار چۈشلىرى پۈتۈنلەي سىممېترىك كەپقالىدۇ .7 . تەشكىللىك قارشىلىقنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن مەدەنىيەت مۇستەملىكچىلىكى مىللىي كىملىكنى يوقاتماقچى ياكى ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئىجتىمائىي ،ئىقتىسادىي مەزمۇنىنى چىقىرىپ تاشلاپ مىللىي كىملىكنى قۇرۇقدۆۋەتمەكچى بولىدۇ .مەھەللىۋى ئىتتىپاقلىقنى پارچىلاش ئۈچۈن جاھانگىرلىك «زامانىۋىلىق»نى كۆككە كۆتۈرۈپ ،ئۇنى سىرتتىن كەلگەن مەلۇم بىر ئېتىقاد يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرىدۇ . «خاسلىق»نامى ئاستىدا ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانى ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ .كىشىلەرنىڭ خاسلىقى مېدىيىلەرنىڭ توختاۋسىز بومباردىمانىدا قايتىدىن قۇرۇلىدۇ .جاھانگىرلىكنىڭ قوراللىرى بىر جەمئىيەتنى يىمىرىۋاتقان ،بانكىلىرى بۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى بۇلىغىلى تۇرغان چاغدا ، ئۇلارنىڭ مېدىيىلىرى شەخسلەرنى رېئاللىقتىن چەتنىگەن سالاھىيەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ .

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى بىر جەھەتتىن جىنايى بەتنام - بوھتانلار بىلەن رەقىبىنى سەتلەشتۈرسە ،يەنە بىر جەھەتتىن غەربپەرەس ھاكىمىيەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك زوراۋانلىقلىرىغا بولغان كوللېكتىپ «ئۇنتۇغاقلىق»لىقنا ئىلھام بېرىدۇ .غەرب مېدىيىلىرى ئەزەلدىن ئۆز ئاڭلارمەن ،كۆرۈرمەنلىرىگە كومپارتىيىگە قارشى ئامېرىكىپەرەس ھۆكۈمەتلەرنىڭ گۋاتېمالادا 100مىڭ ئىندىئاننى ،سالۋادوردا 75مىڭ ئادەمنى ،نىكاراگۇئادا 50مىڭ ئادەمنى قىرغىن قىلغانلىقىنى ئېيتمايدۇ .بۇ مېدىيىلەر بازار ئىگىلىكىنى شەرقىي ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەكىرىش بىلەن كېلىپ چىققان غايەت زور ئاپەتنى ۋە بۇ ئاپەتنىڭ نەچچە يۈز مىليون خەلقنى قاقسەنم قىلىۋەتكەنلىكىدەك پاكىتلارنى يوشۇرىدۇ .

## ئاممىۋى مېدىيىلەر: تەشۋىقات ۋە كاپىتال جۇغلاش

ئامېرىكا ئۈچۈر تورىنىڭ يەرشارى مىقياسىدا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئاممىۋى مېدىيىلەر ئامېرىكا كاپىتالىنىڭ ئاساسلىق بايلىق ۋە كۆچ مەنبەلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى .شىمالىي ئامېرىكا بايلىرى ئىچىدە مېدىيىلەردىن پۇل تاپىدىغانلارنىڭ نىسبىتى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى . ئەڭ باي 400ئامېرىكىلىق ئىچىدە ئاممىۋى مېدىيىلەردىن پۇل تاپىدىغانلار 1982-يىلدىكى توققۇز پىرسەنتتىن 1989-يىلدىكى 18پىرسەنتكە چىقتى .بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بايلىرىنىڭ بەشتىن بىرى ئاممىۋى مېدىيىلەر ئارقىلىق پۇل تاپىدۇ . ئامېرىكىدا مەدەنىيەت كاپىتالىزمى ئاللىقاچان ياغاش كەسپىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ،بايلىق ۋە تەسىر كۈچىنىڭ مەنبەئىگە ئايلاندى .

ئاممىۋى مېدىيىلەر ئامېرىكىنىڭ يەرشارى سىياسىي ،ئىقتىسادىي كونتروللۇق سىستېمىسىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا شۇنداقلا غايەت زور پايدا مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى . ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ نامراتلىقى ،ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىنىشى ۋە تەڭسىزلىك دەرىجىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ غەرب كونتروللۇقىدىكى ئاممىۋى مېدىيىلەر تەنقىد پوزىتسىيىسىدە بولغانلارنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى . غەرب مېدىيىلىرىدىكى مەشھۇرزاتلار ۋە تارقىتىلغان كۆڭۈل ئېچىش ئويۇن-تاماشا نومۇرلىرى يوشۇرۇن سىياسىي قالايمىقانچىلىقنى يوقىتىدىغان ئاساسلىق ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى . رەئىس جۇمھۇر رېگان دەۋرىدە ،ئاممىۋى مېدىيىلەرنىڭ ئويۇن-تاماشا

ساھەسىدىكى داڭدار ئەمما سىياسىي جەھەتتە ئەكسىيەتچىل كىشىلەر ئارقىلىق ئاۋامنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشتەك مەركىزىي تورنى تېخىمۇ گەۋدىلەندى .بۇ خىل ھادىسە ھازىر لاتىن.ئامېرىكىسى ۋە ئاسىيالارغىچە كېڭەيدى .

لاتىن ئامېرىكىسىدا تېلېۋىزورنىڭ كۆپىيىشى - كىرىمنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە خەلق كۈرىشىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك .ئۆيەردە ، 1980-يىلدىن 1990-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېلېۋىزورنىڭ سانى 40پىرسەنت كۆپىيىپ ،كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 40پىرسەنت تۆۋەنلىدى .شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بىر تۈركۈم ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىدىن بولغان سىياسىي نامزاتلار تېلېۋىزوردىكى ئوبرازى ئارقىلىق رەئىس جۇمھۇرلۇققا سايلاندى .

ئاممىۋى مېدىيىلەرنىڭ نامراتلارغا تېخىمۇ سىڭىپ كىرىشى ، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تاۋارلىرىنى سېتىشقا سالغان مەبلىغى ۋە كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى ، شۇنداقلا نامراتلارنىڭ كۆزىنى تويغۇزۇۋېلىشى ئۈچۈن تەمىنلىگەن خۇسۇسىي ئىستېمال ۋە ئۇلارنى تەۋەككۇلچىلىككە ئىلھاملاندۇرۇدىغان خەۋەرلەر كەڭ ئاڭلىغۇچىلاردا «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشكەن»دەك تەشۋىقات ئۈنۈمى پەيدا قىلدى .مانا بۇلار مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ رېئال خىرىسلىرىنى روشەن كۆرسەتتى .

ئامېرىكا مېدىيە ئۈچۈرلىرى قوش مەندە ئۈچىنچى دۇنيا خەلقىدىن يىراقلىشىدۇ . ئۇلار «دۆلەت ھالقىغان» ، «سىنىپ ھالقىغان» بىرلەشمە گەۋدىلەر دېگەندەك ئەپسانىلارنى ياساپ چىقىشىدۇ . تېلېۋىزور ئارقىلىق ،مېدىيىلەر زىيارەت قىلغانلار بىلەن نامرات كۆرۈرمەنلەر ئارىسىدا ساختا يېقىنلىق ۋە مەۋھۇم رىشتە قۇرۇپ چىقىدۇ . بۇ خىل ساختا مۇناسىۋەت خۇسۇسىي مەسىلەرنى پەقەت ئۆزى يالغۇز ھەل قىلىشقا ئۈرۈندىغان بىر پىكىر - مۇلاھىزە يولى تەمىنلەپ بېرىدۇ . مېدىيىلەردىكى بىشارەت روشەن :يەنى زىيانكارنىڭ نامراتلىقنى ئۇ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايانغان .ئاساسلىق تېلېۋىزىيە تورلىرى ، ئامېرىكا ، ياۋروپانىڭ مېدىيە مەركەزلىرى يېڭى مەدەنىيەت مۇستەملىكچىلىكىنىڭ سىياسىي ،ئىقتىسادىي يىلتىزى ۋە ئاقىۋىتى ھەققىدە ھەرقانداق گەپ قىلىشتىن ساقلىنىدۇ .مانا بۇ يېڭى مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى نەچچە مىليون نامرات لاتىن ئامېرىكىلىقنى قايمۇقتۇردى ۋە خىرامانلاشتۇردى .

## جاھانگىرلىك ۋە تىل سىياسىتى

جاھانگىرلىك سولچىلارغا زەربە بېرىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ زوراۋانلىقىنى بەرپا قىلىدىغان قوش ئىستراتېگىيە ھازىرلىدى .بىر جەھەتتىن ئۇ بارلىق ئامىللار بىلەن سولچىلارنىڭ تىلىنى بۇزمايدۇ ؛ يەنە بىر جەھەتتىن ئاممىنىڭ غەربنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا بولغان ھوشيارلىقىنى ئاجىزلىتىشقا كۈچەيدۇ. 1980-يىللاردا غەرب مېدىيىلىرى سىستېمىلىق ھالدا سولچىلارنىڭ تۈپكى تەشەببۇسلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭ ئەسلى مەزمۇنىنى قۇرۇقداپ ،ئاندىن ئۇنىڭغا ئەكسىيەتچىل سادالارنى قاچىلىغانىدى . مەسىلەن ، ئاممىۋى مېدىيىلەر كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرمەكچى ۋە تەڭسىزلىكنى كۈچەيتمەكچى

---

① خۇددى ھۆكۈمەت تېخنىكا مونوپوللۇقىنى تولا داۋراڭ قىلىپ يۈرۈپ كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق قوراللىرىنى قانۇنلاشتۇرغاندەك ،شەخسىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىقىنى يۆگەيدۇ . دېموكراتىيە دەۋرىدە مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى پاكىتنى بۇرمىلاش ئارقىلىق ئۆز تاجاۋۇزىغا چىرايلىق نام قويىدۇ ، زىيانكارنى تاجاۋۇزچى ،تاجاۋۇزچىنى مەزلۇم دەيدۇ . ئامېرىكا مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى ۋە مېدىيىلىرىمۇ پاناما خەلقىگە بومبا تاشلىغاندا ،پانامانى ئامېرىكا ياشلىرىغا زەھەرلىك چېكىملىك تارقىتىدىغان مەنبە - تەھدىت دېگەنىدى .

بولغانلارنى «ئىسلاھاتچى» ، «ئىنقىلابچى» دەپ ، ئۇلارغا قارشى تۇرغانلارنى بولسا «مۇتەئەسسىپ» دەپ تەسۋىرلىگەنىدى. مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى سىياسىي ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلاپ، ئىدېئولوگىيىدە بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە سىياسىي جەھەتتە قايمۇقتۇرۇش پەيدا قىلىشقا ئالاھىدە كۈچەيدۇ. نۇرغۇن ئىلغار زاتلار بۇ خىل ئىدېئولوگىيىدىن قايمۇقۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇكى، ئۇلار ھېلىقى «سولچىلار» ۋە «ئوڭچىلار» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، سىنىپىي مۇھىملىقىنى يوقاتتى، ئىدېئولوگىيىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى دەپ تەرغىبات ئېلىپ بارغۇچى ئىدېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئالدامچىلىقىغا ئىنتايىن ئوڭاي ئۇچرايدۇ. سولچىلارنىڭ ئېيتىملىرى ۋە سول-ئوڭ دېگەنلەرنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلاش ئارقىلىق مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى يوشۇرۇن ھالدا جاھانگىرلىككە قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ سىياسىي چاقىرىق كۈچى ۋە سىياسىي پائالىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ ئىككىنچى ئىستراتېگىيىسى ئاۋامنى مەست قىلىپ، غەرب ئەللىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قىرغىنلىرىنى قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان كۆندىلىك بىر ئىشقا ئايلاندۇرىدۇ. ئىراقنىڭ كەڭ كۆلەمدە بومباردىمان قىلىنىشى ئاللىقاچان ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق قىلىپ ئىپادىلەندى. ئەكسىلئىنسانىي قەبىھ جىنايەتلەرنى كىچىكلىتىپ، خەلقنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلىشى يولسىز دېگەن ئەقىدىسىنى يوقىتىپ تاشلايدۇ. يېڭى ئۇرۇش تېخنىكىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش دەرىجىسىنى تەكىتلەش ئارقىلىق ئاممىۋى مېدىيىلەر غەربنىڭ سەرخىل كۈچى ۋە ئۇرۇش تېخنىكىسىنى ھەدەپ ماختايدۇ. بۈگۈنكى مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى مۇنداق «خەۋەر» لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئادەم ئۆلتۈرۈدىغان قوراللىرىنى ئىنسانىيلىققا ئىگە دېگىلى تاس قالىدۇ. ئۈچىنچى دۇنيادىكى خارلانغۇچىلارنى بولسا چوقۇم ئەستايىدىل قاراشقا تېگىشلىك «تاجاۋۇزچى» ۋە «تېررورچى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

يەرشارى مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى سىياسىي ھىيلە ئىبارىلىرى بىلەن جان باقىدۇ. شەرقىي ياۋروپادا كەڭ زېمىنلارنى، كارخانا، بايلىقلارنى ئىگىلىۋالغان پۇرسەتپەرەس، قاراجەمئىيەت ئۇنسۇرلىرى «ئىجادچانلىققا ئىگە كارخانىچىلار» دەپ تەرىپلىنىدۇ. غەربتە ھوقۇق سودا ئىگىسىنىڭ قولىدا، كىشىلەرنى خالىغانچە ياللاپ ئىشلىتەلەيدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ بارغانسېرى كاپالەتسىز مەھرۇم قېلىشى «ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ جانلىقلىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى دۇنيادا دۆلەت ئىگىلىكى كارخانىلارنى دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرگە سېتىپ بېرىش «مونوپولنى بۇزۇش» دېيىلىدۇ. «ئەسلى ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» دېگىنى ئەمەلىيەتتە 19-ئەسىردىكى ئەمگەكچى - ئىشچىلارنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقىنىڭ تولۇق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ئەھۋالىنىڭ چىرايلىقراق ئاتىلىشى، خالاس. «قايتىدىن بىرىكىش» ماھىيەتتە مەخسۇس خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىشقا ياكى كىرىمنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئەمەس پۇرسەتپەرەسلىكتىن قولغا كەلتۈرۈشكە چېكىنىش دېگەندىن ئىبارەت. «ھەرخىل چەكلىمە ۋە بەلگىلىمىلەرنى بىكار قىلىش» نىڭ ماھىيەتتە دۆلەتنىڭ پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىنى خەلقئارا بانكا دېگەندەك كۆپ دۆلەت ئىقتىسادىي ماگناتلىرىنىڭ رېلىسىغا ئەكىرىدىغان ھوقۇق يۆتكىلىشىدۇر. لاتىن ئامېرىكىسىدا «قورۇلمىنى تەڭشەش» بايلىق مەنبەلىرىنى مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئۆتكۈنۈپ بېرىش ياكى ئەمگەكچىلەرنىڭ مائاشىنى تۆۋەنلىتىش دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. سولچىلارنىڭ بەزى ئۇقۇملىرىنىڭ يەنى ئىسلاھات، يەر ئىسلاھاتى ۋە قورۇلمىنى ئۆزگەرتىش دېگەنلىرىنىڭ ئەسلى مەنىسى كىرىمنى قايتا تەقسىملەش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇ ئۇقۇملار سۇيىئىستېمال قىلىنىپ، ئۆزگەرتىلىپ، بايلىق، كىرىم، ھوقۇقنى غەرىبلىك غوجاملارنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈش دېگەنگە ئايلىنىپ قالدى. بارلىق جاھانگىرلىكنىڭ

مەدەنىيەت ئورگانلىرى بۇ خىل ئالدامچىلىقنى كۈچەيتىۋاتىدۇ ۋە ياكى كېڭەيتىۋاتىدۇ. زامانىۋى مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى ئازادلىق ئىبارىلىرىنىڭ ئۇلىنى بوشىتىپ، ئۇنى ئەكسىيەتچى ئەقىدىلەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

## مەدەنىيەت تېررورىزمى — لىبېرالىزمنىڭ زۇلۇم ماشىنىسى

غەربنىڭ دۆلەت تېررورىزمى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە بۇزغۇنچىلىق سېلىشقا، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتلەر ۋە مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتلەرنى يىمىرىشكە ئۇرۇنغىنىدەك، ئىقتىسادىي تېررورىزم، خەلقئارالىق پۇل فوندى جەمئىيەتلىرى ۋە خۇسۇسىي بانكا، مالىيە گۇرۇھلىرى يەرلىك سانائەتنى يوقىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنى چىرىتىشنى، ئىش ھەققى ئالىدىغان ئائىلىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەدەنىيەت تېررورىزمى بولسا ئۈچىنچى دۇنيا خەلقىنىڭ نازۇك پسىخىك ئاجىزلىقى ۋە چوڭقۇر ئەندىشىسىنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ «بىز ئارقىدا قالدۇق - قالاق» ، «بىز بەك ئەنئەنىۋى» دەيدىغان پسىخىك ھالىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا «تەشەببۇسكار» ، «ئەركىن ئىپادىلەيدىغان» يېڭى ئوبراز يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە، مەھەللە رىشتىسىنى ئۈزۈۋېتىدۇ ۋە يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چوڭ شىركەتلەرنىڭ كۈچى ۋە سودا بانكىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەركىن نوپۇزنىڭ زەنجىرىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ. ئەنئەنىنى بوغۇش ۋە مەجبۇرىيەتكە ھۇجۇم قىلىش كاپىتالىزمنىڭ بازىرى ۋە دۆلىتىنى مۇتلەق ھوقۇقنىڭ تەڭداشسىز مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشتىكى بىر ۋاستىسى، خالاس.

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى «ئۆزلۈكنى ئىپادىلەش» نامى ئاستىدا «ئەنئەنىۋى» دېگەن ئاتاقتا قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان ئۈچىنچى دۇنيا خەلقلىرىگە پسىخىك خورلاش ئېلىپ بارىدۇ، سىنىپ ئايرىمايدىغان «زامانىۋىلىق» تىن ئىبارەت ساختا ئوبراز بىلەن ئۇلارنى قايمۇقتۇرىدۇ ۋە كونترول قىلىۋالىدۇ. ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى ئويۇن-تاماشىغا مەستۇ-مۇستەغرەق بولغان ھالدا ياكى مەجبۇرىي، خۇشھال-خۇراملىق بىلەن «زامانىۋىلاشتۇرۇلىدۇ». شۇنىڭ بىلەن كاپىتالىزم بازىرىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىدۇ. راھەت، ئازادە، ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى تاشلاپ، تار، بىئارام پادىچى كىيىملىرىنى كىيىشىدۇ.

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك قورالى ئاللىقاچان مۇستەھكەملىنىپ كەتكەن ئارىلىقتىكى مەدەنىيەت دەللاللىرى ۋە يانتاياقلىرى ھېسابلىنىدۇ. جاھانگىرلىكنىڭ تىپىك يانتاياقلىرى دەل ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى يۇقىرىغا يامىشىشنىلا كۆزلەيدىغان كەسپىي خادىملاردىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار ئىگىلىرىنىڭ ھەممە ئىشىنى تەپسىلىي تەقلىد قىلىپ دوراپ چىقىدۇ. بۇ يانتاياقلار غەرىبكە خۇشامەت قىلىپ پۈكۈلەنسە، ئۆز خەلقىغە ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ غادىيىدۇ. يولۋاسنى كۆرسە چاشقان، چاشقاننى كۆرسە يولۋاس بولۇش ئۇلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار بانكا ۋە كۆپ دۆلەت مالىيە گۇرۇھلىرىنى ئارقا تىرەك قىلىپ، دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ ئاممىۋى مېدىيىلىرىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق غايەت زور كۈچنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان. ئۇلار غەربنى دوراپ تەڭسىز رىقابەت مېخانىزمىغا چىڭ ئېسىلىۋالىدۇ. ئەركىن سودا نامى ئاستىدا دۆلەتلىرىنى ئېچىۋېتىپ، خەلقىنى رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيىگە دۇچار قىلىدۇ. ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مەدەنىيەت ساتقىنلىرى ئىچىدە ھېلىقى ئىنستىتۇتسىيىلىك زىيالىيلار بار. ئۇلار ئىجتىمائىي پەننىڭ كەسپىي ئاتالغۇلىرى ئارقىلىق سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق ۋە جاھانگىرلىكنىڭ سىنىپىي ئۇرۇشلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار بازارنى بارلىق ھەق-ناھەقنى ئايرىيدىغان مۇتلەق قازى دەپ چۈشىنىدۇ.

بۈگۈن، پۈتكۈل ئۈچىنچى دۇنياغا قاراپ باقىدىغان بولساق، غەرب ئىقتىسادىي ياردەم قىلغان ئۈچىنچى دۇنيا زىيالىيلىرىنىڭ سىنىپىي ھەمكارلىق ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، جاھانگىرلىكنى «ئۆز ئارا

تايىنىش» دەپ چۈشىنىپ قالغانلىقىنى ھەمدە ئۇيەردە دۇنياۋى بازار تەرەققىياتىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ چۈشىنىلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ۋەھالەنكى شۇنىسى مەسخىرىلىككى، بۈگۈنكى كۈندە «بازار» ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك پايدىسىز. ئىنىستىتۇتسىتىك زىيالىيلارنىڭ ھەققىي، رېئال دۇنيادىن يىراقلىشى مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى ئەۋزەللىكىنىڭ يەنە بىر قوشۇمچە مەھسۇلاتى. بازارنى مەدھىيىلەشنى رەت قىلىپ ھەمدە شۇ سەۋەبلىك ھۆكۈمەت ئىلمىي يىغىنلىرىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان زىيالىيلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، رېئاللىقنىڭ ئۇلارغا بولغان خىرىسى ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزى تەۋە سىنىپقا قايتىپ، جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشىدۇر.

## شىمالىي ئامېرىكىلىشىش ۋە خەلقئارا مەدەنىيەت ئەپسانىسى

قاراش، بازار ۋە ھەرىكەت - پائالىيەتلەرنىڭ «خەلقئارالىشىش» ئۇقۇمى بۈگۈنكى دەۋردىكى ئەڭ چوڭ قاپقانلارنىڭ بىرى. كۆز ئالدىمىزدا ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىنتىپاقلىق، مەھەللىۋى ۋە ئىجتىمائىي قىممەت قاراشلارغا قارىتىلغان ھۇجۇملارنى «يەرشارىلىشىش»، «خەلقئارالىشىش» دېگەن چىرايلىق ئاتالغۇلار بىلەن ئاقلاش مودا بوپقالدى. «خەلقئاراچىلىق» دېگەن نام ئاستىدا ياۋروپا ۋە ئامېرىكا كۈندىلىك تۇرمۇشنى سىياسىيسىزلاشتۇرۇدىغان مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورتچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. شەخسنىڭ پائالىيەتچانلىقى ۋە «ئۆزلۈك ياراتقۇچىلار» ئوبرازى، شۇنداقلا «ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان تۇرمۇش» نىڭ كۈچەيتىلىشى (ئامېرىكا ئاممىۋى مېدىيەسانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى تۈپەيلىدىن) ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئاساسلىق قورالىغا ئايلىنىپ قالدى.

يېڭى لىبېرالىزمنىڭ سىجىل گۈللىنىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پۇلدارلار ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىدىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈچىنچى دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ كوچىلىرىدا قىستىلىشىپ كەتكەن نامراتلار ئارىسىدىكى قولى ئەمدى ئاز-تولا پۇل كۆرگەن كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاقلىق ھاسىل قىلالىغانلىقىدىندۇر. ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى مەدەنىيىتىدە ئامېرىكىلىشىشنىڭ يۈز بېرىشى، شۇنداقلا بۇنىڭ مەزكۇر دۆلەتلەر ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ ھادىسە مەزكۇر دۆلەتلەر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرەلەيدۇ. يېڭى مەدەنىيەت ئەندىزىسىدە شەخس ئاۋام ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۈستىدە، سەزگۈلەر ھوزۇرى ۋە زوراۋانلىق كۈندىلىك كۆرمۈش ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىق ئۈستىدە. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ ھەرىكەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان «ئۆز مەركەزچىلىك» قىممەت قارىشىنى سىڭدۇرۇشكە پايدىلىق.

«بىردەملىك»نى مەدھىيىلەيدىغان مېدىيە مەدەنىيىتى ئامېرىكا كاپىتالىزمىنىڭ يىلتىزى يوقلۇقىنى ئەكس ئەتتۇردى. ئۇ ياللايدۇ ۋە ئىشتىن بوشىتىدۇ. ئىجتىمائىي ئېھتىياج بىلەن كارى يوق ھالدا كاپىتالنىڭ كۆچىنى يۆتكەپ يۈرىدۇ. «ئەركىنلىكنى كۆچۈرۈش» ئەپسانىلىرى دەل كىشىلەرنىڭ كاپىتالنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان تەلپى ئاستىدا جەمئىيەتنىڭ ئۇلى، ئاساسىنى بەرپا قىلالمىغانلىقى ۋە مۇستەھكەملىيەلمىگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى. شىمالىي ئامېرىكا ۋاقىتلىق، ئادىمىيلىكتىن مەھرۇم مۇناسىۋەتلەرنى «ئەركىنلىك» دەپ ئاتايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەھۋاللار دەل زور بىر تۈركۈم شەخسنىڭ مونوپول كاپىتالنىڭ كۈچىگە ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالەتتە بويسۇنۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شىمالىي ئامېرىكىلىشىش «زامانىۋىلىق» نامى ئاستىدا ئىتتىپاقلىق ۋە ئەنئەنىگە قارشى قوزغالغان بىر مەيدان ھۇجۇم بىلەن، «شەخس مەركەزچىلىك» نامىدىكى سىنىپىي ساداقەتمەنلىككە قارشى قوزغالغان ھۇجۇم بىلەن، شۇنداقلا ئاممىۋى مېدىيەلەرنىڭ پۈتكۈل دىققىتىنى شەخسنىڭ خاراكتېرىگە مەركەزلەشتۈرۈشى ئارقىلىق دېموكراتىيىنىڭ يىلتىزىنى تۈرۈتىشى بىلەن چېتىشلىق.

يېڭى مەدەنىيەت دىكتاتورىسى ھەممىلا يەردە مەۋجۇد. ئۇ توختىماي تەكرارلىنىپ تۇرۇدىغان، بازارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغان ئىستېمال مەدەنىيىتىگە شۇنداقلا ئۇلىسىز سايلام سىستېمىسى ھەققىدىكى غەلىتە قاراشلارغا يىلتىز تارتقان. يېڭى مېدىيە دىكتاتورىسى يۇقىرىسى خەلقئارا بانكىلار قارار بەلگىلەيدىغان مەجلىسخانىلاردىن تارتىپ، تۆۋىنى ئاندىس تاغ تىزمىلىرىغا جايلاشقان كەنتلەردىكى دۆلەت ئىمتىيازى ۋە ئىقتىسادىي ئورگانلارغىچە مەۋجۇد. شىمالىي ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە شۇنچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك سىڭەلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ خام خىيال پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى نامرات رېئاللىق ۋە ئىقتىدار ئىگىلەشتىن چەتلىتىش ئۈچۈن سىياسىي ۋە ئىقتىسادنىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان. يېڭى مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئامىلى سودا پۇرىقى بىلەن مۇتەئەسسىپلىكنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىرى خۇسۇسىي ئېھتىياج ۋە شەخسنىڭ ئۆزلۈكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ غايىۋىلەشكەن ئىپادىسى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. كۈنبويى ئۈمىدسىز خىزمەتلەر بىلەن ھەپىلىشىپ ھاياتلىق ئۈچۈن جاپا ۋە چۈشكۈنلۈك ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان ئۈچىنچى دۇنيا خەلقلىرىگە نىسبەتەن شىمالىي ئامېرىكا مېدىيىلىرى ياساپ چىققان خام خىيال خۇددى «ئىنجىل» تەرغىباتچىلىرىدەك «گۈزەل نەرسىلەر» نى، كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش ئۈمىدىنى، ياكى ھېچبولمىغاندا باشقىلارنىڭ بەھرىمەن بولغانلىرىغا چىنپۈتۈشتىن كەلگەن بىچارە مەمنۇنلۇقنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

## مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ زەربىسى

ئەگەر بىز ئىنقىلابنىڭ شارائىتلىرى پىشىپ يېتىلگەن تۇرۇقلۇق يەنە ھېچقانداق ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەكچى بولساق، چوقۇم دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچى، سىياسىي تېررورلۇق شۇنداقلا جاھانگىر دۆلەتلەر تەشۋىق قىلغان، ئېزىلگەن خەلقلەر قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە قىممەت سىستېمىسىنىڭ قاتتىق سىڭىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان چوڭقۇر پىسخىك زەربىلەرنى قايتىدىن بىر تەھلىل قىلماي بولمايدۇ. 1970 - ۋە 1980-يىللارنىڭ بېشىدىكى دۆلەت زوراۋانلىقلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك، كەڭ دائىرىلىك روھىي زەربە كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىلەردە ئەسەبىيلىكنىڭ قۇربانى بوپقېلىشتىن قورقىدىغان، كوللېكتىپ ھەرىكەتكە ئىشەنمەيدىغان، مەۋجۇد كۈچلەردىن نەپرەتلىنىدىغان ئەمما ھېچ ئامال قىلالمايدىغان پىسخىك تۇيغۇ شەكىللىنىپ قالدى. قورقۇنچ كىشىلەرنى ئۆزىنىلا مەركەز قىلىپ ياشايدىغان قىلىۋەتتى.

نەتىجىدە ئىقتىسادىي تېررورىزمنىڭ شەكىللىرىدىن بىرى بولغان «يېڭى ئەركىنلىك سىياستى» زاۋۇتلارنىڭ تاقىلىشى، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي كاپالىتىنىڭ بىكار قىلىنىشى، ۋاقىتلىق خىزمەتلەرنىڭ شۇنداقلا تۆۋەن مائاشلىق يەككە كارخانىلارنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ سىياسەتلەر ئەمگەكچىلەر سىنىپى بىلەن شەھەر مەھەللىلىرىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۆلۈپ تاشلىدى. پارچىلاش، ئىشەنمەسلىك، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا جاھانگىرلىكنىڭ مەدەنىيىتى ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئاسان ئۇچرايدىغان خەلقنىڭ ھوشيارلىقىنى يوقىتىدىغان مۇنبەت تۇپراق تاپىدۇ. بۇ، كىشىلەرنى تەنھالاشتۇرۇشنى، ئۆزىنى مەركەز قىلىش ئىستىكىنى ۋە ئىنتايىن ئاز بايلىق مەنبەلىرىنى تالىشىدىغان خۇسۇسىي رىقابەتلەرنى ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى شۇنداقلا ئۇ كۆككە كۆتەرگەن قىممەت قاراش، مەھكۇم خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ كۈنسايىن ناچارلىشىۋاتقان

ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كوللېكتىپ كۈرەشىدىن مۇداپىئەلىنىشتە (مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى ئۈچۈن) مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھازىر ئۈچىنچى دۇنيادا كەڭ تارقالغان ئەقىدە، ئوبراز ۋە ئىدېئولوگىيىلەر ئاللىقاچان سىنىپىي زۇلۇم، كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان نامراتلىقنى سىنىپىي ئاڭنى ئاساس قىلغان كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق توسالغۇسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. جاھانگىرلىكنىڭ زور غەلىبىسى پەقەت ماددىي مەنپەئەت جەھەتتىلا ئەمەس بەلكى بىۋاستە ھالدا ئاممىۋى مېدىيىلەر ئارقىلىق ۋاستىلىق ھالدا مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ زىيالىيلىرى ۋە سىياسىي قاتلىمىنى چۈشكۈنلۈككە سېلىش ياكى تەسلىم قىلىش ئارقىلىق مەزلۇملارنىڭ ئىدىيىسىنى بويسۇندۇرۇشتا.

ئەگەر ئاممىۋى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ قايتىدىن مەيدانغا كېلىش ئېھتىماللىقى ۋۇجۇدقا چىقىرىلماقچى بولۇنسا، ئۇنداقتا، ئۇ چوقۇم ئىشنى زۇلۇم - ئېكسپىلاتاتسىيىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان شەرتلەرگىلا ئەمەس، بەلكى مەزلۇملارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەدەنىيەتكە قارىتىلغان ئۇرۇش ئېچىشتىن باشلاش كېرەك.

## مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ چەكلىمىسى

غەربتىكى كۆپلىگەن دۆلەت بانكىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان نامراتلىقنى شۇنداقلا ئامېرىكا قوراللاندۇرغان ساقچى ۋە ئارمىيىنىڭ زۇلمىنى باشتىن كەچۈرۈش بولسا مەدەنىيەت مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ بېسىمى بىلەن پاراللېل كېتىۋاتقان بىر خىل رېئاللىقتۇر. مانا بۇ خىل رېئاللىقنى رېئاللىقتىن ئۆزىنى چەتكە قاچۇرىدىغان مېدىيىلەر مەڭگۈ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن ئېڭىدا، شەخس بېكىنمىچىلىكى بىلەن كوللېكتىپ ھەرىكەت ئارقىلىق قارشى تۇرۇشنىڭ قايسىسىنىڭ بىردىنبىر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن يول ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھەمىشە زىددىيەت مەۋجۇد. ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئەۋجىگە چىققان پەيتلەردە ئىتتىپاقلىق غەلىبە قىلالايدۇ. ۋەھالەنكى ئۈمىدسىزلىكقا ئۇچرىغان ۋە پەسكويغا چۈشۈپ قالغان چاغلاردا خۇسۇسىي نەپسانىيەتچىلىك يەنە يامراشقا باشلايدۇ.

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ خەلقنى قايمۇقتۇرۇش ئىقتىدارىدا ھەقىقەتەن مۇتلەق چەكلىمە مەۋجۇد. مانا بۇ چەكلىمىنىڭ سىرتىدا ئاممىۋى قارشىلىقلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. تېلېۋىزوردىكى «مول تائاملار» بىلەن رېئاللىقتىكى قۇرۇق ئاشخانىلار، مېدىيىلەردىكى شەخسلەرنىڭ ۋىلكا تۇتۇپ ئېسىلزادىلەرچە تاماق يېيىشى بىلەن ئاچلىقتىن يىغلاۋاتقان باللار روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. بېيىتىش ۋەدىلىرى مەڭگۈ بېيىش بوسۇغىسىدىن كىرگۈزەلمەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھاقارەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇزاققا سوزۇلغان نامراتلىق ۋە كەڭ يامرىغان چىرىكلىك ئاممىۋى مېدىيىلەرنىڭ ئابرۇيىنى سەل-پەل يوقاتتى.

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ يالغان ۋەدىلىرى كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان ئاچچىق چاقچاقىنىڭ خورۇچلىرىغا ئايلىنىپ قالدى.

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ چاقىرىق كۈچى ئۇزاق ئىتتىپاقلىقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مەيلى يەرلىك ياكى رايون خاراكتېرىدىكى مۇناسىۋەتلەر بولسۇن، بۇ رايونلارنىڭ ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ھەرىكەت مىزانى بار. ھېلىقى سىنىپىي، ئىرقىي، جىنسىي پەرق ۋە مىللىي مۇناسىۋەتلىرى ئۇزاق داۋاملاشقان ۋە كوللېكتىپ ھەرىكەتلەر كۈچلۈك ئەمەلىيلىشەلەيدىغان جايلاردا ئاممىۋى مېدىيىلەرنىڭ تەسىرى چەكلىنىپ قالىدۇ.

ئىلگىرىكى مەۋجۇد مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىلەر يەنە مەۋجۇد بولۇپلا تۇرالىسا، ئۇلار سىرتقا ۋە ئۈستىگە قارايدىغان ئەمەس، بەلكى ئىچىگە ۋە تۆۋەنگە قارايدىغان ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئەمەلىيىتىنىڭ «يېپيېڭى يول»نى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

نۇرغۇن رايونلاردا كىشىلەر بازار زومىگەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك «زامانىۋىلىق تەرەپدارلىرى»نىڭ شەخس مەركەزچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەشەببۇسلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىتتىپاقلاشقان مىللىي ۋە كەسپىي رايونلاردىن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىتتىپاقلىق ۋە جاھانگىرلىككە قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، كان ئېچىلغان كەنتلەر، بېلىقچىلىق ۋە ئورمانچىلىق كەنتلىرى، چوڭ شەھەرلەرنىڭ سانائەت مەركەزلىرى قاتارلىق جايلاردۇر. خىزمەت، مەھەللە، سىنىپلار بىلەن كوللېكتىپ مەدەنىيەت ۋە ئەمەلىيەت ئۆزئارا ماس كەلگەن جايلاردا مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى چېكىنىدۇ.

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ ئۈنۈمى پەقەت ئۆزىنىڭ تىزگىنلەش ئېلىپ بارىدىغان تېخنىكىلىق ۋاستىلىرىگىلا تايانماستىن بەلكى دۆلەتنىڭ پۇقرالارغا زوراۋانلىق ۋە پارچىلاش ئېلىپ بېرىشىغا باغلىق.

مەدەنىيەت ئازادلىقى ئادەم ۋە سىنىپقا كۈچ بېرىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەدەنىيەت ئېكىسپىلاتسىيىنىڭ ئاۋانگارتى بولغان دۆلەت تېررورلۇق كۈچلىرى بىلەن قارشىلىشالايدىغان بىر ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈچ پەيدا قىلىشىغا باغلىق. مەدەنىيەت ئاپتونومىيىسى ئىجتىمائىي كۈچكە باغلىق. ئىجتىمائىي كۈچ بولسا ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن دۆلەت كۈچىگە، ھوقۇقىغا بولغان تەھدىت دەپ قارىلىدۇ. خۇددى مەدەنىيەت كۈرىشى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئاڭلىقلىقىنى يارىتىشتا زۆرۈر بولغان ئاپتونومىيە، مەھەللە، ئىتتىپاقلىق قاتارلىق قىممەت قاراشلارغا يىلتىز تارتىشى زۆرۈر بولغىنىدەك، سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ سىنىپنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاشتا زۆرۈر ئامىلدۇر.

ئەڭ مۇھىمى، سولچىلار چوقۇم بىر يېڭى جەمئىيەتكە بولغان ئېتىقاد ۋە مەنزىرىنى قايتا يارىتىشى كېرەك. بۇ جەمئىيەت مەنۋىيەتكىلا ئەمەس، قىممەت قاراش ئۈستىگە، خىزمەت قىممىتىگە ئەمەس گۈزەللىك قىممىتى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. ئىتتىپاقلىق ۋە كەڭ قورساقلىق ئىززەت-غۇرۇر بىلەن باغلىنىشلىق. ئۇيەردە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئادەملەر ئارىسىدىكى مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەت ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بېقىنىدۇ.

سوتسىيالىزم چوقۇم كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي سىرىنى قوغداش ۋە باشقىلارنىڭ ئارىلىشىۋېلىشىنى خالىماسلىق ئۈمىدىنى ئېتىراپ قىلىشى، شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە ۋە كوللېكتىپقا بولغان تەلپۈنۈشىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. قىسقىسى، يېڭى مەنزىرە چوقۇم خەلقنى ئىلھاملاندۇرالىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئورتاقلىق ھاسىل قىلالايدۇ؛ خەلق كونتروللۇقتىن قۇتۇلۇپلا قالماستىن يەنە ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە تۇرمۇش ئەركىنلىكىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ خىل ھايات ھەتتا ئۇ خەلقنى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇۋاتقان چاغدىمۇ مۇھەببەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ۋاستە خاراكتېرىدە بولمىغان، كۈندىلىك خىزمەتتىن ھالقىغان مۇناسىۋەتنى مەنبە قىلغان بولىدۇ.

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ گۈللىنىشى ئاساسەن يېڭىچە، ۋاقىتلىق مۇناسىۋەت ۋە كىشىلەرنى خالىغانچە ئويان-بۇيان قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. شۇڭا ئۇ شەخسنىڭ سەممىيلىكى، جىنس پەرقى ۋە ئىجتىمائىي ئىتتىپاقلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ھەقىقىي، يېقىن، چىن مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەنزىرىسىنى بەرپا قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

---

بېيجىڭ «ئېقىم مەسىلىلىرى نەشرىياتى» 2003-يىل ئۆكتەبىردە نەشر قىلغان «سىياسىي دۆلەتچىلىك ھەققىدە» (خەنزۇچە) ناملىق كىتابتىن **ئابدۇرېھىم دۆلەت** تەرجىمىسى (M2)

uyghurkitap.com



# زامانىۋى تاجاۋۇزچىلىق

ئابدۇرېھىم دۆلەت

مۇلاھىزىمىز زامانىمىزدىكى يېڭىچە تاجاۋۇزچىلىق ـ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى ئۈستىدە بولغاچقا، ئاۋۋال «مەدەنىيەت» دېگەن ئۇقۇم ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىش زۆرۈر. چۈنكى بۇ ئاتالغۇ قارىماققا ھەممىمىز چۈشىنىدىغاندەك قىلىدىغان، ئەمما چۈشەنچىمىز مەلۇم پىكرىي، ئەقلىي يۈكسەكلىككە ئىگە بولالمىغان، شۇنداقلا مۇجمەللىكتىن خالىي بولالمىغان بىر ئۇقۇمدۇر. بىز بۇيەردە بۇ ئۇقۇمنى ئىمكانقەدەر ئاددىيلاشتۇرۇپ شەرھلەشكە ئۇرۇنۇپ كۆرىمىز.

شەرھلەشنى باشلاشتىن بۇرۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىش زۆرۈركى، بۇ ئۇقۇم ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدە ئوخشىمىغان قاراش، ئىختىلاپلار بەكلا كۆپ. ھەر بىر ئالىم بۇ ھەقتە ئۆزىگە خاس، بەلگىلىك بىر نەزەرىيە سىستېمىسى ياراتقان. شۇنداقتىمۇ گەرچە ھازىرغا قەدەر مەدەنىيەت دېگەن بۇ ئاتالغۇغا ئومۇمەن ئورتاق بىر ئېنىقلىما ھاسىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئاتالغۇنى قوللىنىش، ئىنچىكە پەرقلەرنى چۈشىنىش جەھەتلەردە يەنىلا ئوخشىماسلىق بار. بۇ خىل ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىل مېنىڭچە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل:

بىرىنچىدىن، مەدەنىيەت دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرە، تەركىبىنىڭ كۆپلىكى. ئىككىنچىدىن، بۇ ئۇقۇمنىڭ ھەزارەت ( 文化 ) ۋە مەدەنىيەت ( 文明 ) دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكى. شۇڭلاشقا، مېنىڭ بۇ يەردىكى ئۇرۇنۇشۇممۇ ئەنە شۇ مەۋجۇد پىكىرلەر ئاساسىدا قانات يايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭمۇ بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بەك زور. ئۇرۇنۇشلىرىم پەقەت ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئاتالغۇلارنى چۈشىنىپ قوللىنىشىغا، ئوخشىمىغان كونتېكىستلاردا يازغۇچىنىڭ شۇ ئاتالغۇ بىلەن نېمە مەنىنى ئىپادە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭقىرالىشىغا ياردەم بېرەلىسە مەقسىتىمگە يەتكەن بولىمەن. ئەلۋەتتە، شۇنچە ئىختىلاپلىق مەسىلىنى بىردەمدىلا غېزىنى غاز، ئۆردىكىنى ئۆردەك قىلىپ ئايرىش ئاسان ئەمەس.

مەلۇم بىر ماتېرىيالدىن، ھازىرغىچە دۇنيادا مەدەنىيەتكە بېرىلگەن تەبىرنىڭ 250 خىلدىن ئاشىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بۇ مەسىلىنىڭ ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. گەرچە تەبىر شۇنچە كۆپ، خىلمۇخىل بولسىمۇ، يەنىلا ئومۇمەن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان چۈشەنچە مەۋجۇد. ئاساسلىق ئىختىلاپ پەقەت شۇ ئىككى ئاتالغۇدىكى ئىنچىكە پەرقنى ۋە شۇ ئاتالغۇلارنىڭ كونكرېت تىل مۇھىتىدا ئىپادىلىگەن مەنىسىنى چۈشىنىشتە.

مەدەنىيەت بىر مۇرەككەپ گەۋدە. ئۇ مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ ئورتاق ياشاش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئورتاق تۇرمۇش فورمىسى بولۇپ، ئۇ شۇ خەلقنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادىتى (ئادىمگەرچىلىك قائىدە-يوسۇنلىرى، پائالىيەت-مۇراسىملىرى، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ئادەتلىرى)، ھۈنەر-تېخنىكىسى، ئەخلاق ئېڭى، قىممەت قارىشى، دۇنيا قارىشى، ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مېنىڭچە، يۇقىرىقى تەبىر كۆپ قىسىم تەتقىقاتچىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئەمما، مانا مۇشۇنداق ئورتاق قوبۇل قىلىنغان ئۇقۇم يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇرەككەپ گەۋدە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىستېمال، كونكرېت كونتېكىستتا كۆزدە تۇتىدىغان ئوبيېكتى ھەرگىزمۇ ئۆلچەملىك تەبىر ئىچىدىكى ھەممە تەرەپ ئەمەس. بىز «مەدەنىيەت» نىڭ تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى كونكرېت مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

1. مەدەنىيەتلىك ئادەم بولايلى.

2. بۇ ئىدارە بۇ يىل «مەدەنىيەتلىك ئورگان» بولۇپ باھالاندى.

3. بۇ ئائىلىتىكى «مەدەنىيەت سەۋىيىسى»

دېگەن ئورۇنغا نېمىنى يازىمەن؟

4. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»يېڭى ئەسىردىكى دۇنياۋى توقۇنۇشلارنىڭ يىلتىزىدۇر.

5. 3-دۇنيا ئەللىرى جەمئىيەتلىرىگە سىڭىپ كىرىۋاتقان غەرب مەدەنىيىتى بىلەن يەرلىك مەدەنىيەت ئارىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇد.

6. ئىتالىيە، ئىرېلاندىيە، فرانسىيە، گېرمانىيىلەر غەرب مەدەنىيىتىگە تەۋە.

7. بۇ قەبىلە كىشىلىرى تېخىچە ياۋايىلىق ھالىتىدە ئىكەن.

8. مىسىر قەدىمقى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى، گرېتسىيە بولسا ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى.

ئاۋۋال بىز 1-ۋە 2-مىسالنى قوشۇپ تەھلىل يۈرگۈزىمىز. بۇ جۈملىلەردىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇيەردە ئىشلىتىلگەن مەدەنىيەت ئاساسلىقى ئادەملەرنىڭ مەنىۋى، ئەخلاقىي، ئىلمىي ساپاسىغا قارىتىلغان. بىز ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق، پاكىز، گەپ - سۆزلىرى سىپايە، ئىلغارلىققا مايىل كىشىلەرنى مەدەنىيەتلىك دەپ ئاتايمىز. ھەرگىزمۇ بىر كىشىنى مەدەنىيەتلىك دەپ ھۆكۈم قىلىشتا، ئۇنىڭ مەلۇم قىممەت قاراشقا، بەلگىلىك پەلسەپىۋى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش-بولماسلىقىنى ياكى ئۇنىڭ بىلىم سەۋىيىدە ماگىستىر ياكى دوكتور بولۇشىنى شەرت قىلمايمىز. گەرچە بۇلارمۇ مەدەنىيەتنىڭ تەركىبلىرى بولسىمۇ بۇ يەردىكى ئىپادىلەيدىغان مەنىسى ئۇ ئەمەس. يەنى بىزنىڭ بۇيەردە مەدەنىيەت ئىبارىسىنى قوللىنىپ مەدەنىيەتلىك ئادەم دېگىنىمىز ھەرگىزمۇ مەدەنىيەتنىڭ بارلىق ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن كىشىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئادەتتە بۇ خىل كونتېكستتا 文明 ئىشلىتىلىدۇ.

3-جۈملىگە قارايلى. بىز ھازىرغا قەدەر تولا ئانكېت - جەدۋەل توشقۇزغان. «مەدەنىيەت سەۋىيىسى»دېگەن كاتەككە نېمە دەپ توشقۇزۇشنى بىلىمىز. بۇيەردىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئادەمنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى، ئىدىيە - قارىشىنى ئەمەس بەلكى ئۆگەنگەن بىلىم -سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك بۇمۇ ئوخشاشلا مەدەنىيەت ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ بىرىنىلا ئىپادىلەيدۇ. ئەمما يەنىلا ئورتاق ئاتالغۇ «مەدەنىيەت» ئىشلىتىلىۋېرىدۇ. بۇيەردە 文化 قوللىنىلىدۇ.

بۇ ئىككى تۈرلۈك مىسالدىكى 文明 ۋە 文化 لار ئىپادىلىگەن مەنىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، 文明 نىڭ ئادەمنىڭ مەنىۋى - ئەخلاق ساپاسىغا قارىتىلغانلىقىنى، 文化 نىڭ ئادەم ئىگىلىگەن بىلىمگە قارىتىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. دېمەك، بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ پەرقىنى ئاز-تولا ھېس قىلالايمىز. ئەمما بۇ مەنىلەر ئاشۇ خىل كونتېكستتىلا ئىپادىلەنگەن مەنىلەردۇر. بىز مۇلاھىزىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئىبارىلەرنىڭ مەنىسى ۋە پەرقلىرىنىڭ پەقەت يۇقىرىقىلارلا ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئەمدى بىز 4-، 5-، 6-مىساللارنى قوشۇپ تەھلىل قىلايلى. 4- ۋە 5-مىساللاردا ئوخشاشلا «مەدەنىيەت توقۇنۇشى»دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلغان. ئەمما 4- مىسالدىكى «مەدەنىيەت توقۇنۇشى»دىكى مەدەنىيەت 文明 دۇر، 5- مىسالدىكى بولسا 文化 دۇر. ئۇنداقتا نېمىشقا ئوخشاش بىر بىرىكمىدە مەدەنىيەت يەنە ئىككى خىل مەنىگە ئىگە بوپقالىدۇ؟

4-مىسالدىكى مەدەنىيەت، ئومۇملاشقان كەڭ دائىرىدىكى مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مەدەنىيەت گۇرۇھلىرىغا قارىتىلغان. 5- مىسالدا بولسا نەق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزىگىلا قارىتىلغان. مەسىلەن: يېمەك-ئىچمەك ئادىتى، كىيىم-كېچەك پاسونى، دىسكو، بەزمىخانا، مەشرەپ، نەۋرۇز بايرىمى، دوپپا كىيىش دېگەندەك. 4- مىسالدىكى مەدەنىيەت مەزكۇر مەدەنىيەتكە تەۋە ئەللەرنى قوشۇپ نەزەردە تۇتقان. ئۇنىڭدىكى مەدەنىيەت توقۇنۇشى ھەرگىزمۇ مەدەنىيەتنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىدىكى سىغىشالماسلىق ئەمەس بەلكى مەدەنىيەتكە تەۋە خەلقلەر ئارىسىدىكى ئەمەلىي توقۇنۇشتۇر. مەسىلەن: دۇنيا سەككىزچوڭ مەدەنىيەت رايونىغا بۆلۈنگەن دېيىلگەن. بىز دەل يۇقىرىقى مەنىنى نەزەردە تۇتىمىز. بۇ خىل ھالەتتە، بىر جەھەتتىن، مەدەنىيەتنىڭ ھەجمى، دائىرىسىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر جەھەتتىن مەدەنىيەتكە تەۋە ئەللەرنىمۇ قوشۇپ كۆرسىتىدۇ. 5- مىسالدىكى مەدەنىيەت توقۇنۇشى بىز تىلغا ئالغان كونكرېت مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ شۇ جەمئىيەتتىكى سۈركىلىش، سىغىشالماسلىق، ئاۋامنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈش مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ بىرى» دېسەك، بۇ جۈملىدىكى مەدەنىيەت نەق ھادىسىنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ 文化 بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ.

ئەمدى 6- مىسالغا كۆچسەك، بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى پەرق تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.

بىزگە مەلۇم، ئىرېلاندىيىلىك ئەرلەرنىڭ يوپكا كىيىشتىن ئىبارەت ئۆزىگە خاس كىيىنىش ئادىتى بار، باشقا ياۋروپالىقلار ئۇنداق ئەمەس. ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئۆرپ-ئادەتلىرى، پەرقلىنىدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلى بار. ئۇنداقتا، ئۇلار نېمىشقا ئورتاق بىر مەدەنىيەتكە تەۋە بوپقالىدۇ؟ ۋەھالەنكى ئۇلارمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە تۇرسا؟ بۇيەردە ئوخشىمىغان ئۆرپ-ئادەت، ئۇسلۇبلارغا ئىگە خەلقلەرمۇ ئوخشاش بىر مەدەنىيەتكە تەۋە بولالامدۇ؟ ئەگەر بولالايدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇلارنى ئورتاق مەدەنىيەتكە تەۋە قىلالايدىغان ماھىيەتلىك ئامىللار قايسى؟دەيدىغان مۇھىم سوئال تۇغۇلىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، مەدەنىيەت دېگەن مۇرەككەپ گەۋدىگە تەۋە ئامىللارنىڭ ھەممىسىلا مەدەنىيەتنىڭ يىلىكىنى ۋە ئاخىرقى تەۋەلىكىنى بەلگىلىشى ناتايىن. بۇيەردە سوگۇشۇننىڭ مەدەنىيەتنى قاتلامغا ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ شەرھلەش تولىمۇ ئۈنۈملۈك. ئۇ مەدەنىيەتنى «يۇقىرى قاتلام يەنى ئېتىقادىي قىممەت قاتلىمى ( 理念价值 )، ئوتتۇرا قاتلام - بىر قەدەر قېلىپلاشقان قىممەت

www.uyghurkitap.com

قاتلىمى ( 规范价值 ) ۋە تۆۋەن قاتلام - پايدىۋى قىممەت قاتلىمى ( 实用价值 ) دەپ ئۈچ قاتلامغا بۆلىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھەرىكەت ۋە تەرەققىيات ھالىتى بويىچە قارىغاندا، بۇنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام ئەڭ مۇكەممەل، تۇرغۇن ھالەتتە، ئوتتۇرا قاتلام بىر قەدەر تۇراقلىق بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا ئۆزگىرىش ھالىتىدە، تۆۋەن قاتلام بولسا ئەمەلىي پايدا ئاساسىدا دائىم ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ تۇرۇدىغان، ئەڭ ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرىدۇ. يۇقىرى قاتلام ئېتىقادىي قاتلام بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر مىللەتنىڭ ئەڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېرىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ مەزكۇر مىللەت خەلقىنىڭ نېمىگە چوقۇنۇپ، نېمىگە قارشى تۇرۇشىدىكى تۈپ بەلگىدۇر»①.

بىز بۇيەردە بۇ ئۈچ قاتلامنىڭ كونكرېت نېمىلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ ئولتۇرمايمىز. پەقەت قايسى قاتلامنىڭ مەدەنىيەت (ھەزارەت 文化) نىڭ ئاخىرقى تەۋەلىكىنى بەلگىلەيدىغان تەرەپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلايمىز. روشەنكى، ئۆزگىرىشچان نەرسىلەر شەيئىنىڭ ئاخىرقى تەۋەلىكىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. بۇنى پەقەت مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە ماھىيەتلىك نەرسىلەرلا بەلگىلىيەلەيدۇ. ئېتىقادىي قاتلام مەدەنىيەت (ھەزارەت) تەركىبىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك يادرولۇق ئامىلدۇر. پەقەت مۇشۇلا مەزكۇر مەدەنىيەت ( 文明 ) ئەھلىنىڭ ئاخىرقى تەۋەلىكىنى بەلگىلىيەلەيدۇ. گەرچە بىز بايا تىلغا ئالغان ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەقىقەتەن نۇرغۇن روشەن پەرقلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنى يەنىلا غەرب مەدەنىيىتىگە ( 文明 ) تەۋە دەپ قارىشىمىزدىكى سەۋەب دەل ئۇلارنىڭ ئورتاق ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئىگە بولغانلىقىدا. ياكى باشقىچەرەك ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئورتاق دىنىي ئېتىقاد، ئورتاق قىممەت قاراش ۋە ئىدېئولوگىيىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ قايسى لاگېرغا تەۋەلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ تۈپكى ئامىل.

سەيمىل خانتىڭتونمۇ: «غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ( 文化 ) ماھىيىتى چوڭ ئاساسىي قانۇن (Magna - Carta)، ھەرگىزمۇ Magna - Mac (ئامېرىكىنىڭ داڭلىق بىر مەھسۇلاتى بولۇشى مۇمكىن) ئەمەس②» دەيدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە «... غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ( 文化 ) يادروسى بولغان تۈزۈلمە، ئەمەلىيەت، ئېتىقاد جەھەتلەردە پىكىر بىردەك. ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1. كلاسسىك مىراسلار، 2. كاتولىك دىنى ۋە پروتېستانت دىنى، 3. ياۋروپادىكى تىللار، 4. مەنىۋى نوپۇز ۋە ئەلمانىي نوپۇز (دىندىن خالىي نوپۇز) نىڭ ئايرىلىشى، 5. قانۇن-تۈزۈم، 6. ئىجتىمائىي كۆپ مەنبەچىلىك، 7. ۋەكىل ئاپپاراتلىرى، 8. شەخسچىلىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت»③.

بۇ بىزنىڭ غەرب مەدەنىيىتى ( 文化 ) دېسىلا كۆز ئالدىمىزغا كېلىدىغان يالىڭاچ بەدەن، جىنسىي ئەركىنلىك، بەزمىخانا، يۇقىرى ئىستېمال چۈشەنچىلىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بىز غەرب مەدەنىيىتى دېگەندە بەلگىلەر تۈپىنى نەزەردە تۇتساق، ئۇلار دەل ماھىيەتلىك تەرىپىنى نەزەردە تۇتىدۇ.

بىز يۇقىرىقى تەھلىلدىن مۇنداق ئىككى يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز: بىرى، پەقەت ئېتىقادىي، ئىدىيىۋى قاتلاملا مەدەنىيەت ( 文化 ) نىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك يادروسى بولۇپ، ئۇ، تەۋەلىك ۋە كىملىكىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ ئامىل. ئىككىنچىسى، مەدەنىيەت ( 文明 ) بىر چوڭ كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇ نىسبەتەن پەرقلىق نۇرغۇن ھەزارەت ( 文化 ) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئوخشىمىغان ھەزارەت ( 文化 ) بولسىمۇ، يەنىلا ئورتاق مەدەنىيەت ( 文明 ) غا تەۋە.

ئەمدى 7-مىسالغا قارايلى.

ئۇ قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ياۋايى ئىكەنلىكى دەل ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتسىز ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇلارنىڭ تەربىيە كۆرمىگەن، ساۋاتسىز، تېرە-يوپۇرماقلارنى كىيىم قىلىدىغان، پاكىز ئەمەس. . . ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان مەدەنىيەت ( 文明 ) نىڭ مەنىسى دەل بىرىنچى مىسالدىكىگە ئوخشايدۇ. ئەمما بۇ يەردە مۇنداق بىر مۇھىم مەسىلە بار: يەنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتسىز ئىكەنلىكى ئۇلاردا مەدەنىيەت (ھەزارەت 文化) ئامىللىرىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرەمدۇ؟ ئۇلاردا ھەزارەت ( 文化 ) يوقمۇ ياكى مەدەنىيەت ( 文明 ) يوقمۇ؟ ئەنە شۇ ياۋايى دەپ ئاتالغان كىشىلەرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ-ئادەتلىرى، مۇراسىملىرى، تەپەككۇر ئۇسۇلى بولىدۇ. دېمەك ئۇلاردا ھەزارەت ( 文化 ) بولىدۇ، ئەمما مەدەنىيەت ( 文明 ) بولمايدۇ. دېمەك مەدەنىيەت ( 文明 ) ھەزارەت ( 文化 ) نىڭ بەلگىلىك يۈكسەكلىك - ئىلغارلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

«1874-يىلى تايلورنىڭ ‹ئىپتىدائىي مەدەنىيەت› ( 原始文化 ) ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئىنسانشۇناسلار ۋە مىللەتشۇناسلار بارغانسېرى ‹文化› دېگەن ئىبارە بىلەن ئۆزلىرى تەتقىق قىلىۋاتقان ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى تەسۋىرلەشكە باشلىدى. ئىنگلىز تىلىدىكى Civilization دېگەن سۆز ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى تەسۋىرلەشتە قوللىنىلدى. باشقا ئەللەر ئالىملىرىمۇ مۇشۇ ئېقىمغا ئەگىشىپ تۆۋەندىكىدەك ئەھۋال كېلىپ چىقتى: غەرب مەدەنىيىتى دەپ 西方文明، 西方文化 دېيىشكىمۇ، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ( 原始文化 ) دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئەمما 原始文明 دېيىشكە بولمايدۇ»④.

ئەمدى ئاخىرقى مىسالنى تەھلىل قىلىمىز.

بىز مىسىر مەدەنىيىتى دېگىنىمىزدە، كۆز ئالدىمىزغا مىسىرنىڭ ئەلئېھراملىرى، شىرتەنلىك ئادەم ھەيكەللىرى كەلسە، قەدىمقى گرېك مەدەنىيىتى دېگىنىمىزدە يۇناننىڭ پەيلاسوپلىرى، دېموكراتىك تۈزۈمى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئوخشاش بىر مەدەنىيەت دېگەن بىر ئىبارە بىلەن بىرىدە ھۈنەر-سەنئەت، بىناكارلىق دېگەندەك ماددىي تەرەپلەر

كۆزدە تۇتۇلسا، يەنە بىر ردە غەيرىي ماددىي تەرەپلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئاخىردا، ئەسكەرتىش سۈپىتىدە شۇنى قوشۇپ قويۇش كېرەك: مەدەنىيەت دېگەن ئاتالغۇنى قانداق چۈشىنىشتىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە چۈشەنگۈچىنىڭ قايسى مەدەنىيەتكە تەۋەلىكىدە. ئوخشىمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ يەردە مۇشۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەيمىز. مەدەنىيەت دېگەن بۇ ئاتالغۇ سۆز خاراكتېرىدىن ئالغاندا نېيترال سۆزمۇ (ئىجابىيمۇ، سەلبىيمۇ ئەمەس) ياكى ئىجابىي سۆزمۇ ۋە ياكى سەلبىي سۆزمۇ؟ بىز ئاساسەن ئۇنى ئىجابىي سۆز دەپ چۈشىنىمىز. يەنى مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇشنى ياخشىلىققا، يۈكسەكلىككە، گۈزەللىككە ئىگە بولۇش دەپ چۈشىنىمىز، مەدەنىيەتسىز قىلىشنى بولسا يامان ئىش دەپ بىلىمىز. ئەگەر بىر ئىسلام ئېتىقادچىسى ئۇنى ئىجابىي ۋە سەلبىي ھەر ئىككىلا تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ــ نېيترال ئۇقۇم دەپ قارىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا نىسبەتەن مەدەنىيەت تەركىبلىرى ھېسابلانغان ئەركىن مۇھەببەتلىشىش، بىرگە تۇرۇش... دېگەنلەر دىنىي بەلگىلىمە بويىچە گۇناھ ھېسابلىنىپ، بەلكى مەدەنىيەتنىڭ بىر مەزمۇنى ھېسابلانغان بولىدۇ. ۋەھالەنكى بۇنداق قاراش ئۇنىڭ ئېتىقادى بىلەن زىت. ئەگەر ئۇ مەدەنىيەتنى ئىجابىي ئۇقۇم دەپ قارىسا، ئۇ ھالدا ئۇ مەدەنىيەتتىكى ئېتىقادىغا زىت ھەرقانداق بىر تەركىبنى مەدەنىيەت ئەمەس دەپ بىلىشى، مەدەنىيەتنى گۇمانىي تەركىبلەردىن خالىي ــ پاكىز گەۋدە دەپ قارىشى ۋە بۇ ئۇقۇمغا ئۆز مەۋقەسىدىن تۇرۇپ ئىزاھ بەرمىكى زۆرۈر بولىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللىق بايانلاردىن كېيىن ئوقۇرمەنلەردە مەدەنىيەت ئۇقۇمى ۋە ھەزارەت (文化) بىلەن مەدەنىيەت (文明) نىڭ پەرقىگە نىسبەتەن بىر قەدەر ئاددىي بولسىمۇ دەسلەپكى چۈشەنچە شەكىللەندى دەپ ئويلايمەن، ھەمدە خۇلاسىنى ئۆزلىرى چىقىرىۋالالايدۇ دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە، بۇ قىسقا مۇلاھىزىدىن چۈشەنچە مۇجمەللىكىنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. سەيمىل خانتىڭتونمۇ: «ۋەھالەنكى ھەزارەت (文化) بىلەن مەدەنىيەت (文明) نى پەرقلەندۈرۈش تىرىشچانلىقلىرى ئەزەلدىن كىشىلەر تەرىپىدىن چۈشىنىلمىدى»⑤ دەيدۇ.

مۇھىمى بۇنى چۈشەنگەندە بىرىنچىدىن شۇ ئاتالغۇ ئىشلىتىلگەن تىل مۇھىتىغا، ئىككىنچىدىن يازغۇچىنىڭ ئىشلىتىش مۇددىئاسىغا ۋە ئادىتىگە ئالاھىدە سەزگۈر بولۇش كېرەك.

ئەمدى بىز مەدەنىيەت ھەققىدە شەكىللەندۈرگەن چۈشەنچىلىرىمىز بىلەن، بىز ماقالىنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان زامانىۋى تاجاۋۇزچىلىق دېگەن ئۇقۇمغا نەزەر سالىمىز. بۈگۈنكى زامانىۋى تاجاۋۇزچىلىق دېگىنىمىز ماھىيەتتە مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى بولۇپ، ئۇ ھاكىم مەدەنىيەت دۆلەتلىرىنىڭ مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقلىرىگە ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى، ئىدىيە-ئېتىقادىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر مەدەنىيەت رايونىدىكى سىياسىي مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان تايانچ كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، شۇنداقلا مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقى ئارىسىدا ئۇلارنىڭ سىياسىتىنى قوللايدىغان ئىجتىمائىي ئاڭ يارىتىش جەريانىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىنتايىن ئىستىخىيىلىك جەريان بولغاچقا، مۇھىمى مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقى ئۆزى خالاپ ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ماھىيىتىنى ئاسانلىقچە كۆرگىلى بولمايدۇ.

مەلۇمكى، ئادەمدە ئەقىل بولغاچقا مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن. ئادەم ئەقىللىق مەخلۇق بولغانلىقتىن ئۇ ھاياتىدىن مەنە ـ قىممەت ئىزدەيدۇ. ئەنە شۇ ئىزدىنىش داۋامىدا ئىنسانلار مەلۇم ئىدىيىگە ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاپ، تۇرمۇشىدىكى بىر مۇقەددەس مەبۇدقا ئايلاندۇرىدۇ. (بەلكىم ئۇلار ئۇلۇغلاشقا ئەرزىيدىغىنىنىمۇ، ئەرزىمەيدىغىنىنىمۇ تېپىپ قېلىشى مۇمكىن.) كىشىلەر شۇ ئېتىقادنى قەلبىدىلا ساقلىماي، ئۇنى تۇرمۇشىدا، كۈندىلىك ئىش-پائالىيەتلىرىدە ھەرخىل شەكىللەردە گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئەنە شۇ جەرياننىڭ داۋاملىشىشى ئارقىسىدا ئاستا-ئاستا بەلگىلىك بىر تۇرمۇش ئۇسۇلى، تەپەككۇر قېلىپى يارىتىلىدۇ. مەدەنىيەت ئەنە شۇنداق بارلىققا كېلىدۇ. دېمەك، مەدەنىيەت ماھىيەتتە بەلگىلىك ئېتىقادنىڭ كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى رېئال ئىپادىسىدۇر. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئاشۇ ئورتاق ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەر بەلگىلىك بىر مەدەنىيەت گۇرۇھى بولۇپ شەكىللىنىپ، ئۆزىنى مەدەنىيەت جەھەتتە ئوخشىمايدىغانلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ. مەدەنىيەت بۇ ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا بىر ئورتاق سالاھىيەت، كىملىك ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى تەبىئىيلا بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، تەقدىرداش كوللېكتىپقا ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە دوست-دۈشمەن ئۇقۇمى پەيدا بولىدۇ. ئەلۋەتتە بايلىق، زېمىن قاتارلىق ماددىي ئامىللارمۇ ئىنسانلارنى دوست-دۈشمەنگە ئايرىشتىكى مۇھىم ئوبيېكتىپ سەۋەب بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەت سالاھىيىتى بويىچە ئايرىلغان دوست-دۈشمەن مەڭگۈلۈك، ماددىي مەنپەئەت توقۇنۇشىدىن كەلگەن دوست-دۈشمەن ۋاقىتلىق بولىدۇ.

يوشۇرۇن ئېنېرگىيىسى خوراپ قالمايدىغان، تەشەببۇسكار مەدەنىيەتلەر دەل ئەبەدىي قىممەتكە ئىگە ئېتىقادنى يادرو قىلىدۇ. ۋەھالەنكى ئېتىقادنىڭ ئەبەدىيلىكى، ئېتىقاد باغلانغان ئوبيېكتنىڭ ئەبەدىيلىكى شۇنداقلا مەزكۇر ئېتىقادنىڭ بەلگىلىك بىر سىياسىي نىشانى بار-يوقلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇنداق نىشانغا ئىگە مەدەنىيەتلەردە ئىچكى بۇرچ تۈيغۇسى بولۇپ، توختىماستىن ئۆز تەشەببۇسىنى يېيىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ھەمدە بۇ تەشەببۇسنى قانداق يېيىش، رەقىب مەدەنىيەتلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش، قانداق كۈچ توپلاش قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك ئىستراتېگىيىلىك پىلان شەكىللەندۈرىدۇ. ئەنە شۇ مەدەنىيەتلەر كېڭىيىش ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى تەكىتلەش داۋامىدائۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش، يەنىمۇ كېڭەيتىشكە يول ھازىرلاش،شۇنداقلا رەقىب مەدەنىيەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي، تەشكىللىك كۈچكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.دە ھەر مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ سىياسىي ئاپپاراتى - دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىدۇ ھەمدە شۇ دۆلەت ماشىنىسىنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ساقلاش، يىمىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تاشقى جەھەتتە بولسا، يەرشارى دائىرىسىدە تەسىرىي كۈچىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش،رەقىب مەدەنىيەتلەرگە نىسبەتەن كۈچ ئەۋزەللىكىنى ساقلاش ئۈچۈن مۇكەممەل ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر-سىياسەتلەر بىلەن خىزمەت قىلىدىغان مۇستەھكەم ئورگانغا ئايلاندۇرىدۇ.

شۇڭلاشقا بىز تارىختىمۇ ياكى بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغدىمايدىغان،تەرەققىي قىلدۇرمايدىغان،تەشۋىق قىلمايدىغان،يات مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز تېررىتورىيىسىگە توسقۇنسىز كىرىۋېرىشىگە يول قويىدىغان دۆلەتنى تاپالمايمىز.

دېمەك، مەدەنىيەت تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن دۆلەت، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەدەنىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇنىڭ تەرەققىياتى،مەۋجۇدلۇقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا، دۆلەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ كۈچى ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.بىز بۇيەردە مەدەنىيەتنىڭ كۈچى دېگەندە بىرىنچىدىن، مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ يات مەدەنىيەت خەلقلىرىگە نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچىنى ۋە ئەۋزەل تەرەپلىرىنى ،ئىككىنچىدىن، مەزكۇر مەدەنىيەت خەلقىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەمەلىي كۈچىنى نەزەردە تۇتىمىز. بىر مەدەنىيەتنىڭ غالىب ياكى مەغلۇبلىقىنى ،مەدەنىيەتنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئەمەس بەلكى مەزكۇر مەدەنىيەت دۆلىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،ھەربىي كۈچى بەلگىلەيدۇ. ئەنە شۇ جەھەتلەردە ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئاجىز دۆلەت خەلقلىرىگە نىسبەتەن ئىنتايىن كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ھاكىم مەدەنىيەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ماددىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەردىن ئىلغار،ئەۋزەل ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ روشەن ئىسپاتىغا ئايلىنىدۇ. بىر مەدەنىيەتكە بولغان قايىللىق، ماھىيەتتە شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە بولغان قايىللىقتىن كېلىدۇ.

قارايدىغان بولساق، تارقىلىۋاتقان ئېقىم، مودا بولۇۋاتقان شەيئىلەرنىڭ دەل كۈچلۈك دۆلەتلەردىن كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. كۈچكە قايىل بولۇش ئىنسانىيەتكە ئورتاق بىر پسىخىكا.بىز يا تارىختىن يا كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيادىن ئاجىز دۆلەت مەدەنىيىتىنىڭ مودا بولغان ياكى كۈچلۈك دۆلەت مەدەنىيىتىنىڭ خارلىنىپ قالغانلىقىدەك پاكىتنى ئۇچرىتالمايمىز.دېمەك، بىر دۆلەت ئۆز مەدەنىيىتىنى دۇنيادا ئومۇملاشتۇرماقچى، ئۇنى دۇنيانىڭ ئۆرنەك ئۈلگىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى كۈچەيتىشى ،ئۆز خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇش ھالىتىنى يۇكسەلدۈرۈشى كېرەك. مەدەنىيىتىنى ئېغىزدا، قەغەزدە،سەھنىدىلا تەشۋىق قىلىش، پەقەت شۇ مەدەنىيەتنىڭ يەرشارىدا تېخى مەۋجۇدلۇقىنى، نەسلىنىڭ تېخى قۇرۇپ كەتمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. مانا بۇلاردىن سېرىق چاچ،قىزىل چاچلارنىڭ ،تورت يېيىش،شام پۈۋلەشلەرنىڭ بىزنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە جەلپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمىكىمىز تەس ئەمەس.

مەدەنىيەتنىڭ خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن سەزگۈر دۆلەتلەر مەدەنىيەتنى ئىچكى دۆلەت سىياستى ۋە تاشقى - دىپلوماتىيە سىياستىدە تولىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ئىچكى جەھەتتە، مەدەنىيەتتىكى مۇستەھكەملىك خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچەيتسە، خەلقئارا نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەزكۇر دۆلەت مۇھىتىنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك كېڭىيىشى بۇ دۆلەت تاشقى دۇنيا سىياستىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قوللىغۇچىلىرىنى كۆپەيتىپ، بۇ دۆلەتكە پايدىلىق جامائەت پىكرى ۋە خەلقئارا مۇھىت يارىتىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يەرشارى مىقياسىدىكى كېڭىيىشى، ئاجىز ئەللەرنىڭ ئۆگىنىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىشى ھەرگىزمۇ بىر ئويلىغاندەك تەبىئىي جەريان بولماستىن ،بەلكى سىياسىي مەنپەئەتنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن مەدەنىيەت ۋاستە قىلىنغان بىر ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىنىڭ پىلانلىق ئىجرا قىلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە ئافغانىستان، ئىراقلارنى باشقۇرۇشقا ئىلگىرى نامىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان كارزاھىي، ياۋال ،ئەلاۋىيدەكلەرنىڭ سەھنىگە چىقىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس ،بەلكى جاھانگىرلارنىڭ بالدۇرلا تۈزۈلگەن كەلگۈسى ئىستراتېگىيىسىنى ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىشتا ئىشلىتىشكە ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان نامزاتلاردىن ئىبارەتتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ سىياسىي مەنپەئىتىگە نىسبەتەن ئويغاق دۆلەتلەر مەدەنىيەتنى قانداق قورال قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ.

كۈنسايىن ئىلغارلىشىۋاتقان مېدىيىلەر (ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى)بۈگۈنكى زامانىۋى تاجاۋۇزدا زەمبىرەك، باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئورنىنى ئالدى. مانا مۇشۇ ئاۋازسىز ،ئىس-تۈتەكسىز «باشقۇرۇلىدىغان بومبا»لار قۇدرەتلىك دۆلەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلىۋەتتى.روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىرىدىن ئالكساندىروۋىچ لېسكن ۋە ئالكساندىروۋىچ شېرىپىنلار مۇنداق دەيدۇ: «ئۇچۇر ئۇرۇشى مەسىلىسى دۆلىتىمىزدە بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. بۇ بىر خىل يېڭىچە ئۇرۇش بولۇپ، تىغ ئۇچى ئاۋامنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە قارىتىلغان. بۇ ئۇرۇش ئاۋامنىڭ ئېڭىنى كونترول قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى مۇشۇ شەرتكە بېقىندۇرۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇچۇرلاردىن پسىخىكىسى تەسىرگە ئۇچرىغان ئادەم

تولا ھاللاردا ئېسىگە كېلەلمەيدۇ . . .

ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى – ئۇچۇر-پسىخىكا ئۇرۇشىنىڭ باشلانغانلىقىغا 50 يىل بوپقالدى . 1948-يىلى 18-ئاۋغۇستتا ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى 1/ 20 نومۇرلۇق ‹ ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە يەتمەكچى بولغان نىشانى › دېگەن پەرماننى ماقۇللىدى . بۇ پەرمان يېڭىچە ئۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى : ئۇچۇر قورال قىلىندى . ئۇرۇشنىڭ نىشانى ئىجتىمائىي ئاڭنى مەلۇم نىشانغا بۇراش ، ۋەزىپىسى بولسا ئىجتىمائىي ئاڭدا ئەتراپتىكى دۇنياغا ساختا تونۇش پەيدا قىلىپ ، مەزكۇر دۆلەت ئاھالىلىرىنى باشقۇرۇش ساھەسىدىكى سەرخىللارنى كونترول قىلىش بولدى . . . بۇ ئۇرۇش ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى يىمىرىش بىلەن نەتىجىلەندى . ئۇرۇشتا تانكىلار ئىشلىتىلمىدى ، ئايروپىلاندا بومباردىمان قىلىنمىدى ، بەلكى ئىجتىمائىي ئاڭغا ئۈزلۈكسىز ، توختاۋسىز ھۇجۇم قىلىندى . بۇ دەۋردە ھەرگىزمۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلىمىدى . . . بۇ ئۇرۇش كىشىلەر دىققەت قىلمايدىغان ساھەدە ئېلىپ بېرىلدى . ئاڭنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى ئاڭنىڭ كونترول قىلىنىشىغا ئاساس بوپقالدى »⑥ .

ئۇچۇر – پسىخىكا ئۇرۇشى دېگەن بۇ نام ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ئۇرۇشىنىڭ تېخىمۇ كونكرېت ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت ، خالاس . ئەگەر بىز بۇنىڭغا ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە «ھورلۇك» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرغانلىقىنى ، ئىراقتىن 100 مىڭ ئايال ئوقۇغۇچىنى ئامېرىكىدا تەربىيىلەپ ، ئىراقتا كىشىلىك ھوقۇق ، دېموكراتىيە ئىدىيىسى تارقاتماقچى بولغانلىقىنى⑦ (ئامېرىكىنىڭ «بۈيۈك ئوتتۇرا شەرق پىلانى»دا مۇشۇنداق مەزمۇن بار ) ، «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ھەرخىل تىللاردا جاھاندا تارقالمىغان بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرى قالمىغانلىقىنى ، ھازىر بىز ئاڭلاۋاتقان خەۋەرلەر مەنبەسىنىڭ قايەرلىكىنى باغلاپ پىكىر يۈرگۈزسەكلا ، بۇ ئۇرۇشنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھالاكىتى بىلەنلا ئاخىرلىشىپ قالمىغانلىقىنى ، ئەكسىچە يېڭى باسقۇچقا كىرىپ ، تىغ ئۇچىنىڭ يېڭى رەقىبلىرىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز . بۈگۈنكى دەۋردە مەدەنىيەت بۇ ئىس-تۈتەكسىز جەڭدىكى ئاساسلىق قورالغا ئايلاندى . «بىر دۆلەت ياكى خەلقنىڭ سىرتقا نىسبەتەن ئوبرازى باشقا ئەللەردە ئۆز تەسىرىنى تۇرغۇزۇشنىڭ كۈچلۈك ئاساسىدۇر . . . مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان ياخشى چۈشەنچە ۋە تەسىر مەزكۇر دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشىگە ، مەزكۇر دۆلەت سىياسىتىنىڭ باشقا دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئاقىلانە ، مۇۋاپىق دەپ قوبۇل قىلىنىشىغا ، مەزكۇر دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە بولغان رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشىگە ۋە بۇنى ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق نىشانغا بۇراشقا پايدىلىق . شۇڭلاشقا ، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ياخشى خەلقئارالىق ئوبرازىنى تىكلەش ، ئۆز تىلىنى كېڭەيتىش دۆلەتكە نىسبەتەن ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە . . . مەدەنىيەت ۋە تىل بىر دۆلەت خەلقىنىڭ مەھسۇلى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوبراز ۋەكىلى . دۆلەت مەدەنىيەت ۋە تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى شۇنداقلا ئۇنىڭ سىرتقا تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ . شۇنداقتىمۇ چەت ئەللىكلەرنى ئۆز مەدەنىيىتىدىن زوقلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئىككى دۆلەت خەلقىنى بىۋاسىتە ئۇچراشتۇرۇشتۇر . بۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ، پائالىيەتلىرى ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئۇچراشتۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شۇڭلاشقا ، بىر دۆلەت سىرتقا نىسبەتەن ئۆز تەسىرىنى تىكلەشنى ئىستىسە ، چوقۇم ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى بىلەن چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىمكانقەدەر كەڭرەك ئۇچرىشىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك . باشقا دۆلەت ۋە ئۇنىڭ خەلقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ، دەرھال مەزكۇر دۆلەتنىڭ ھېلىقى دۆلەت ۋە ئۇ دۆلەت خەلقىگە بولغان تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ . كۈنلەرنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بۇ دۆلەت خەلقىنىڭ ئۆزى بىلەن يىراقلىشىپ كەتكەن دۆلەتنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىشى قىيىن بولىدۇ . . . تىلنىڭ جەلپكارلىقى تىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىدىيە ۋە تىل ئارقىلىق يۈكسەلگەن مەدەنىيەت پەللىسىدىن كېلىدۇ . . . بىر تىلنى كېڭەيتىش تىرىشچانلىقى ئۆز ئىدىيىسىنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىشتىن باشلىنىدۇ . تىلىنى كېڭەيتمەكچى بولغان دۆلەت بۇ خىل تەرجىمە ئىشلىرىنى قوللىشى كېرەك . . . چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىگە كېلىپ ئوقۇشىنى قوللاش ئۆز تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن ، ئۆز ئىدىيىسىنىڭ بىر تۈركۈم خەلقئارالىق قوللىغۇچىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيدۇ . . . كىتاب ئېكسپورت قىلىش ، رادىئو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى تارقىتىش ئارقىلىق دۆلەت بۇ چەت ئەللىك قوللىغۇچىلىرىنى ئىزچىل تەربىيىلەپ تۇرالايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەسىلىلەرنى كۆزىتىشىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ . . . تىل ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم رايون ياكى يەرشارى مىقياسىدىكى ئەۋزەللىك ئورنى بۇ دۆلەتنىڭ ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە ئورنىنى تىكلەيدۇ . بۇ ئورۇن مەزكۇر دۆلەتنىڭ ئۆز نىشانى بويىچە باشقا خەلقلەرنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ . شۇڭلاشقا بىر دۆلەتنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى خەلقئارالىق ئابرويى مەزكۇر دۆلەت ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئەھمىيىتى زور ، مۇھىم تەركىبىي قىسمى . ئىناۋەتنىڭ كۆتۈرۈلۈشى باشقا دۆلەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ . باشقا دۆلەت خەلقى بىلەن مەدەنىيەت ئالاقىسى ئېلىپ بېرىش ، سىياسىي تەسىر يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم يولى ، شۇنداقلا ئۇ جەمئىيەتكە سىڭىپ كىرىشتىكى بىر كاتالىزاتور . باشقا دۆلەتلەرگە مەدەنىيىتىنى چىقىرىشنى چەكلەيدىغان دۆلەتلەر ئۆزىنى خەلقئارالىق تەسىر تالىشىش رىقابىتىدە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ . دۆلەت سىرتىدىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىش ، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى

كۇچەيتمەكتە»⑧ .

مەلۇمكى، ئادەملەرنىڭ دۇنيانى بىلىشى ئۇلارنىڭ كۆرۈش، ئاڭلاش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىنى مېڭىسىدە پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. سەزگۈ ئەزالار بىلىشنىڭ مەنبەسى. بىر ئادەمنىڭ بىلىش دائىرىسى شۇ ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارى يەتكەن دائىرىگىچە بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى مېدىيىلەر بولسا ئادەملەرگە قوشۇلغان يەنە بىر سەزگۈ ئەزادۇر. ئىنسانلار بۇ سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق ئۇچۇر قوبۇل قىلىشنى ئىلگىرىكىدىن ھەسسىلەپ كۆپەيتتى، ۋاقىت مۇساپىسىنى قىسقارتتى. ئۆيدە ئولتۇرۇپلا دۇنيانى كۆزىتەلەيدىغان بولدى. ئىلگىرى دۇنيانى بىۋاسىتە كۆزىتىپ بىلگەن بولسا، ئەمدى ۋاسىتىلىك بىلىدىغان بولدى. ئۇلار كۆزەتكەن دۇنيا رېژىسسور، مۇھەررىرلەرنىڭ پەردىزىدىن ئۆتكەن - رەڭ بېرىلگەن دۇنيا ئىدى. مۇقەررەركى، سەزگۈلەر بايا بىز ئېيتقاندەك، بىلىشنى يارىتىدۇ. بىلىش بولسا ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردىكى ھەرىكەتتىكى خاتالىق بىلىشتىكى چولتىلىقتىن كېلىدۇ. شۇڭلاشقا كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن بىلىشنى، بىلىشنى كونترول قىلىش ئۈچۈن بىلىشنىڭ مەنبەئى بولغان سەزگۈ ۋە سەزگۈلەر قوبۇل قىلىدىغان ئۇچۇرلارنى كونترول قىلىش كېرەك.

بۈگۈنكى دۇنيادا كىشىلەر ئۇچۇر جەڭ مەيدانىدا ياشاۋاتىدۇ. ھەممە ئۆيدە رادىئو، تېلېۋىزور بار، ئىنتېرنېت شىددەت بىلەن ئومۇملاشماقتا. گېزىت-ژۇرناللارغا ھەممىلا يەردە مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى مېدىيىلەرنىڭ توختاۋسىز «بومباردىمان» قىلىشىغا ئۇچراۋاتىدۇ.

بۇنداق كۈچلۈك ھۇجۇمغا ئۇچراپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولۇش، دۇنيا ھەققىدە جايىدا - ساغلام پىكىر يۈرگۈزۈش ھەقىقەتەن بەك تەس. بىز ئادەمنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىدە مۇھىتنىڭ رولىنىڭ ئىنتايىن زورلۇقىنى بىلىمىز. ئەمما ئەنە شۇ مۇھىت تەربىيىسىدىن ئىبارەت تەبىئىي جەرياننىمۇ سۈنئىي، پىلانلىق جەريانغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەمما شۇ مۇھىت ئىچىدە نەپەسلىنىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بۇنى ھېس قىلالمايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئاتا-ئانا ئائىلە تەربىيىسى، ئائىلىدە يارىتىلغان مۇھىت ئارقىلىق بالىنى پىلانلىق تەربىيىلىگەندەك، دۆلەت مېدىيىلەر، مائارىپ ئارقىلىق شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي مۇھىت ئارقىلىق دۆلەت تەلەپ قىلغان ئىجتىمائىي ئاڭغا ئىگە خەلق يارىتالايدۇ. دېمەك، بۇ خىل مۇھىتتا ئىجتىمائىي ئاڭ ئىزچىل كونتروللۇق ئىچىدە بولىدۇ.

بۇ نۇقتىنى غەرب جاھانگىرلىرى بىزدىن ئوبدانراق چۈشەنگەچكە، ئۆز تاجاۋۇزىنىڭ ئۇچۇر مەدەنىيىتىنى قورال قىلغان ئىككىنچى باسقۇچىنى ئاللىقاچان باشلىۋەتتى. ئىلگىرى مەلۇم دۆلەتنى زېمىنىنى بېسىۋېلىش بىلەن مۇستەملىكە قىلغان بولسا، ئەمدى ئۇ خەلقنىڭ مېڭىسىنى ئىگىلىۋېلىش بىلەن شۇ خەلق ئارىسىدىكى ئۆزلىرى يېتىشتۈرۈپ چوڭ قىلغان سەرخىللار بىلەن مۇستەملىكە قىلىدىغان بولدى.

كىشىلەر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، جۇڭگو باشچىلىقىدىكى ئۈچىنچى دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەر ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئاخىرلاشقان دەپ قارايدۇ. ئەمما بۈگۈنكى جاھانگىرلىك ئۆزىنىڭ ۋاسىتىسى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. ئىلگىرى دۈشمەن ئاشكارا بولغان بولسا، ھازىر ھەممە كىشىلەرگە قۇتقۇزغۇچىدەك كۆرۈنىدىغان بولدى. جاھانگىرلىك ئاخىرلاشتى دەپ قاراشنىڭ ئۆزىمۇ مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت.

مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ ئاساسلىق ۋاسىتىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. مېدىيىلەر. بۇ، دۆلەتنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى بولغان گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزىيە، ئىنتېرنېت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار توختىماي ئۇچۇر تارقىتىش ئارقىلىق ئاۋامنىڭ زېھنىنى كاشىلا قىلالايدۇ. رەقىب خەلقنىڭ زېھنىنى كاشىلا قىلىپ، ئۇلارغا رېئاللىقنى نىقابلاپ كۆرسىتىش مېدىيىلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى.

2. نەشرىيات ئورۇنلىرى. بۇ، كىتاب ۋە ئۈن-سىن بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىدۇ. كىتاب ئارقىلىق قىممەت قاراش تارقىتىلسا، ئۈن-سىن بۇيۇملىرىدىكى ئويۇن-تاماشا خاراكتېرىدىكى ناخشا، كىنولار بىلەن مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقىنىڭ ياشلىرى چىرىتىلىدۇ. ئەسلىدە ئۆز خەلقىگە نىجاتلىق ئىزدەيدىغان، ئۇلۇغۋار غايىلەردە ياشاشقا تېگىشلىك، خەلقنىڭ ئۈمىدى بولغان ياشلار ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى شۇلارنىڭ كىنو، ناخشا-ئۇسسۇللىرى ئالدىدا ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھكۇم مەدەنىيەتتىن ھاكىم مەدەنىيەتكە قارشى شەكىللىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان تەھدىت بۆشۈكىدىلا يوقايدۇ.

3. دۆلەت ھالقىغان چوڭ شىركەتلەر. بۇلار ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان مەھسۇلاتلارنى مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭدۈرىدۇ. شۇنداقلا مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقىگە غەربنىڭ كۈچى، ۋەھىمىسىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇلار ئارىسىدا ھاكىم مەدەنىيەتكە بولغان قايىللىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.

4. مائارىپ. بۇ ئارقىلىق مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقى ئارىسىدا لوندون، ۋاشىنگتونلارغا سەجدە قىلىدىغان غەربچە مېڭىلەرنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇلار جاھانگىرلارنىڭ شۇرايوندا يۈرگۈزمەكچى بولغان سىياسىتىنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا، شۇنداقلا غەرب سىياسىتىنىڭ ھەققانىيلىقىنىڭ ئاكتىپ ئاقلىغۇچىلىرىغا، ئاۋام ئارىسىدا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەشۋىقاتچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە ھاكىم مەدەنىيەتنىڭ مەھكۇم مەدەنىيەت ئىچىدىكى مائاش ئالماي ھەقسىز خىزمەت قىلىپ بېرىدىغان «كادىر» لىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمما بۇ «كادىر»لار قىلىۋاتقانلىرىنى خەلقنى ئاقارتقانلىق، ئويغاتقانلىق دەپ چۈشىنىدۇ. بىلىش كېرەككى، خەلق ئۈچۈن

دۇشمەنچە ئۇسلۇبتا پىكىر قىلىشمۇ دۇشمەنگە خىزمەت قىلغانلىقتۇر .

5 . زىيالىيلار. بۇلار مەھكۇم مەدەنىيەت ئىچىدىكى ھاكىم مەدەنىيەتكە ئەسىر بولغان ،ئۆز خەلقىگە نىسبەتەن پىكىر – ئىدىيىدە ئىلغار ،ئۆتكۈر ھېسابلىنىدىغان سەرخىللارنى كۆرسىتىدۇ .

يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە زىيالىيلار ھەممىدىن مۇھىم . چۈنكى زىيالىيلار خەلق ئىچىدىكى ،خەلق ئىشىنىدىغان ،ھۆرمەتلەيدىغان ،ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەردۇر .ئاۋال «زىيالىي» دېگەن ئۇقۇمغا ئۆزۈمنىڭ قارىشىنى سۆزلەپ ئۆتەي .مەن «زىيالىيلار»ھەققىدە كۆرگەن نۇرغۇن كىتابلاردىن شۇنى ھېس قىلدىمكى ، زىيالىي دېگەن خەلق ئىچىدىكى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ .ئۇ پەن-تېخنىكا ئىجادىيەتلىرى بىلەن تەسىر كۆرسىتىشىنىمۇ ،ئىدىيە-پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

شۇڭا ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەن «زىيالىي» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەندە ، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى نەزەردە تۇتىدىغانلىقىمنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

بىر جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ، شۇ جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرىغا تەسىر كۆرسىتىشتۇر . جاھانگىرلار دەل سەرخىللارنىڭ مېڭىسىنى ئۇۋلاش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ نىشانىغا يېتەكلەيدۇ .نەتىجىدە ، پىكىر-چۈشەنچىدە شۇ زىيالىيلارغا ئەگىشىدىغان خەلق تەبىئىيلا ئۆز زىيالىيلىرىنىڭ ئارقىسىدىن جاھانگىرلار سىزغان يولدا ماڭىدۇ .چۈنكى ئاۋامنىڭ دۇنيانى بىلىشى ئۆز ئارىسىدىكى سەرخىللارنىڭ تەسىرى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ . بۇ خەلقپەرۋەر ، ئاقكۆڭۈل زىيالىيلار بىلىپ-بىلمەي خەلقى ئۈچۈن رەقىبى سىزىپ بەرگەن يولدا خىزمەت قىلىپ ، نەتىجىدە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆز رەقىبى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدۇ .

شۇڭلاشقا زىيالىيلار غەرب مەدەنىيەت جاھانگىرلىكىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسىدۇر . چۈنكى بۇ خەلقنى ھېسسىيات جەھەتتە ئەمەس ،ئىدىيە جەھەتتە ئۆزگەرتىدۇ . ئالكساندىروۋىچ لېسكىن ۋە ئالكساندىروۋىچ شېرىپىنلار مۇنداق دەيدۇ :«بۇ بىر مەيدان ئۇچۇر ئۇرۇشىنىڭ ھەقىقىتى ئەمدى ئېچىلدى .بۇ ئۇرۇشتا ئاۋام ئىدىيىسىگە تاشقى جەھەتتىنمۇ ، ئىچكى جەھەتتىنمۇ تەسىر كۆرسىتىلدى . دەل ئىچكى جەھەتتىن كۆرسىتىلگەن تەسىر ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى . . . ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارا 5-كالوننىسىدىكى غوللۇق كىشىلەر ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئىشلەيدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى .1948-يىلدىن كېيىن بۇ كىشىلەر ئاستا-ئاستا ھوقۇق بېشىغا چىقتى . . . دەل ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ ئاساسلىق كۈچ ئاڭلىق ،ئاڭسىز ھالدا دۆلىتىمىزگە قارىتىلغان بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قالدى»⑨ .

ئەمدى بۇيەردە مۇنداق بىر نەچچە مەسىلە تۇغۇلىدۇ : مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقى ۋە زىيالىيلىرى نېمە ئۈچۈن ھاكىم مەدەنىيەتكە شۇنچە ھېرىسمەن بولىدۇ؟ ئۇلاردىمۇ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى تۇرسا ، نېمىدەپ قارا-قويۇق ئەگىشىۋېرىدۇ ؟

ھاكىم مەدەنىيەتكە يېپىشىدىغان ھەرقانداق بىر مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقى شۇ يېپىشىشتىن بۇرۇن بىر ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىي مۇتەققەرزلىك ،ئىقتىسادىي نامراتلىق ،نادانلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ . مانا مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۇلارنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ كۈچى ،ئەۋزەللىكىگە بولغان ئىشەنچىسى تەۋرىنىشكە ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىقاد ،ئەنئەنىلىرىدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ . ھاكىم مەدەنىيەتنىڭ كۈچى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەھكۇم مەدەنىيەتتە قايىللىق پەيدا قىلىشقا باشلايدۇ . بۇ خىل قايىللىقنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئەسلى مەۋجۇد قىممەت قاراش ،ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى ئاجىزلىشىشقا باشلايدۇ . نەتىجىدە ئۇلاردا يات ئىدىيىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا پۇت تىرەپ تۇرۇدىغان مەۋقە يوقايدۇ . ھاكىم مەدەنىيەتنىڭ نەزەرىيىلەشكەن ،سىستېمىلاشقان ئىدېئولوگىيىسىگە تەمكىن مۇئامىلە قىلالايدىغان ئەقلىي تويۇنمىلىق بولمايدۇ . بۇنداق ئىدېئولوگىيىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا ئەقىلدىن باشقا ،مۇھىمى ئاشۇ ئىدېئولوگىيىگە روبىرو تۇرالايدىغان بىر ئىدېئولوگىيىگە ئىگە بولۇش كېرەك . ئەنە شۇنداق مۇكەممەل ، سىستېمىلاشقان ئىدېئولوگىيىدىن ئايرىلىپ قېلىش ، سەرخىللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ھەقىقەتكە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ بەلگىلىك نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىك ھاسىل قىلالماسلىقى ، ئۇلارنىڭ ئۇچرىغانلا ئىدىيە-قاراشلارغا تېيىلىپ يۈرۈشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى . چۈنكى بىر ئادەمدە مەلۇم بىر نەرسىنى خاتا دېيىش ئۈچۈن ئۆزىدە توغرا نەرسە بولۇشى كېرەك . ئۆزىدە توغرا نەرسە بولمايدىكەن ، خاتانى توغرا دەپقېلىش تەبىئىي ئەھۋالدۇر .

يۇقىرىدا بىز «ئۇچۇر-پسىخىكا ئۇرۇشىنىڭ نىشانى ئاۋامنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىنى مەلۇم بىر نىشانغا بۇراش» دېگەن بىر گەپنى قىلدۇق . ئەمدى بىز ئەنە شۇ ئاۋام ئېڭى ، جامائەت پسىخىكىسىنىڭ بەزىبىر ئالامەت – خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز . بۇنىڭ بىزنىڭ غەرب مېدىيىلىرىنىڭ ھۇجۇمىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىزدە ياردىمى زور .

ئادەمنىڭ يەككە ھالەتتىكى پسىخىكا ،ھەرىكىتى بىلەن بىر جامائەتنىڭ ئىچىدە تۇرغان ھالەتتىكى پسىخىكا ، ھەرىكىتىدە زور پەرق بولىدۇ . گەرچە جامائەت ئۆزگىچە ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە تۇرغۇن شەخسلەردىن تەركىب تاپسىمۇ ، پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ،ئۇلار جامائەتكە قوشۇلۇشتىن بۇرۇن ئايرىم خاسلىققا ئىگە مۇستەقىل بىرلىك ھېسابلانسا ، جامائەت گەۋدىسىگە قوشۇلغاندىن كېيىن

ئۇلار ئۆزىنىڭ ھېسسىيات ، خاراكتېر ، ھەرىكەت مۇستەقىللىقىدىن قىسمەن ئايرىلىدۇ . شەخسنىڭ پسىخىكا ،ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىپ ، جامائەت ئارىسىدا ھاسىل بولغان ئومۇمىي كەيپىياتنىڭ قولىغا چۈشىدۇ . ئۇ ۋاقىتتا شەخس ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلىدىغان بىرلىك بولماي قالىدۇ .

مەسىلەن : ئادەمنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسىنى يالغۇز كۆرگەن ھالەتتىكى روھىي ھالىتى بىلەن بىر توپ تۇپ مەستانىلىرى ئارىسىدا كۆرگەن چاغدىكى روھىي ھالىتى ئارىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار . نامايىش قىلىۋاتقان كىشىلەرمۇ شۇنداق . ئۆزى يالغۇز چاغدا باشقىلارغا ئالىيىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمايدىغان كىشىلەر ، نامايىشتا ئەسەبىيلىشىپ ،ئۇچرىغاننى دەسسەپ-چەيلىگىدەك جاسارەتكە ئىگە بوپقالىدۇ ، ئەمما توپۇرلىشىپ قاچقاندا بولسا ئادەتتە باتۇر - قارام كىشىلەرمۇ ئالاقزادىلىكتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ .ئاۋام ئارىسىدىكى كەيپىيات ئىنتايىن كۈچلۈك يۇقۇشچانلىققا ئىگە بولىدۇ . «ئەڭ ئىنچىكە كۆزىتىشلەردىن ، ئۇزاق مۇددەت جامائەت ئارىسىدا يۈرگەن ئادەمنىڭ ئۇخلاتقۇچىنىڭ ئەللەيلىشىدە مۈگدەك كىرىپ قالغان ئادەمدەك بىر خىل خىرامان ھالەتكە كىرىپ قالىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى »⑩ .

يىغىنچاقلىغاندا ، جامائەت پسىخىكىسى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە :

تۇراقسىز - ئۆزگىرىشچان . جامائەت ئادەتتە تاشقى غىدىقلاشنىڭ تەسىرىگە ئىنتايىن ئوڭاي ئۇچرايدۇ . ئۇلاردا مۇقىم ،ئۇزاق مۇددەتلىك نىشان-پىلان بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ مەلۇم مەسىلە ھەققىدە چىقارغان ھۆكۈم-قارارى ، قوللانغان تەدبىرى ۋاقىتلىق - ئۆتكۈنچى بولىدۇ . ئۇلار ھەمىشە بوراندا قالغان يوپۇرماقتەك لەيلەپ يۈرىدۇ . شۇڭلاشقا تۈنۈگۈن قوشۇلغان ئىشتىن بۈگۈن يېنىۋالىدۇ . بۈگۈن تىكلىگەن رەھبىرىگە ئەتىسى قارشى تۇرىدۇ . تۈنۈگۈن دۈشمەن دېگەنلەرنى بۈگۈن قۇچاقلايدۇ . بىز ھەمىشە گېزىتلەردىن ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ رەئىس جۇمھۇرنى قوللاش نىسبىتىنىڭ توختىماي ئۆرلەپ ، چۈشۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز .مانا بۇ يۇقىرىقى بايانىمىزنىڭ دەلىلىدۇر .

2 .مەلۇم خەۋەر ،گەپ-سۆزگە ئوڭاي ئىشىنىدۇ . جامائەتنىڭ مەلۇم بىر قاراشنى قوبۇل قىلىشى ، خەۋەرلەرنىڭ چىن ياكى ساختىلىقىغا ھۆكۈم قىلىشى پىكىر يۈرگۈزۈش ، ئەستايىدىل دەڭسەپ كۆرۈش بىلەن ئەمەس ،قىزىق كەيپىياتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولىدۇ . بۇ خىل كەيپىياتنىڭ يۇقۇملاندۇرۇش كۈچى زور بولىدۇ . شۇڭلاشقا ئاۋام ئارىسىدا سۆز-چۆچەك ، پىتنە-پاسات ،خۇراپىي قاراشلار ئوڭاي بازار تاپىدۇ .

3 .ئاۋام ئۆز ھېسسىيات-كەيپىياتىنى ئىپادىلەشتە ،مەلۇم بىر مەسىلىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىشكە يېقىن تۇرىدۇ . «ئۇ ئانچە ياخشى ئەمەسكەن » دېگەن خەۋەرجامائەت ئارىسىدا «ئىنتايىن قەبىھكەن ، رەزىلكەن »دەپ چۈشىنىلىدۇ . «ياخشى ئادەم » دېيىلگەن ئادەملەر بولسا ، پەقەت گۇناھ قىلمايدىغان پەرىشتىلەردەك غۇبارسىز چۈشىنىلىدۇ . «ئىقتىدارلىق »دېيىلگەن ئادەملەر «ھەممىگە قادىر » دەپ چۈشىنىلىدۇ . . . مەسىلىگە پىكىر يۈرگۈزۈشتە لوگىكىلىق خۇلاسىگە ئەمەس ، تۇيغۇ-سېزىمنىڭ كۈچىگە تايىنىشقا مايىل كېلىدۇ . مەلۇم شەيئىنى ياخشى كۆرۈشتىمۇ ،نەپرەتلىنىشتىمۇ ھەممىشە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ .

4 . مەلۇم مەسىلىدە ئوتتۇراھاللىق ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالمايدۇ . يا چىش تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدۇ ،يا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىدۇ . ھەممىشە ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدا ئېغىپ يۈرىدۇ . دېمەككى ، يۇقىرىقىلاردىن بىلمەك قىيىن ئەمەسكى ، ئاۋامنىڭ سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسىدا ھېسسىيات ئەقىلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغىنى ھەۋەس ،قىزىقىش ،تۇيغۇ دېگەندەك غەيرىي ئەقلىي ئامىللاردۇر .ئەقىل ،لوگىكا ھەمىشە ھېسسىيات دولقۇنىدا كۆمۈلۈپ قالىدۇ .مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى دەل مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئاۋامنىڭ مەلۇم شەيئىيلەرگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت-نەپرىتىدىن ،ئۇلار ئەگىشىپ يۈرگەن ئېقىم-مودىلاردىن پەقەت ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ-يۇ ،ھەرگىزمۇ ئاۋامنىڭ چۈشەنچىسىنى ئۆلچەم - يېتەكچى ئىدىيە قىلىشقا بولمايدۇ . كۆپىنچە ھاللاردا ئاۋۋال تاللىغان يول ئاۋامغا زىيانلىق چىقىپ قالىدۇ .تېخى بەزىدە ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىگە كۈچەپ قارشى تۇرىدۇ . چوقۇم نادان خەلق ئۇلۇغلىغان كىشىنىڭ ئىقتىدارىدىن ، تاللىغان ئىدىيىسىنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك . «ئەڭ گۇمانلىنىشقا تېگىشلىك ئىش دەل ئەڭ كۆپ ئادەم كۆزەتكەن ئىشتۇر »⑪ .

دېمەك ، ئاۋام يۇقىرىقىدەك سۇيۇق - ھېسسىياتچان خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا ، جاھانگىرلارنىڭ مەدەنىيەت ھۇجۇملىرىغا ھەممىشە بىلىپ-بىلمەي ئۆزى خالاپ ماسلىشىپ كېتىدۇ . شۇڭا مەدەنىيەت جاھانگىرلىرى ئۆز دۆلىتىدە تۇرۇپ يەنە بىر دۆلەتتىكى سايلامنى شۇ دۆلەتتىكى پۇقرالار ئارقىلىق كونترول قىلالايدۇ . نامايىش تەشكىللەپ سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە يېتەكچىلىك قىلالايدۇ . ئۇلار ھەرقايسى پەنلەردە بايقالغان ئىلمىي نەتىجىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئىستراتېگىيىسىگە تەتبىقلاشقا ئىنتايىن ماھىر . بىز ئۇلارنىڭ پىلان - تەدبىرلىرىدىن جەمئىيەتشۇناسلىق ،پسىخولوگىيە ، ئىقتىسادشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنىڭ ئەمەلىي تەتبىقلىرىنى كۆرەلەيمىز . «ئامېرىكا بۇ ئۇچۇر ئۇرۇشىدا كەڭ كۆلەملىك ئىلمىي خىزمەتلەرگە تايىنىپ ئىجتىمائىي ئاڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۇسۇل ۋە ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغان بولسا ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەتتا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىنىمۇ ئۇقالماي قالدى »⑫ .

## تۈگەنچە

بۈگۈنكى كۈندە بىز دۇنيانى جاھانگىرلار بىزگە بەرگەن كۆزەينەكتە ،ئۇلارنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىكىدە كۆزىتىۋاتىمىز . تاياق يېگۈچىنىڭ دەرد -شىكايىتىنى ئۇرغۇچىدىن

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاۋاتىمىز.

ئۆتكەندە ئاچام ئاغرىپ قېلىپ ئۈرۈمچىدىكى بىر دوختۇرخانىدا داۋالاندى. ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغان بولۇپ، ئوپېراتسىيىنىڭ ئالدىدا ناركوز قىلىدىغان دوختۇرلار قان تەكشۈرۈپ كۆرۈپ قاننىڭ بەك ئازلىقىنى، بۇنداق ئەھۋالدا ئوپېراتسىيە قىلىنسا بىخەتەرلىككە يەتمىش پىرسەنتمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەڭ ياخشىسى قان سالدۇرۇپ ئاندىن قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئەمما بىز قىلايلى دەپ چىڭ تۇرساق، مەيلى دەپ قىلىۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەلۋەتتە، بۇنداق يەتمىش پىرسەنتمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا بىز دوختۇرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن قان سالدۇرۇپ ئاندىن ئوپېراتسىيە قىلىشقا ماقۇل كەلدۇق. ئەتىسى مەسئۇل دوختۇرغا تۈنۈگۈنكى ئەھۋالنى دەپ، قان سېلىشنى ئۆتۈندۇق. بىردەمدىن كېيىن ئۇ كېلىپ بىزگە: تۈنۈگۈن ئوپېراتسىيە قىلىشقا ئۆزۈڭلار قوشۇلماپسىلەرغۇ؟ ئوپېراتسىيەخانىدىكى دوختۇرلار ئائىلىسىدىكىلەر قوشۇلمىغاچقا قىلمىدۇق دەيدۇ، دېدى. توۋا، بۇ مۇمكىنمۇ؟ بىز دەل شۇ ئوپېراتسىيىنى دەپ بىر ئاي ساقلىغان تۇرساق؟

توغرا، بىزنىڭ قوشۇلمىغانلىقىمىز راست، ئوپېراتسىيە قىلمايلى دېگەن ئاخىرقى قارارنى بىز چىقاردۇق. ئەمما چىقارغان بۇ قارار ئامالسىزلىقتىن چىققان قارار، ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ھەقىقىي خاھىشىمىزغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بىز بۇ قارارنى پۈتۈنلەي دوختۇرنىڭ بىزگە يەتكۈزگەن ئۇچۇرلىرىغا ئاساسەن چىقاردۇق. بىر ئادەم ناتونۇش ساھەدە پىكىر يۈرگۈزسە چىقىرىدىغان قارارى شۇ ساھەدىكى كەسىپ ئەھلىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇ پەقەت ئاخىرقى قاراردا ياق ياكى ماقۇل دېگىنى ئۈچۈنلا بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي خاھىشىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىر دۆلەت كونتروللۇقىدىكى مېدىيىلەر خەلقنىڭ دۇنيانى كۆزىتىشى، ۋەقەلەرگە قانداق باھا بېرىشىنى، شۇ ۋەقەلەرنىڭ بايانىدىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. خەلق پىكىر قىلىشتا دەل مېدىيىلەر تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا تايىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خاھىشى تەبىئىي ھالدا مېدىيىلەر يېتەكلىگەن نىشانغا كېتىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار باھانى مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ چىقارغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما بۇ باھا ـ قارارنىڭ شەكىللىنىشىگە «دوختۇرلار» تەمىنلىگەن ئۇچۇر ھەقىقىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىنا سېلىشتىمۇ يۈز ئىشچىنىڭ لايىھىسىنى بىر ئىنژېنېرنىڭ لايىھىسىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە خەلقنىڭ خاھىشى، رايى، تاللىشى دېگەنلەرنى مېدىيىلەر زاۋۇتى ئارقىلىق ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئىراققا ھۇجۇم قىلىشنى دەسلەپتە 70 نەچچە پىرسەنت قوللىشى دەل ئامېرىكا مېدىيىلىرى ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى. ئاۋۋال ساددامنىڭ ئوبرازىنى بىر ئالۋاستىغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ ئالۋاستىنى قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورايدۇ. ئەلۋەتتە، ئالۋاستىنى يوقىتىش كېرەكتە. مانا بۇ خەلقنىڭ خاھىشى ـ رايى.

بىز توغرا پىكىر يۈرگۈزۈش، مەسىلىنىڭ، رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈش ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. ئاۋۋال رېئاللىق ھەققىدە توغرا تونۇش ھاسىل قىلىش، ئۆزگەرتىمەن دەپ بىھۇدە ھەرىكەت قىلغاندىن مىڭ ئەۋزەلدۇر. توغرا تونۇشلا ھەرىكەتكە توغرا يېتەكچىلىك قىلالايدۇ. ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى، دۈشمىنى توغرىسىدىكى توغرا تونۇشى ئۇنىڭ غەلىبىلىك ئىنقىلاب يولى تېپىشىغا ئاساس بولغان؛ دېڭ شياۋپىڭمۇ جۇڭگو ئەمەلىيىتىنى توغرا كۆزىتىش ئارقىلىق، جۇڭگوغا نېمىنىڭ زۆرۈرلۈكى، قايسى يولنىڭ لازىملىقىنى بىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

بەزىلەر جاھانغا نەزەر تاشلاپ، خۇرسىنىش بىلەن: ھەي، دۇنيادا نېمىشقا بەزى دۆلەتلەر يەنە بەزى دۆلەتلەرگە زوراۋانلىق قىلىدىغاندۇ؟ ئۇلارمۇ ئادەم بولغاندىكىن، سۆزلىشىپ زوراۋانلىقنى توختىتىشقا بولارمۇ؟ دېگەندەك شائىرانە خىياللارغا غەرق بولۇشىدۇ. بۇ خۇددى يولۋاسقا نەسىھەت قىلىپ توشقاننى يەپ كەتمەسلىككە كۆندۈرسەك دېگەندەك بىر ئەخمىقانە خىيال، خالاس.

بىز تارىختىن كۈچلۈكلەر ياۋاش ياشىغان پاكىتنى ئۇچرىتالمايمىز. كۆز ئالدىمىزدىمۇ ھەم يوق. شۇڭلاشقا ئاجىزلار زېھنىنى كۈچلۈكلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن زوراۋانلىق قىلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىشقا ئىسراپ قىلماي، ئۆزىمۇ كۈچلۈك بولۇشنى، بوزەك قىلىنماسلىقنى ئىزدىگىنى تۈزۈك. دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە مەنپەئەتكە كاپالەتلىك قىلىدىغىنى شېئىر، پەلسەپە، ساپ نىيەت، مول مەدەنىي مىراسلار، ئاسارئەتىقىلەر، چىرايلىق تولغانغان ئۇسسۇللار ئەمەس، بەلكى كۈچتۇر.

## سىتاتا مەنبەلىرى

① تۇرسۇن قادىر: «مەدەنىيەت ۋە (مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى) غا دەسلەپكى ئانالىز»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004-يىل 4-سان.

② سەيمىل خانتىڭتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل نويابىر 1-نەشرى، 76-بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 99-بەت.

④ «مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001-يىل سېنتەبىر 1-نەشرى، 51-بەت.

⑤ سەيمىل خانتىڭتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» 42-بەت.

⑥ ئالېكساندىروۋىچ لىسكىن، ئالېكساندىروۋىچ شىرىبىن: «ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى»، ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى 2003-يىل سېنتەبىر 1-نەشرى «مۇقەددىمە» 1-بەت، 1-باب 2-بەت.

⑦ «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» 2004-يىل 11-ئىيۇن ساندىن.

⑧ فۇلمىن (ئامېرىكا): «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى ۋە دىپلوماتىيە سەنئىتى»، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004-يىل ئىيۇن 1-نەشرى.

⑨ «ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى» «مۇقەددىمە» 2-بەت.

⑩ گۇستاۋلېبون (فرانسىيە): «جامائەت پىسخىكىسى تەتقىقاتى»، مەركىزىي تەرجىمە نەشرىياتى 2000-يىل يانۋار 1-نەشرى، 21-بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب 34-بەت.

⑫ «ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى» «مۇقەددىمە» 2-بەت.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتى (M1)



# سىياسىيدىكى رېئاللىق ۋە رېئاللىقتىكى سىياسىي

— «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»[1] دىن تۇغۇلغان ئويلار

نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

بىز سىياسىينىڭ ئىچىدە ياشايمىز ،سىياسىيدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمىز .ھەرقانداق بىر ئىنسان بالىسى تۇغۇلغانىكەن مەلۇم بىر جەمئىيەتكە ،مەلۇم بىر ئىدىيىۋى نىشاننى ئۆزىگە قىبلە قىلىپ ئۇيۇشقان كىشىلەر توپى ۋە سىياسىي ، ئىجتىمائىي جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئۇستىگە چۈشىدۇ . بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىدىيىۋى نىشانى شەخسنىڭ ۋەياكى مەلۇم بىر توپنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلسۇن ، كەلمىسۇن ،ھاكىم كۈچ تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك ھەممەيلەنگە يۈرگۈزۈلۈشى ، تېڭىلىشى مۇقەررەر ئەھۋال .شۇڭا ئەدلى-ئادالەت ھۆكۈم سۈرگەن بىر جەمئىيەتتە ساغلام بولغان مەلۇم بىر ئىدىيە ۋەياكى قانۇن-تۈزۈمنىڭ كاپالىتى ئەقىللىق – دانا خان ،تەدبىركار ،ئادىل ۋەزىر ۋە ساپالىق پۇقرالار قوشۇنىنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇلارنىڭ قايسىبىرى كەم بولىدىكەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىيسى ۋە ساغلام دۆلەت ئىدىيىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ،ئۇنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشى ، تەكىپۇڭلۇقىغا ئېغىر زەرەر يېتىدۇ . ئېنىقكى ، بىر جەمئىيەتنى جەمئىيەت قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇدىغان بۇ ئۈچ پۇتنىڭ قايسىبىرى چىرىپ ،سېسىيدىكەن ،قالغان ئىككى پۇتنىڭ پولاتتەك مۇستەھكەملىكىمۇ ئۇنى تىرەپ تۇرالمايدۇ .ئەگەر مەلۇم بىر جەمئىيەتتە مەسىلە بار دەپ قارالسا ،بۇنى تەكشۈرۈشنىڭ ئىپتىماللىقى تۆۋەندىكىچە ئايان بولىدۇ : تۈزۈلگەن ، ئىجرا قىلىنىۋاتقان ،مۇقەددەس سۈپەتتە ئۇلۇغلىنىۋاتقان ئىدىيە ، نىشاندا مەسىلە بارمۇ-يوق ؟ ئۇلار توغرا بولغان دۇنيا قاراش ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغانمۇ -يوق ؟كىشىلەرنى ھەقىقىي گۈزەل ، تىنچ ،بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرەلەمدۇ ياكى بۇ ئىدىيە ئومۇمىي خەلقنىڭ چىن ئىرادىسىنى ئەمەس ، پەقەت ئازساندىكى خەلقنىڭ ۋەياكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەلۇم بىر تۈركۈم گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغانمۇ ؟

ئەگەردە سەن ياقلاۋاتقان ،ئۇلۇغ بىلىپ ،جان بېرىپ كۆرەش قىلىۋاتقان ئىدىيەدە ،تۈزۈمدە مەسىلە بولمىغان ،ئۇ توغرا – ھەق بولغانىكەن ، جەزمەنكى مەسىلە ئىجرا قىلىش جەريانىدا بولىدۇ .دېمەككى ، خاننىڭ ئادىل ، ئادىل ئەمەسلىكى ، دانا ،دانا ئەمەسلىكى ،پاك ياكى چىرىكلىكى ،خەلقپەرۋەر ياكى شۆھرەتپەرەس ،ئاچ كۆز ،ئۆكتەم ،زالىملىقىغا شۇبھە تۇغۇلىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭدىمۇ ئومۇمىي جەھەتتىن مەسىلە بولمىغىنىدا زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى تەدبىركار ، ئادىل ۋەزىرگە ۋە ئۇ ئىشقا قويغان قانۇن-تۈزۈمنىڭ ئىجراچىلىرىغا مەركەزلىشىدۇ .ھەرقانداق ئىدىيە ياكى قانۇن-تۈزۈم دېگەن بىرتالاي گەپ دۆۋىسى ، ئىجرا قىلىنمىسا ھېچنېمىگە ئەرزىمەس كېرەكسىز ئەخلەت .ئەگەر جايىدا ئىجرا قىلىنمىسا ئۇ دۆلەتنى مۇستەھكەملەش ،ئاۋامغا خىزمەت قىلىشنىڭ قورالى ئەمەس ، زومىگەرلىكنىڭ دەستىكىگە ، ئاۋامنى زورلاپ – قاقشىتىدىغان تۆمۈر مۇشتقا ياكى ئاخىرى دۆلەتنىڭ ئۆلىنى كولاپ يىقىتىدىغان قورقۇنچلۇق بىرنەرسىگە ئايلىنىدۇ . قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار كاردىن چىقسا خانىمۇ ، ئەلنىمۇ ئالداپ ،جەمئىيەتنى تۈزەپ بولغۇسىز ناھەقچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىققا پاتۇرىدۇ . . . ئەگەر ئىجرا قىلغۇچىلاردىمۇ مەسىلە بولمىغىنىدا ، شۇبھىسىزكى ، چاتاقنىڭ چوڭى ئاۋام-پۇقرادا بولىدۇ . ئەمما تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق ،پۇقرانىڭ قانۇن-تۈزۈمگە ۋە ئۇنىڭ

«ئالەم جاھانشىدىكى يادىكارلار»

① مەزكۇر كىتاب 2003-يىل نويابىردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى .

www.uyghurkitap.com

ئىجراچىلىرىغا ئۆكتە قوپۇپ، تۈزۈمدىن باش تارتىدىغان باشباشتاقلىقى ئۇنچە كۆزگە چېلىقمايدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن نورمال تۇرمۇش كاپالىتىدىن مەھرۇم بوپقالمىسىلا، سىياسەتنىڭ، ئۆزلىرى ئەقىدە-ئېتىقادىنى باغلاپ، پېشىنى تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئىدىيىنىڭ ھەققانىيلىقىدىن گۇمان قىلمىسىلا بارىغا شۈكۈر قىلىپ، نەگە ھەيدىسە شۇيەرگە ماڭىدىغان رايىش بەندىلەر بوپكەلگەن. لېكىن مەۋجۇد ئىدىيىنىڭ زوراۋان، ساختىلىقلىقى ئۇلاردا غەزەپ قوزغاپ قويىدىمۇ، ئىشىنىڭ چاتىقى شۇ. شۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرى ساپالىق پۇقرالار قوشۇنىنىڭ بولۇشى جەمئىيەتنىڭ ئەدلى-ئادالىتىنىڭ كۆزەتچىسى ۋە ئويغاق نازارەتچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تارىختا مۇستەبىتلەر خەلقنى ئامالنىڭ بارىچە نادان قالدۇرۇشقا تىرىشقان ۋە ياكى كىشىلەرنى ئالۋاڭ-ياساق ھېسابىدىكى ئايىغى چىقماس ئىشلارغا بەنت قىلىپ قويۇپ، زېھنىنى چېچىۋەتكەن؛ ھاكىمىيەت، ھوقۇق، ئۆز رېئاللىقى ۋە مەسىلىلەرنىڭ ماھىيەتلىك زىددىيىتى ھەققىدە ئويلىنىش پۇرسىتى بەرمىگەن. بۇ خىل قايمۇقتۇرۇپ خورىتىپ تۈگىتىش ھىيلىسىنى سېزىپ قالغان زاماننىڭ ئاقىل-دانالىرىنى بىر ئامالىلارنى قىلىپ، مەلۇم بىر ۋاستىلەر بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ يوقاتقان. قالغانلىرى بولسا جاننىڭ كويىدا ئاغزىنى چىڭ يۇمغان ۋەياكى جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ، بارىنى ئەۋزەل بىلىپ ياشىغان. بىز يىراق تارىخنى ئەمەس، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى تارىخقا — يېقىنقى يۈز نەچچە يىللار مابەينىدە دىيارىمىزدا ئوينالغان سىياسىي نەيرەڭۋازلىقلارغا بىر قۇر قاراپ باقساقلا بۇنىڭ تېگىگە يېتەلەيمىز. ئېيتايلۇق، تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ بايراق ئىدىيىسىنىڭمۇ بولماسلىقى، ھەتتا ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراش جەھەتتە مۇتلەق ئىككى قۇتۇپقا تەۋە بولغان ياڭ زېڭشىن، شېڭ شىسەيدەك جاللاتلاردىن ئورتاقلىق ئىزدىشى، ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى... لارنىڭ خەلقىمنى جاھالەتتىن قۇتقۇزىمەن دەپ يۈرۈپ، ئۆز ئىچىدىن چىققان كىشىلەرنىڭ مۇناپىقلىقى، نەيرەڭۋاز جاللاتلارنىڭ قىلتاق قۇرۇشى تۈپەيلىدىن ھالاكەتكە مۇپتىلا بولۇشى... قاتارلىقلار بىزگە پۇقرالارنىڭ يۇقىرى ساپاغا، سىياسىي سەزگۈرلۈككە، مەسىلە تەتقىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكى ھەققىدە قىممەتلىك ساۋاق بېرىدۇ.

بېكىنمىچىلىك، جاھالەت، ئۇرۇش — يېغىلىق قاپلىغان كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تارتىپ تاكى 1978-يىلىغا قەدەر دىيارىمىزدا تالاي قانلىق سىياسىي بوران-چاپقۇنلار بولدى. خاتا ئىدىيە، ناتوغرا سىياسىي نىشاننىڭ قۇربانى بولغان مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ھېلىھەم بىزگە بىر جەمئىيەتنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ئەندىزىسىنىڭ ساغلام-ساغلام ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى ھەم كىشىلەردە جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېنىق بىر ئۆلچەم بولۇشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا سىياسىي قاراش، يېتەكچى ئىدىيە ۋە نىشانغا ئىگە بولمىغان ھېچقانداق بىر مىللەت، دۆلەت، دىن، جەمئىيەت بولمىغانغا ئوخشاش، ھەرقانداق بىر ئادەمدىمۇ مۇئەييەن جەمئىيەت قارىشى ۋە ئېنىق ئۆلچەم-تەلەپ بولۇشى مۇقەررەر. مۇنداق بولمايدىكەن، بىز بۇ ئادەمنىڭ ياشاش ھەققىدىكى غايىلىرىدىن، كەلگۈسى نىشان، ئەقىدە-ئىمانىدىن گۇمانلىنىشقا تامامەن ھەقلىقمىز...

خانتىڭتون ئەپەندى ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە ئىنتايىن تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل مۇھاكىمىلىرىنىڭ مەركىزىدە «كىم بولۇش، كىم بولماسلىق» يەنى «سالاھىيەت» ۋە سالاھىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ياتىدۇ.

دۇنيادا سالاھىيەتنى ئايرىشنىڭ نۇرغۇن ئۇسۇللىرى بولۇپ، ئايرىش ئۇسۇلى ۋە ئايرىشتا قوللانغان ئۆلچەم — تەلەپلەر ئوخشاپ كەتمەيدۇ. مىللەتچىلەر كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى قايسى مىللەتكە تەۋەلىكى بويىچە بېكىتىدۇ ۋە شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى، ياراتقان تۆھپىلىرى، مەشھۇر كىشىلىرى، قەھرىمانلىرى، مۇتەپەككۇر — ئالىملىرى... بويىچە باھا بېرىدۇ. بۇ خىل بېكىتىش ئۇسۇلى «بۈگۈن» ۋە شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىنى ئۇنچىۋالا نەزەرگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. ئىرقىي ئۆلچەم قىلغۇچىلار كىشىلەر تېرىسىنىڭ رەڭگىگە بەكرەك ئېتىبار بېرىدۇ-دە، تاشقى قىياپەتنى ۋە ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن قىسمەن ئىچكى مەزمۇنلارنى تۇتقا قىلىۋېلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارى، روھىي قىممىتى ۋە خاسلىقىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. نېگىرلار ھېلىھەم بۇ خىل قىياپەت باھالىغۇچىلىرىنىڭ كۆزىنىڭ قىرىدا سىڭايان قارىشىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلىگىنى، ئاق تەنلىكلەرمۇ ھازىرغىچە ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋاتقان ۋە تۇتۇشقا تېگىشلىك نەسىللىك توپ دەپ قاراشنى تاشلىغىنى يوق. ماركسىزمچىلار كىشىلەرنىڭ ئېرىشكەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى قانچىلىك تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى يەنى ماددىي ۋاستىلارنىڭ تەقسىملىنىشىنى ئۆلچەم قىلىپ كىشىلەرنى ئىشچىلار سىنىپى، پومېشچىكلار، ئەزگۈچىلەر، پرولېتارلار... دېگەندەك سىنىپلارغا ئايرىپ مۇئامىلە قىلسا، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئايرىيدۇ. يەنە بەزىلەر كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئاساسەن ئايرىيدۇ. مەسىلەن خرىستىئان، مۇسۇلمان، بۇددىست، ئاتېئىست... دېگەندەك. بۇ خىل ئايرىش ئۆلچىمى ئەجدادلىرىنىڭ ئېتىقادى، باي-نامراتلىقى، ئىرقى، مىللىتى، مەدەنىيەت تۈركۈم تەۋەلىكىنى ئەمەس، شەخسنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش-قىلماسلىقى، قانچىلىك ئەمەل قىلىپ ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە قانچىلىك ئايلاندۇرغانلىقىنى مۇھىم ئۆلچەم قىلىدۇ. بۈگۈنكى رېئال قىممەت ۋە ئەتىگە بولغان مەسئۇلىيەت ئۇنىڭ مەركىزىدە ياتىدۇ.

خانتىڭتون دىنىي بەلگە قىلغان مەدەنىيەتنى سالاھىيەت بېكىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىدۇ ۋە «غەرب سانائەتلىشىشتىن بۇرۇنلا غەرب بولالىغان»① دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمى بىزنىڭ مەسىلە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىمىزغا قىممەتلىك بىر يىپ ئۇچى بېرىدۇ. بىز ئۇنى بويلاپ خەلقئارادىكى زور توقۇنۇش، ئۇرۇش ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. دېمەككى سەن

① «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» 99-بەت.

www.uyghurkitap.com

سەن بولغاندىلا مەۋجۇدلىقىڭ ھەقىقىي يوسۇندا نامايان بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۆزۈڭدىكى سېنى باشقىلارنىڭ تەقلىدى قىلىپ قويماي قىممەتكە ئېرىشتۈرىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىڭ، خاسلىقىڭنى ساقلىشىڭ، مۇكەممەللەشتۈرۈشۈڭ كېرەك.

يەھۇدىيلار ئۆزلىرىدىكى قىممەتلىك «يەھۇدىي روھى» نى جارى قىلدۇرمىغان بولسا ئۆلگەن ئىبراي تىلىنى تىرىلدۈرەلمىگەن، ئۈچ مىليون نوپۇسى بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆچمەنلىك، غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغان نەچچە يۈز مىليون مۇسۇلماننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ۋەتەن قۇرۇپ، يەنە مەغرۇرلۇق بىلەن جار سېلىپ يۈرەلمىگەن بولاتتى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى ھېسابلىنىدىغان «قۇرئان كەرىم» دىن تارتىپ نامى لەنەتكە مىخلانغان بۇ يەھۇدىي تائىپىسىگە قىساس، چەكسىز غەزەپ بىلەن چىشىنى كىرىشتۈرۈپ ھومىيىپ قاراپ تۇرسىمۇ، شۇنداق بىر پاكىتنى: يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئۈستۈن ئامىللارنى قېزىپ، باشقىلارنىڭ يىمى بوپكەتمەي راۋرۇس ياشىيالىغىنىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ. دېمەككى، يەھۇدىيلار ئوتتۇرا شەرقنىڭ زومىگەرى بولۇشتىن ئىلگىرىلا يەھۇدىيلار بولالىدى. مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئىرانلىقلار، مىسىرلىقلار، ئىراقلىقلار، پاكىستان، سەئۇدىي ئەرەبىستانلىقلار. . بولۇشتىن ئىلگىرىلا بىر مۇسۇلمان بولۇش كېرەكلىكى كىتابتا خېلى كەڭرى بايان قىلىنىدۇ. ئۆز ئېتىقادىدىن ياتلىشىپ غەربكە قاراپ ئۆملەپ كېتىۋاتقان تۈركىيىنىڭ نىمجان، ئارىسالدى ھالىتى خېلى كۈچلۈك تەنقىدلىنىدۇ. بىز خاتىمىڭتوننىڭ بۇ خىل «كىملىك» قارىشىنى تېخىمۇ يايىدىغان بولساق ئۇ ئوتتۇرىغا قويمىغان، لېكىن كىتابىنىڭ مەنە قاتلىمىدىن ئاختۇرۇپ چىقىش مۇمكىن بولىدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك ئۇچۇرلار ئايان بولىدۇ.

قايسىبىر مۇسۇلماندىن ئېتىقاد ھەققىدە سورىسىڭىز ئۇلارنىڭ قەتئىي كەسكىنلىك بىلەن ئۆز ئېتىقادىنىڭ مۇتلەق ھەقلىقى ھەققىدە توختىلىشى تەبىئىي ئەھۋال. ۋەھالەنكى، ئېتىقاد ئېغىزدا ئېيتىپ قويسىلا، ئىسمىنى ئاتاپ قويسىلا بولىدىغان نەرسە ئەمەس. «ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن» دەپ قويۇپ قىلغۇلۇقنى خالىغانچە قىلىۋەرسە بولىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۆزلىرىنى ئەرەب، تۈرك ياكى ئۇيغۇر بولغىنى ئۈچۈنلا ۋەياكى مۇسۇلماننىڭ بالىسى بولغىنى، ئاتا-ئانىسى شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگىنى ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان ئاتىۋېلىشىدۇ. (گەرچە ئېغىزىدا دەۋاتقىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قىلىۋاتقىنى مۇتلەق زىت بولسىمۇ). ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، ئەرەب، تۈرك . . . دېگەندەك ئۇقۇملار مۇسۇلمان ئۇقۇمىغا تەڭ ئەمەس. يەنە كېلىپ كالا تۇغسا يەرگە موزاي چۈشۈۋەرگەن بىلەن، بىر ئىخلاسمەن تەقۋادار ئەرەب ئۈچىنغا چىققان دەھرىي ۋەياكى خرىستىئان دىنىنىڭ سادىق مۇرىتىغا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەشەددىي كۈشەندىسىگە دادا ياكى ئانا بوپقېلىشىمۇ مۇمكىن. مۇسۇلمانچىلىق-نىڭمۇ ياكى ھەرقانداق بىر ئىخلاسمەنلىكنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئۆلچەم تەلىپى بولىدۇ. ئۆلچەم-تەلەپنىڭ ئۆزگىرىشى ۋەياكى تۆۋەنلىشى شۇ كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ قانداقلىقىغا بىۋاسىتە چېتىلىدۇ. ئېتىقاد شەكىلدە ئەمەس، شەكىل بىلەن مەزمۇنىنىڭ ۋايىغا يەتكەن بىرلىكىدە. بىرىنى تەكىتلەپ يەنە بىرىنى چۈشۈرۈش ئىماننى قاپىيەلدىن ئۆزىدۇ. غەرب مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ دەل مۇشۇ قاپىيىلىكىدىن چىڭ چاپلاشقان.

ھەممىگە ئايانكى، ئوتتۇرا شەرقتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۇزۇن مەزگىل غەربنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان. مۇستەملىكىدىن كېيىن قۇرۇلغان «ئەرەب دۇنياسىدا مەۋجۇد دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپا جاھانگىرلىكى ئۆزلىرى ياساپ قويغان جاھانگىرلىكنىڭ سىمۋولى»[1]. ئېنىقكى، بۇ خىل قۇرۇلۇش غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە دۇنيا قارىشىغا ئۇيغۇن. ئۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەتچىلىك تۈزۈلمىسىنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇلغان مۇستەملىكە ھاياتىدا غەرب كۈچلىرىگە چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ بوپكەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىن قۇرۇلغان ھاكىمىيەتنىڭ ئىرادىسى ئۇلارغا مەجبۇرىي تېڭىلغان. مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلار ئاللىقاچان غەربلەشكەن مۇسۇلمانلارغا، يەنى غەربنىڭ ھاكىمىيەت ئەندىزىسى ئاساسىدا رامكىلانغان ئىسلامغا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئايلىنىپ قالغاچقا، بۇ خىل ساپ بولمىغان ئىدىيە مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ تېخىمۇ چېچىلاڭغۇ، زىددىيەتكە پاتقان ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شالغۇت ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسى ۋە ئېتىقادىدىمۇ زور دەرىجىدە سۇنۇش يۈز بەرگەن. يەنە كېلىپ، ئۇلار نېمىلا بولمىسۇن شەرققە تەۋە. شەرقنىڭ ھاكىمىيەت ۋە پۇقرالىق ئۆلچىمى ئۇلارنىڭ قېنىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنىدى.

غەربتىكى دۆلەت ئۇقۇمى، پۇقرالىق چۈشەنچىسى بىلەن شەرقتىكى ئۇقۇم ــ چۈشەنچىدە ئاسمان-زېمىن پەرق ساقلانغان. غەرب دۆلەتنى خەلققە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئورگان دەپ چۈشىنىپ كەلگەن ۋە خەلقنىڭ رايىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. غەربتىكى پۇقرالار بولسا ئۆزلىرىنى دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرغۇچى مۇھىم كۈچ، دۆلەت، دۆلەت خادىملىرىنى ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلغۇچىلار، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغۇچىلار، دەپ قارىغان. شۇڭا غەربتىكى دۆلەت خادىملىرى خەلققە بىر تالاي ۋەدىلەرنى بېرىپ ئاندىن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. غەربلىكلەرگە نىسبەتەن دۆلەتنىڭ پاراۋانلىق يۈرگۈزۈشى، نامراتلارنى يۆلىشى، تاشيول، كۆۋرۈك ياسىشى ئۇلارنىڭ جەزمەن قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى. غەرب پۇقرالىرى ئۆزلىرىنى باج تۆلىگۈچىلەر، دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرغۇچىلار، مۇلازىمەتنىڭ ئىگىلىرى دەپ قاراپ كەلگەن ۋە ھەرقانداق پۇقرا ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەتتا رەئىس جۇمھۇر بىلەنمۇ كۆرۈشۈش، پىكىر، نارازىلىق سۇنۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن. «ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا قورال تۇتۇپ پوستتا تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك قوغدىغۇچى يوق. كىرىشتىن بۇرۇن توسۇۋېلىپ سۈرۈشتە قىلىدىغان، كىملىكنى تەكشۈرىدىغان ئادەممۇ، ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر

① يۇقىرىقى كىتاب 308-بەت.

رىشاتكىلىرى ،ھەتتا ئېگىز تاملىرىمۇ يوق»[1] بولۇپ، ھۆكۈمەت پۇقرالارغا ئېچىۋېتىلگەن .ھەتتا ئۇلار خۇددى ئۆز ئۆيلىرىگە كىرگەندەك بىمالال كىرىپ-چىقالىغان .ئىشى بولمىسىمۇ بارغانچە بېرىپ، ھودۇقۇپ، تارتىنىپ ئولتۇرماستىن ھاجەت قىلىپ چىقالىغان[2] .ئۇلار باج تۆلىگەنلىكى ئۈچۈن «مەغرۇرانە ھالدا ھۆكۈمەتنى ئۆزىگە تەۋە، مەنسەپدارلار بىزگە خىزمەت قىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ»[3] .غەربتە ھۆكۈمەتكە بولغان ماختاش، ھەشقاللا ،تەشەككۈردىن بەكرەك تەلەپ، نارازىلىق بېسىم ئېغىر بولىدۇ . ئەمما شەرقتە تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، شەرقلىقلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئېڭىدا خانلىق، دۆلەت، ھۆكۈمەت ياكى خان-پادىشاھ ،مەنسەپدارلار، باشقۇرغۇچى خادىملار ئىزچىل تۆردە مۇقەددەس سانىلىپ، ھۆرمەتنىڭ چوڭى شۇلارغا بوپكەلگەن. ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئەمر-پەرمانى توغرا ياكى خاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىلنى قىرىق يارالغان. مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»[4] دېگەن ماقالىسىدا دەپ ئۆتكىنىدەك: «شەرقتە زېمىن پادىشاھنىڭ ،پۇقرا پادىشاھنىڭ دېگەن قاراش مۇتلەقلەشتۈرۈلۈپ ،ئوردا ئەمر-پەرمانلىرى مۇقەددەس سانىلىدۇ .شەھەر مەركىزىگە خانلىق - بەگلىك قەسىرلەر بىنا قىلىنىدۇ .ئەمەل-مەنسەپكە ئېرىشمەك شەخسنىڭ ئالىي بەختى، ئىززىتى ۋە ئابرويى ھېسابلىنىدۇ. پادىشاھقا قۇللۇق ۋە سادىقلىق ئەڭ ئالىي پەزىلەت دەپ قارىلىدۇ» . ھەقىقەتەنمۇ «شەرقتە دۆلەت باشقۇرىدۇ، پۇقرا بويسۇنىدۇ»دېگەن بۇ ئۇقۇم ھەربىر شەرقلىقنىڭ مېڭىسىگە قوغۇشۇندەك قۇيۇۋېتىلگەن. پۇقرالار ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا دادىل قاتنىشالمىغان ،نازارەتچىلىك يۈرگۈزەلمىگەن .شۇڭا شەرقنىڭ دۆلەتچىلىك تارىخىغا قارايدىغان بولساق ئەڭ راۋاج تاپقان خانلىق ،سۇلالە، ئىمپېرىيەلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى شەرقتە قۇرۇلغان، يەنە شۇنداقلا خانلىق ئالمىشىش، دۆلەت پارچىلىنىشمۇ ئەڭ كۆپ بولغان .پۇقرالارنىڭ يىغىسى شەرق تارىخىنىڭ يىغىسىدۇر . ئوردا-بەگلىكلەر بىلەن پۇقرالار ئارىسىدىكى ھاڭنىڭ يېقىنلاشقىلى بولمىغۇدەك چوڭلۇقى شەرق ھاكىمىيەتچىلىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ پىلتىسى بولۇپ، پۇقرالار باج تۆلەپ، قانۇن-تۈزۈمگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكەن . بىرەر خاننىڭ ياكى مەنسەپدار-تۆرىنىڭ قوبۇلىغا، كۆرۈشۈشكە ياكى باش لىڭشىتىپ قويۇشىغا ئېرىشكەن پۇقرا ئۆزىنى بەختلىك ساناپ ئۆتكەن . قوراللىق قوغدىلىدىغان مۇستەھكەم قورغانلارغا سولىنىپ ئولتۇرۇپ ئاۋام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى شەرەپ ھېسابلىمايدىغان مەنسەپدارلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى بىلەن كۆۋرۈك بۇزۇلۇپ كەتسىمۇ دەرھال مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى ئورگانلاردىن تېزدىن رېمونت قىلىشنى تەلەپ قىلالمايدىغان شەرقلىق پۇقرالارنىڭ ئاڭلىغىلى بولمىغۇدەك بوش، ئىنچىق ،ئاجىز ئاۋازى ھەقىقەتەنمۇ بىر يۇمۇرىستىك سېلىشتۇرما.

شەرقتىكى يۇقىرىقىدەك ھاكىمىيەت قارىشى ۋە پۇقرالىق چۈشەنچىسى ھاكىمنىڭ ئىرادىسىنى مۇتلەق ھەقىقەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەتتا مۇسۇلمانلار ئۆز ئېتىقادىدىكى ھەققە بولغان ئۆلچەمنى ئاددىيلاشتۇرۇپ «پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىب»دېگەندەك پەتىۋالار بىلەن غەربنىڭ غالچىسىغا ئايلانغان خان-خاندانلىققا باش ئېگىپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتىچۇ؟ شەك-شۈبھىسىزكى ،مۇسۇلمانلار غەربنى ئۆزلىرىنىڭ قىيامەتلىك دۈشمىنى دەپ بىلىدۇ. مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ غەربكە يېقىنىشى ۋە ئۇلار بىلەن يېقىن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرۈشى، غەربنىڭمۇ ئۇلاردىن ۋەھىمە، ئەندىشە ھېس قىلمايدىغان بولۇشىنىڭ ئۆزىلا مۇسۇلمان دۆلەتلىرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان ھاكىمىيەت ئىدىيىسىدە مەلۇم زىددىيەتلىك تەرەپنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .ئېنىقكى، دۈشمىنىڭنىمۇ خاتىرجەم قىلغان ئىدىيە سېنىڭ ھەقىقىي ئىدىيەڭ ئەمەس .

خانتىڭتون ئەپەندى: «ئىسلام ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى يوق ئاڭ»[5] دەيدۇ ۋە بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ساداقەتمەنلىكىنىڭ قۇرۇلمىسى ،دىنىنىڭ دۆلەتتىن ئۈستۈن تۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىل ۋە ئەرەبلەرنىڭ تارىختا ئەزەلدىن بىرىكىپ باقمىغانلىقى . . .قاتارلىقلاردىن ئىزدەيدۇ . بەلكىم شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن . لېكىن، تۆۋەندىكىدەك ئېھتىماللىقنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ . يەنى غەرب دۇنياسىمۇ ئىسلامنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى يوق ئاڭ بولۇشىنى باشتىن ئاخىر ئۈمىد قىلىپ كەلدى ۋە ئۇلار بىلەن يېقىن «ئارىلىشىپ» كەلدى . تېخىمۇ ،ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە سانائەتنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى سەۋەبلىك ياۋروپا جاھانگىرلىكى ئۇلارنى ئاستىرتتىن ۋە ئاشكارا ھالدا رەسمىي پارچىلاپ تاشلىدى . گەرچە مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى بۇيەردە ئالدىنقى شەرت دەپ قارىساقمۇ ،غەربنىڭ بۇ جەرياندا ئوينىغان رولىنىمۇ ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس .غەرب بىر تەرەپتىن بۇ دۆلەتلەردە ئىلغار پەن-تېخنىكا ،بولۇپمۇ ھەربىي سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىزچىل چەكلەپ كەلدى . ئوتتۇرا شەرقنى يادروسىز رايونغا ئايلاندۇرۇشنى «تىنچلىق ئۈچۈن» دەپ بولۇشىغا جار سالدى . ئوتتۇرا شەرقنى يادروسىز رايونغا ئايلاندۇرۇش ئەمەلىيەتتە ئەرەبلەرنى ئاختا قىلىۋېتىش دېگەنلىكتۇر . چۈنكى «ناۋادا سەندە يادرو قورالى بولسا، ئامېرىكا ساڭا ئۇرۇش ئوتى ئاچالمايدۇ»[6] .بۇ چاغدا ئەرەبلەرمۇ غەرب دۇنياسى بىلەن «تەڭلىشىپ قالىدۇ»؛ ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە قاراتقان زوراۋانلىق-باستۇرۇش ،باش كۆتۈرگۈزمەسلىك سىياسىتى ۋەيران بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئورنى لىڭشىپ قالىدۇ . ئۇلار مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئۆزلىرىگە بىردىنبىر ،ھەقىقىي رەقىب ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ . بۇنى ھۆركىرىتىدىغان جان يېرىنى سوغۇرۇۋەتسە ئۇنىڭ مولايىم - ياۋاش ئويغا ئۆزگىرىپ بويۇنتۇرۇقتا ئوبدانلا كۆنۈدىغانلىقىنى، غەلۋىسىنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى بىلىدىغان غەرب ،شۇڭا ھەدېسىلا ئوتتۇرا شەرقتىن گۇمانسىرايدۇ ،ئوتتۇرا شەرققە بىر ئامالارنى قىلىپ چەكلەش سىياسىتى، ھەربىي ھەرىكەت قوزغايدۇ .

---

① ،② ،③ سۇجۇڭجيې: «شىتاتلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ ھاجەت قىلايلى» (ئازادنىزامىددىن ئەنجانى تەرجىمىسى)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 4-سان.

④ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995-يىل 5-، 6-(قوشما )سان.

⑤ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» 306-بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاپ 325-بەت.

يەنە بىر تەرەپتىن ، غەرب مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى ئىدىيىۋى جەھەتتىن پارچىلاشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ كەلدى . ئەڭ ئالدى بىلەن ھەربىي كۈچ ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن شاھلىقنى ، تەختىنى كونترول قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قارىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە زورلاپ تاڭدى . «1953-يىلى روزۋېلت ۋە ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئازساندىكى جاسۇسلىرى بىر قېتىملىق توپىلاڭنى باستۇرۇپ ئىراندا . . . كۆڭۈلدىكىدەك ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقتى»① . غەربنىڭ باشقىلارغا خالىسلىق بىلەن ھاكىمىيەت تىكلەپ بېرىدىغان «ئاق كۆڭۈل سىياسىتى» ھېلىھەم توختاپ قالغىنى يوق . ئافغانىستاندا بۇنداق ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ غەربنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتتى . ئىراقتىكى نەچچە يىللاردىن بېرى غەربنىڭ بۇ خىل «ئاق كۆڭۈل زوراۋانلىق» سىياسىيسىغا باش ئەگمەي كېلىۋاتقان «ئوتتۇرا شەرق مۇستەبىتى» ساددام ئاغدۇرۇلۇپ ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقلىقلەرگە ۋە دۇنياغا بېرىدىغان ئاگاھ سىگنالى چىڭىغا چىقتى . غەرب ھاكىمىيەت ئەندىزىسى ۋە دۆلەتچىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ تۇغۇندىلىرى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب دۆلەتلىرىدە بىر-بىرلەپ تىكلەندى . گەرچە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى ، ھەق-ناھەق تۇيغۇسىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى نارازىلىق ۋە غەربكە قارشى ھېسسىيات كۈنسايىن ئۆرلەپ تۇرسىمۇ ، تېخىچە ھەربىي ، ئارمىيە كۈچىنىڭ قالاقلىقى ئۇلارنى زور دەرىجىدە چەكلىگەن . ئۇلار غەربكە بېقىنىشقا مەجبۇر ھەمدە غەربنىڭ سوغۇق تەبەسسۇمىغا ئوتتەك تەشنا . غەربنىڭ نەزىرىدە ئىسرائىلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقى ھەق . ئۇلارنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى بولمىغان پەلەستىنلىكلەرنى مۇستەبىتلىك بىلەن باستۇرۇشى ، ئۆي-ماكانلىرىنى تۈزلىۋېتىپ سەرسان-سەرگەردان قىلىشى — ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قوغدىغانلىقى يوللۇق . ئەمما ۋەتەن قۇرۇش ئۈچۈن قان كېچىپ كۆرەش قىلىۋاتقان پەلەستىنلىك بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ ئاھۇ-زارى ۋە نەچچە يۈزمىڭلىغان ئاۋام خەلقنىڭ ئاچلىق ، ئۆي-ماكانسىزلىق دەردىدە ، ئۇرۇشنىڭ رەنجى-بالاسىدا تىنەپ-تەمتىرەپ يۈرۈشى غەرب دۇنياسىدا نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ كوچىغا چىقىپ نامايىشقا توۋلاپ قويۇشتىن باشقىغا ئەرزىمىدى . غەرب ئاتالمىش «تىنچلىق يول خەرىتىسى» ئۈستىدە توختالغاندا ، ھەدىسىلا پەلەستىنلىكلەرگە ياخشىراق ھەمكارلىشىپ قارشىلىقنى توختىتىش . . . دېگەندەك پۇتى باسماس گەپلەرنى قىلىپ ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىشتى . ھەتتا پەلەستىنلىكلەرنىڭ ھەقلىق كۆرۈشى تېررورىزم سۈپىتىدە ئەيىبلىنىپمۇ باقتى . ھەقىقەتەنمۇ «تېررورلۇق ئاجىزلارنىڭ ، مۇنتىزىم ھەربىي كۈچكە ئىگە ئەمەسلەرنىڭ»② ئىدى . كۈچلۈكلەرنىڭ ، مۇنتىزىم ھەربىي كۈچكە ئىگىلەرنىڭ ھەربىر مىدىرلىشىمۇ ھەقىقەت ئۈچۈن ، تىنچلىق — ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن بولاتتى . . . ئافغانىستان ، ئىراق ئۇرۇشلىرىدا بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ دەھشەتلىك قىرىلىشى خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈچلۈك نارازىلىق قوزغىغان بولسىمۇ ، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ دېگىنى دېگەن ، قىلغىنىنى قىلغان قىلىۋەردى . باشقا دۆلەتلەر خەلقلىرىلا ئەمەس ، ئاتالمىش تىنچلىق ، باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش بۈيۈك مەقسىتىدە قۇرۇلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىمۇ بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ مەيۈسىي ئالدىدا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ غەربنىڭ قىممەت قارىشىغا ، پوپوزىسىغا چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمەيدىغانلىقىنى ، «ئىتتى ئۇلۇغ ، سۈپرىسى قۇرۇق» ، غەرب ياساپ قويغان قورچاق ئورگان ئىكەنلىكىدەك ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى . خەلقئارا جەمئىيەت ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ پۈتكۈل دىققىتى ئىراقتىكى بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى ، پەريادىغا ئەمەس ، ئامېرىكىنىڭ قانچە قېتىم ، قانداق بومباردىمان قىلغانلىقى ، قانداق ئۇرۇش تېخنىكىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى ، ئامېرىكا تەرەپتىن قانچىسىنىڭ ئۆلگەن ، يارىدار بولغان ، ھەتتا قانچىسىگە زۇكام تېگىپ ، قانچىسىنىڭ ئىراقلىقلارنى ئېتىشتا ، بومباردىمان قىلىشتا كۆرەلمەي ، قانداق قىينالغانلىقىغا بەكرەك مەركەزلەشتى . ھەممىدە غەربنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بۇ خىل تەڭسىز خەلقئارا سىياسىي كىشىگە ئىختىيارسىز خانتىڭتوننىڭ «بوسنىيىدىن باشقا ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان گۇرۇھى ئۆزلىرىنىڭ ئىرقىي يوقىتىشنىڭ زىيانكارى بوپقالغانلىقىغا باشقىلارنى ئىشەندۇرۇپ ، غەربنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمايدۇ»③ دېگەن مۇكەممەل ئەسلىھەلەر ۋە كىشىگە قاپاق تېرەككەن شاپتۇل تەمە قىلماسلىقنى ئېيتىمۇ چەك ئېيتىدە ماقلىشى كېرەكلىكىنى . ئەسلىھەلەرگە مۇكۇم قىلغاندا ، بىر ئىش قىلغاندا ئاگاھ بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ . تور كېرەكلىك غەربپەرەسلىكى ۋە يەنە باشقا ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان دۆلىتى — ئاممىسىنىڭ غەربتىن ئۈمىد قىلىشىنىڭ ئۈنۈم بەرمەيدىغان ، پايدىسى يوق غىلجىڭ يىلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ .

ھەقىقەتەنمۇ تۈركىيىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆز خەلقىنىڭ ئەقىدە-ئېتىقادى ، ئىمانىغا ئازار بېرىش بەدىلىگە ئەكېلىنگەن غەربنىڭ خەيرخاھلىقى ياكى غەربنىڭ قىممەت ، ھاكىمىيەت قارىشى ۋەياكى غەربلىشىش ئۇلارغا ياخشى كۈن بەرمەيدۇ ، تۈركىيە خەلقىنى خۇشال قىلمايدۇ . مەيلى ھەممىباپچىلىق بولسۇن ياكى غەربلىشىش ، زامانىۋىلىشىش بولسۇن ئۇ ئالدى بىلەن غەربنىڭ بەچچىدانىدا تۇغۇلغان ۋە غەربنىڭ زاكىسىغا بۆلەنگەن قىممەت ، ھاكىمىيەت قارىشى . ئۇنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ دىنى ، ئېتىقادى ، مەدەنىيىتى ، تۇرمۇش ئۇسۇلى تامامەن ئوخشىمايدىغان يەنە بىر مەدەنىيەتكە دەسسىتىش تۈركىيىلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان دىن ، مەدەنىيەت ، ئەقىدە-ئېتىقاد ۋە روھىيىتىنى قۇربان قىلماي قالمايدۇ . يەنە كېلىپ ، ئۇ غەربلىشىشنى قانچە ئۈمىد قىلسىمۇ غەرب ئۇنى كولدۇرلىتىپ قويغان بولدى . خەلقئارالىق بەزى مەسىلىلەردە پىكرىگە ھۆرمەت قىلىنغاندەك ، ياۋروپا ئىتتىپاقى گەۋدىسىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىدىغاندەك قۇرۇق ئېمىزگىلەرنى ئېمىتىپ قويۇپ ئۇنى غەربنىڭ بېقىندىسى — رەسمىي ئارىسالدى

---

① يۇقىرىقى كىتاب 128-بەت .
② يۇقىرىقى كىتاب 326-بەت .
③ يۇقىرىقى كىتاپ 500-بەت .

دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. تۈركىيىنىڭ ئارىسالدىلىقى بىلەن غەربنىڭ ئەڭ كەم بولغاندا مۇنداق بىر ئىنتايىن مۇھىم مەقسىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشى نەچچە ھەسسە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولدى: يەنى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى بىر-بىرىگە ئىشەنمەس دەرىجىدە پارچىلىۋېتىش، ھەتتا بىر-بىرىگە ئۆچمەنلەشتۈرۈپ، ئىسلامنىڭ ئۆزىنى زىددىيەتكە پاتۇرۇپ قويۇش.

ئەمەلىيەتتە ئوخشاش ئىدېئولوگىيە كىشىلەرنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرۇۋدىغان كۆرۈنمەس ئەقىدە زەنجىرى. ئۇ كىشىلەرنىڭ مىللەت، ئىرق، رايون تەۋەلىكىدىن ھالقىغان بىرلىكىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ ۋە بۇ خىل ئىدىيىۋى قىممەت سىستېمىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى، كىم ياكى كىم ئەمەسلىكى ئاشكارا بولىدۇ. كىشىلەر مۇشۇ خىل ئىدىيىۋى ئاساسنىڭ پۇختىلىقى، ساپلىقىنى چىڭ ساقلىيالىغاندىلا مىللەت، دۆلەت ياكى مەلۇم بىر دىنىي قېرىنداش بولۇپ ئۇيۇشالايدۇ، ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. ئىدىيىۋى بىرلىكنىڭ پارچىلىنىشى ئومۇمىي توپنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر-بىرىگە رەقىب كۆچلەر مۇشۇ ئىدىيىۋى بىرلىككە ئىگە قىلغۇچى ئامىلدىن پايدىلىنىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، زىددىيەت تۇغدۇرۇپ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاشقا ئىنتايىن ماھىر كېلىدۇ. ئەگەر بىر تەرەپ بۇ خىل ھىيلىنى سېزىپ، تونۇپ يېتەلمىسە ئۆز ئىچىدىن پارچە-پارچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ تۈگەيدۇ. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى باستۇرۇش – ئوتتۇرا شەرقتە ئاتالمىش تىنچلىق – باراۋەرلىك، ئەدلى-ئادالەت ئورنىتىپ بېرىش ھىيلىسى باشقىلارنىڭ ئېتىقادىنى سۇندۇرۇش، شالغۇتلاشتۇرۇش، ئەۋرىشىملەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. سىياسىي سەزگۈرلۈكى، ئىستراتېگىيە ئىدىيىسى تۆۋەن، تۈزۈپ بېرىلگەن سىياسىي، قانۇن-قائىدىلەرنى قارىيلارچە يادلاپ، جەزمەن باشقۇرۇلۇشنى سىياسىي ئاڭلىقلىق، سەزگۈرلۈك دەپ تونۇپلا كەلگەن نۇرغۇن ئاما بۇ خىل ھىيلىنى تاھازىرغىچە بىلەلمەي، باشقىلارنىڭ چېلىپ بەرگەن دېپىغا، رېتىمى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن سەنەمنى چىرايلىق، بىخۇدلارچە ئويناپ، دەسسەپ يۈرىدۇ. ئۇلار ھېلىھەم غەرب «تىنچلىقنىڭ بوزغۇنچىسى»، «دېموكراتىيىنىڭ توسالغۇسى»، «ئەكسىيەتچى» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇپ بەرگەنلەرنى تېزراق كۆزىدىن يوقىتىش، ئاتالمىش «غەربچە ئەركىنلىك» ھەلەكچىلىكىدە بولۇشچە چاپماقتا. ئىستراتېگىيە ئىدىيىسى يوق، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ئويغانمىغان تالاي زامانىۋى قارىغۇلار ئۆز سالاھىيىتىنى تىنىماي قارىغىماقتا... «ئۇرۇش، ئاچارچىلىق، ۋەھىمە، ھالاكەتنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغۇچى»① – ئامېرىكا ۋە ياكى بىر قىسىم بىرتەرەپلىمە دۆلەت ئىدىيىسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇپ قالغان دۆلەتلەرنىڭ ئىدىيىسى، مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرىگە قىبلە، ئۆلچەم، سالاھىيەت نىشانى قىلىۋالغان تۈمەنمىڭلىغان بايقۇشلار ئاستا-ئاستا قېچىرلاشماقتا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى كىملىك سالاھىيىتىنى يوقاتماقتا. بىز مۇشۇ نۇقتىدىن تىنىماي كېلىۋاتقان سالاھىيەت ۋە سىياسىي تەپەككۇر ئاگاھىنى ھەرۋاقىت ئاڭلاپ تۇرىمىز...

خەلقئارادىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنى ۋە رىقابەت مېخانىزمىدا روشەن ئۆزگىرىش ئالامەتلىرى بولماقتا ھەم شۇنىڭغا ماس ھالدىكى دۆلەت سىياسىيسى، رايون سىياسىيسى ۋە خەلقئارا سىياسىي يۈرگۈزۈلمەكتە. مۇرەككەپ ئالاقە يوللىرى كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇد تەقدىرى ھەققىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرماقتا. ئېنىقكى، ئەمدىكى ئۆزگىرىش، يۈزلىنىشلەر تېخىمۇ كىشىنىڭ ئەقلى سىغمىغۇدەك دەرىجىدە نازۇكلىشىشى – جىددىيلىشىشى مۇمكىن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي كۈچ تالىشىشلار، ئاسىيانىڭ دۇنيا سودا – ئىقتىسادىدىكى ھەل قىلغۇچ ئورنىنىڭ كۈنسايىن مۇقىملىشىشى، مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ئورتاق بىرلىكسەپ يولىدىكى ئىزدىنىش-ئورۇنۇشلىرى، جۇڭگونىڭ ئۆز مەيدانىنى تەكىتلىشى... قاتارلىق ئامىللار دۇنيادىكى ھەربىر مىللەت، ھەربىر قەۋمنىڭ تەقدىرىگە، ئۇلارنىڭ ئەتە ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. شۇقاتاردا دۇنيا سىياسىيسىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنىڭ بىزلەرگىمۇ مەلۇم نىسبەتتە تەسىرلەرنى ئەكېلىشى شۈبھىسىز. شۇنداق ئىكەن بىزلەرنىڭمۇ ئەتراپىمىزدىكى ھەربىر ئۆزگىرىش، يېڭىلىققا مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇپ، تاشقى، ئىچكى تەسىرلەرنى تەكشۈرۈپ، مەۋجۇدلۇقىمىزنى ماھىرلىق بىلەن ئايان قىلىپ تۇرۇشىمىزمۇ تەخىرسىز ئېھتىياج. دۆلەت سىياسىيسى ۋە دۇنياۋى سىياسىي قايسى يوللار بىلەن نېمىنى مەنبە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ؟ بىز نېمىگە تايىنىپ مەۋجۇدلۇقىمىزغا چىراغ ياقماقچى بولۇۋاتىمىز؟ بىز قايسى يوسۇندا بىز بولۇپ، قانداق ھالدا باشقىلار بوپقالماسلىقىمىز كېرەك؟... دېگەندەك مەسىلىلەر بىز ئەمدى زادى ئويلانمىساق بولمايدىغان مەسىلىلەردۇر. ھېلىمۇ بىز ئەمەس يوللاردا ئاز ماڭمىدۇق. ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر تاشلىنىپ قېلىۋېرىپ، ھەدېسىلا بۇگۈننىڭ رېئال، نەق زىددىيەت – مەسىلىلىرى بىلەن ئانچە ئالاقىسى بولمىغان ئىشلارغا دىققەت – ئېتىبارىمىز بەكرەك مەركەزلەشتۈرۈۋېتىلدى. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ سالاھىيىتىمىز نوقۇل روھىي ئامىللار، مەدەنىيەتنىڭ مەنىۋى تەرەپلىرىگە مۇنداقلا ۋارىسلىق قىلىش بىلەنلا ئىپادىلەنمەيتتى. سوپىزمچە تەركىدۇنياچىلىق ياكى قانداقتۇر روھىيەتكە ئالاقىدار بولغان ئابستراكت نەرسىلەرنىلا قوغلىشىپ، رېئال – نەق ھايات-جاننى تاشلىۋېتىش ھەرقانداق بىر شەخس ياكى مەدەنىيەت توپىنىڭ مەۋجۇدلۇق يىلىكىنى قۇرۇتۇپ تاشلايتتى. تاتلىق خىياللار قالغان قۇرۇق جاندىن ئېغىر-ئېغىر ئىنجىقتىن بۆلەك يەنە نېمە چىقسۇن؟

يېتەرلىك ئىقتىساد ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكى بولغان مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ئەتىسىنى ئۆزى قۇرۇپ چىقالايدۇ. مەلۇم مەدەنىيەت توپىغا تەۋە كىشىلەردىمۇ ئىدىيىۋى نىشان، يەنى تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق سالاھىيىتىنى ساپلاشتۇرۇدىغان، مۇكەممەللەشتۈرۈدىغان نىشان ئايدىڭلاشقاندىلا شۇ توپنىڭ ئومۇمىي سالاھىيىتى يارقىنلىشىدۇ. يەنى بىر تىجارەتچى

① «گارسىيا ماركوسنىڭ ئۇرۇشقا قارشى مەقسەتتە ئامېرىكىغا يوللىغان ئوچۇق خېتى» (قەيسەر ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 4-سان.

مىليونېر ياكى كاتتا ماگنات بولۇش ئۈچۈنلا تىرماشسا ئۇنىڭ تاپقان-تەرگىنىنىڭ قىممىتى شەخسىنىڭ پۈكىنىنى تويغۇزۇشتىن باشقىغا ئەرزىمەسلىكى مۇمكىن. بىر ئوقۇغۇچى دوكتور ياكى ئالىم بولۇش ئۈچۈنلا ئوقۇسا ئۇنىڭ دوكتورلۇقى ياكى ئالىملىقى ئۇنىڭغا سېتىپ خەجلەيدىغان دەسمىيلا بولۇشى، باشقا تۈزۈك نەپ ئەكېلەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەگەر بۇلار شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش، جەمئىيەتتە ساغلام ئەخلاق-ئېتىقاد تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تىرىشسىچۇ؟ بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ ئەمگىكى قىممەتكە ئايلىنىشى، خۇسۇسىي سالاھىيىتىمۇ، پۈتكۈل توپنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقى، سالاھىيىتىمۇ يارقىنلىششى، جەمئىيەتتە ئورتاق مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ياردىمى بولۇشى مۇمكىن...

ۋەھالەنكى، بىزدە شائىرلار خەلقنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىقى بىلەن كارى يوق ھالدا كۆزى تۇتۇلغىچە، ئېغىزى زوۋاندىن قالغۇچە شېئىر يازماقتا. دوكتورلار دوكتورلۇق قىلماقتا. زىيالىيلار يەنىلا زىيالىيلىقنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە. دېھقانلار كەنت باشلىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن مەشغۇل... بىر ئورتاق سىياسىي، ئىقتىساد، تېخنىكا، مەدەنىيەت ئېڭى بىزدە تۇغۇلغىنى يوق.

بىز باشتىلا ئۆزىمىزنىڭ سىياسىي دەۋرگە مەنسۇپلۇقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. سىياسىي دەۋرنىڭ ئادىمى ئەلۋەتتە سىياسىيلاشقان، كۈچلۈك سىياسىي ئاڭغا ئىگە بولىدۇ. ئۇنداقتا، بىزدە، بىزدىكى دېھقانلاردا ئەمەس زىيالىيلاردا سىياسىي سەگەكلىك قانچىلىك؟

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بىزدە ھەقىقەتەنمۇ ئالەمشۇمۇل سىياسىي بار. سىياسىي قارىيلار، مەجلىسۋازلار بار. ئەمما سىياسىي تەپەككۇر، ئىستراتېگىيە ئېڭى تولىمۇ كەمچىل بولماقتا. دۇنياۋى تەرەققىيات — ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى باغلاپ تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلالايدىغان سىياسىيئونلار بىزگە قاچانلاردا نېسىپ بولاركىن؟ بىزنىڭ سالاھىيىتىمىزنى ئىپادىلەيدىغان مەدەنىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد، تېخنىكىلارنىڭ بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان ھالدىكى پۈتۈنسۈرۈك بېرىكمىسى قاچانلاردا روياپقا چىقاركىن؟

سىياسىيدىكى رېئاللىق بىلەن رېئاللىقتىكى سىياسىي كۆپ ھاللاردا بىردەك بوپكەتمەسلىكى مۇمكىن. مۇشۇلارنى سەگەكلىك بىلەن بايقاپ ئىنكاس قايتۇرالايدىغانلارلا زامان سىياسىيسىنىڭ ياكى سىياسىي زامانىنىڭ يېمى بوپكەتمەي، سىياسىيسىنىڭ خىزمەتكارىغا ئايلىنىپ قالماي ئۇنىڭدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ياشيالايدۇ.


ناخشىنى بۈگۈن ئېيتمىساق ئەتە ئېيتىش مۇمكىن، شېئىرنى بۈگۈن يازمىساق ئەتە يېزىۋالساق بولىدۇ. يەنە كېلىپ بىزنىڭ كىملىكىمىز شېئىر-ناخشىغىلا باغلىق ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائىيلار تىكلىسە مۇنار بولغۇدەك شېئىرلارنى يېزىپمۇ غۇلاپ كېتىۋاتقان قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇتقۇزۇپ قالالمىغانىدى. بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز، قوغلىشىۋاتقىنىمىز ھېچبولمىسا ئۆزىمىزنى بولسىمۇ نەپكە ئېرىشتۈرۈشى كېرەك. قىلغان-ئەتكەن، تىرىشىپ-تىرماشقانلىرىڭ ئۆز تۇرمۇشۇڭنى نەپكە، بەختكە ئېرىشتۈرەلمىسە، شەك-شۈبھىسىزكى تىرىشىپ-تىرمىشىپ جان بەرگىنىڭ قۇرۇق سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. سەپسەتىنى چۆرۈپ تاشلىۋەتمەي ئامال يوق. بۇنىڭغا يەنە مەھكەم يېپىشىش ياكى سەپسەتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئېرەن قىلماسلىق، سەپسەتىنى ۋىرۇسقا ئوخشاش تېزلىكتە يامىرىتىپ، ساغلام نەرسىلەرنىمۇ كاردىن چىقىرىدۇ. بۇ خىل سەپسەتە ھەقىقەت سۈپىتىدە «بىرەر جەمئىيەتكە يىلتىز تارتىپ قالىدىكەن، ئۇنى يىلتىزىدىن يوقاتماق تەس. ۋىرۇس مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ، ئەمما جاننى ئالمايدۇ، بىمار يەنىلا ياشاۋېرىدۇ، ئەمما مەڭگۈ مۇكەممەل بولالمايدۇ» («مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، 265-بەت) پەقەت كۈچلۈك سەزگۈرلۈك، بايقاش ئىقتىدارى ۋە مەسىلىلەرنىڭ سوپۇن كۆپۈكىدەك رەڭدار تاشقى ماغزاپ قىسمىنى ئەمەس، ماھىيەت يوشۇرۇنغان تەگ-قاتلىمىنى كۆرەلەيدىغان كۆز بولغاندىلا ساغلام بولغان ۋۇجۇدنى چىرىتىپ تاشلايدىغان زەھەرلىك ۋىرۇسنى كۆرۈپ يېتىش، تازىلاش مۇمكىن. كۆز بولمىسا، نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. كۆز بولۇپ كۆرمىسە ئۇنىڭ تۆشۈك-كاماردىن پەرقى قالمايدۇ. مۇكەممەل بولۇش تۈگۈل، ساغلام ھالىتىنىمۇ ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، يېزىلغان، يارىتىلغان قانۇن، سىياسەت-نىزاملاردىن پايدىلىنالماي، ئەتىدىن كەچكىچە يىغىن ئاڭلاپ، گېزىت يادلاپ، جاھاننىڭ تاشقاشلىرىغا بېقىنىپ، «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەپ رايىشلارچە ياشاپ ئۆتىدىغان گەپ.

ئۈرۈمچى شەھىرى، 2004-يىل 9-يانۋار

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 2002-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىستۋەبەتچى رىسالەت مۇھەممەت
بۇسانىڭ تېخرېداكتورى ۋە مەسئۇلكوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# چىقىمچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە پەسىيىشى

## بىرىنچى،ئىككى خىل ئەھۋال
### 1 .ئىككى ۋەقە ، بىر گەپ

ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كىچىك كىلاي بېلىنىڭ «ماك ئارتور »دېگەن كىتابىنى ئوقۇغان چېغىمدا ،ئۇنىڭدىكى مۇنداق بىر ۋەقە ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى :1889-يىلى 19ياشلىق ماك ئارتور ئۆزى ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلغان ۋېست پوئېنت ھەربىي مەكتىپىگە كىرگەن .مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ،ھەربىي مەشق ۋاقتىدا ئۇ يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قاتتىق بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ ، پۇت-قوللىرى كىرىشىپ ھوشىدىن كەتكەن . ۋەقەدىن كېيىن ،سوت ۋېست پوئېنت مەكتىپىنىڭ مۇنداق قاملاشمىغان قىلمىشىنى تەكشۈرگەندە ،ئۇ بولغان ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن . لېكىن سوت ئۇنىڭدىن بۇ بىمەنە چاقچاقنى قايسى ئوقۇغۇچىنىڭ قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ،ماك ئارتور نېمە دېيىشنى بىلمەي ئارىسالدى بوپقالغان . ئەگەر ئۇ بۇيرۇققا بويسۇنمىسا مەكتەپتىن ھەيدىلەتتى .ئۇنداقتا ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى بارلىق ئارزۇ-ئارمانلىرى بىتچىت بولاتتى . شۇ چاغدا ، ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا سۇنغان بىر شېئىرى ئۇنىڭ بىر قارارغا كېلىشىگە ياردەم قىلغان . شېئىر ئاساسەن : كەلگۈسىدە كىشىلەر سېنىڭ قانداق ئادەم بولغانلىقىڭغا قاراپ ، سېنى باققان ئانائىنىڭ پەزىلىتىگە ھۆكۈم قىلىدۇ ،دېگەن مەزمۇندا ئىدى . ئەگەر ماك ئارتورنىڭ شەنىگە بىرەر داغ تېگىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئاھانەتكە قالاتتى . يۇقىرى پاراسەت ۋە ياخشى ئائىلە تەربىيىسىگە ئىگە ماك ئارتوردا ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ نام-شەرىپىنى ساقلاپ قېلىش بۇرچ تۇيغۇسى بار ئىدى . بۇنداق بۇرچ تۇيغۇسى ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنى پاش قىلىشىغا يول قويمىدى .شۇنىڭ بىلەن ،ماك ئارتور كەلگۈسى ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي ئۇنچىقمايلا تۇرۇۋالغان . ئۇ ، بۇ تاللىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن .

بىمەنە چاقچاقتىن كېلىپ چىققان بۇ ۋەقەدە بۇ ئىشنى قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېيتىپ بېرىپ ،ئۇلارنى تېگىشلىك جازاغا تارتقۇزۇش ھېچقانداق ئەيىبلىنىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى . بىراق كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى ساقلاش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدىغان بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ بىر خىل شەكلى ئۆزگەرگەن چېقىمچىلىق ھېسابلىنىدۇ . چېقىمچىلىق بولسا ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلىنىۋاتقان ئىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ پەس بىر خىلى .

يېرىم ئەسىردىن كېيىن ،ئامېرىكا كىنوچىلىق تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم رېژىسسورلارنىڭ بىرى بولغان ئېلىيائا كازان 1950-يىللاردا باشقا بىر يولنى تاللىدى . ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا ماك كارتىزمنىڭ كۆلەڭگىسى ئاستىدا تۇراتتى .كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماك كارتى ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان ئاتالمىش كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق دېلوسى

**چېقىمچىلىق قەبىھ ئىللەت**

www.uyghurkitap.com

دېگەننى باھانە قىلىپ، سىياسىي زىيانكەشلىك ئەسەبىيلىكى ۋە ۋەھىمە كەيپىياتىنى قوزغىغانىدى. فېدېراتسىيە ئورگانلىرى بىلەن پارلامېنتنىڭ كىشىلەرنىڭ سىياسىي ئېتىقادى ۋە باردى-كەلدى پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىدە، ئامېرىكا كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە باشقا رادىكال تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىسى بار نۇرغۇن كىشىلەر سوراققا چاقىرتىلدى. كازان بولسا ئامېرىكا كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ غايىسىدىن ئايرىلغان بىر ئەزاسى ئىدى. ئۇ، پارلامېنت تەرىپىدىن سوراققا چاقىرتىلغاندا، ئۆز ئىستىقبالىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر قانچە كوممۇنىست دوستى ۋە خىزمەتدىشىنى پاش قىلىپ قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئار-نومۇسقا قېلىپ «چېقىمچى» دېگەن ئاتاققا قالدى. 40نەچچە يىلدىن كېيىن - 1997-يىلىغا كەلگەندە، رېژىسسورلۇق قىلغان كىنو فىلىملىرى ئىككى قېتىم «ئوسكار ئالتۇن مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن كازان 87ياشقا كىرگەنىدى. ئەمما هوللىۋۇدتىكى سول قانات لىبېرال كىنوچىلار ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى چېقىمچىلىق قىلمىشىنى كەچۈرمىدى. ئامېرىكا كىنوچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە لوس ئانژېلىس كىنو ئوبزورچىلىرى بىرلەشمىسى ئۇنىڭغا «ئۆمۈرلۈك نەتىجە مۇكاپاتى»نى بېرىشنى رەت قىلدى.

ھەربىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەلۇم بىر مۇھىم پەيت ئۆز-ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇشتىكى بىر پۇرسەت بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكى خاراكتېرى، كىشىلىك قەدىر-قىممىتى قاتتىق سىناققا دۇچ كېلىپ، شۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ زادى قانداق ئادەملىكىنى بىلىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىلىدۇ. يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان ئىككى ئىشتىكى ئىككى ئادەمنىڭ ئىككى خىل تاللىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ تاللىشىغا قايتۇرغان ئىككى خىل ئىنكاسى چېقىمچىلىقتىن ئىبارەت بۇ نازۇك مەسىلىگە ئىككى جەھەتتىن چېتىلىدۇ ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ چېقىمچىلىققا تۇتقان ئومۇمىيۈزلۈك پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## 2. يەنە بىر خىل ئەھۋال

قاچان، قايەردە بولمىسۇن چېقىمچىلىق زۇلمەت، ئىمىسقىلاپ يۇرۇش، پەسكەشلىكلەر بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. بۇ ئىشنى قىلىشقا خۇشتارلارنىڭ باشقا خەيرلىك - ئىجابىي ئىشلار بىلەن كارى بولمايدۇ. ئۇلار ئالاقزادىلىك بىلەن تۆت ئەتراپىنى ماراپ، سەزگۈر بۇرنى بىلەن پۇراپ ئىمىسقىلاپ، پىكرى، سۆزى، ھەرىكەتلىرى كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىنىڭ نازارەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۆزى سەل گۇمانلىق تۇرىدۇ، دەپ قارىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ خاتىرىگە ئېلىپ كېرەكلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزىدۇ ياكى ئۇ نەرسىلەرنىڭ كېرەك بولىدىغان پەيتىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇلار ئىچى قارا،

نومۇسسىز، ئىش-ھەرىكەتلىرى بەئەينى ئوغرى مۈشۈككە ئوخشاپ كېتىدىغان بەندىلەردۇر.

چېقىمچىلىق قەدىمدىن ھازىرغىچە بار نەرسە. تۈرلۈك دەۋرلەر، تۈرلۈك دۆلەتلەر ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت شارائىتىدا چېقىمچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە پەسىيىشى ۋە چېقىمچىلارنىڭ سەرگۈزەشت پەرقلىرىمۇ خېلى چوڭ بوپكەلدى. توغىما پەسكەشلىكىدىن چېقىمچىلىققا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆزىنى ئاتىغان بەزى رەزىل ئادەملەردىن باشقا يەنە مۇنداق ئىككى خىل چېقىمچىلار بولىدۇ: بىرى، ئىش ئىستىقبالى ياكى ھاياتىغا تاقاشقان چاغدا، ئىنسان خاراكتېرىدە بولىدىغان ئاجىزلىقلار تۈپەيلى بېسىمغا باش ئېگىپ مەجبۇرىي چېقىمچى بوپقالىدىغانلار؛ يەنە بىرى، مەلۇم بىر ئىدېئولوگىيە جەھەتتە قايمۇقۇپ قېلىش ۋە تار پارتىيە - گۇرۇھلار مەيدانىغا بېرىلىپ كېتىش نەتىجىسىدە، مەلۇم سىياسىي مەسلەك ئۈچۈن ئىدىيە جەھەتتىكى ھەققانىيلىقنى قۇربان قىلىدىغانلار. بۇ، ساختا غايىدىن كېلىپ چىققان ئەخلاقىي بۇزۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

## ئىككىنچى، چېقىمچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە پەسىيىشىنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش

تارىختا كەسپىي پايلاقچىلار بىلەن ئىشتىن سىرتقى چېقىمچىلار مەيلى شەرقتە ياكى غەربتە بولسۇن ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇد بوپكەلدى. قەدىمكى گرېتسىيە ھازىرقى زامان غەرب مەدەنىيىتى تۆرەلگەن بۆشۈك. ئەمما خانلىق تۈزۈمى مەزگىلىدە مەخپىي ئورىدىكى مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈدىغان ئىلاھىي شاھمۇ شەرقنىڭ پادىشاھلىرىغا ئوخشاش چېقىمچىلارغا ھاجەتمەن بوپكەلگەن. ئۇلار مەخپىي خەت يەتكۈزۈپ، تۇرۇدىغانلارغا تايىنىپ پۈتكۈل جەمئىيەتنى نازارەت قىلاتتى. ئۇ چاغدىكى خەت يەتكۈزگۈچى مەنسەپدارلار خەت يېزىشنى بىلىدىغان بىردىنبىر قاتلام ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھەم ئورىدا مەخپىي ئارخىپ تۇرغۇزۇپ مېڭىش، ھەم ئىلاھىي شاھنىڭ كۆز-قۇلىقى بولۇپ خەلق ئىچىدىكى «غەيرىي ئەھۋاللار»نى ۋاقتىدا بايقاش ۋە ئۇنىڭغا مەخپىي مەلۇم قىلىپ تۇرۇشتەك ئىككى ۋەزىپە يۈكلەنگەنىدى. خانلىق ھوقۇقى پارچىلانغاندىن كېيىن ھوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئىلاھىي شاھمۇ يوق بولدى. گرېتسىيە جەمئىيىتى شەھەر دۆلىتى دەۋرىگە قەدەم قويدى ۋە ئاممىۋى يىغىلىشلار بولۇدىغان مەيدانلارنى مەركەز قىلغان ئىجتىمائىي بوشلۇق پەيدىنپەي شەكىللەندى. بۇ مەزگىلدە جەمئىيەت سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشى بىلەن «كۆز-قۇلاق»لار كۆپلىگەن شەھەر دۆلەتلىرىدە تۈزۈم سۈپىتىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ئاساسىدىن مەھرۇم بولدى. ھەر قايسى شەھەر دۆلەتلىرىدە يەنىلا چېقىمچىلار بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ پائالىيەت

دەرىجىسى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە قاراپ پەرقلىنەتتى. خانلىق تۈزۈمى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش مەزگىلىگە كەلگەندە، بەزى سىياسىي مۇستەبىت خاراكتېرىدىكى سپارتاك دوكارلار سىياسىي تۈزۈمى ئەڭ دەسلەپكى مەخپىي ساقچىلارنى تەسىس قىلدى. ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى زور بولۇپ، ئاممىنى نازارەت قىلىپلا قالماي قۇللارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتەلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈدىغىنى ئاساسەن مەلۇم جاسارەتكە ئىگە، مىجەزى خەتەرلىك دەپ قارالغان قۇللار ئىدى. شۇڭا، سپارتاك بىر قانچە قېتىملىق جەڭدىن كېيىن، ۋەتەن ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلغان قۇللارنى كوللېكتىپ قىرىپ تاشلىغان. دېموكراتىك ئافىنادا ئىچكى جەھەتتە مەخسۇس پايلاقچىلار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ھۆكۈمەت پۇقرالارنى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى مەلۇم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ئەگەر خىلاپلىق قىلغۇچىغا جىنايەت بېكىتىلىپ جەرىمانە قويۇلسا، پاش قىلغۇچى شۇ جەرىمانىنىڭ مەلۇم قىسمىغا ئىگە بولاتتى. بۇ تۈزۈم «ھەربىر پۇقرانىڭ ئاممىۋى تەرتىپنى ساقلاش بۇرچى بار» دېگەن قاراشتىن كېلىپ چىققانىدى. لېكىن مۇنداق تۈزۈم يولغا قويۇلغاندا، باشقىلارنىڭ سۆز-ھەرىكەت، پىكىر، ئېتىقادلىرىنى نازارەت قىلىپ ۋە پاش قىلىپ جان باقىدىغان ئىش ئاسانلا يامراپ كېتىپ، چېقىمچىلىققا ئىلھام بېرىلىپ قالاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ئافىنالىقلاردا ئەركىنلىكنى قەدىرلەيدىغان ئالىيجاناب پەزىلەت بولغاچقا، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى پاش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۇلاردا يوشۇرۇن، ئەمما تېخىمۇ ئېغىر جىنايەت بولغان چېقىمچىلىقتىن ھەزەر ئەيلەش كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى. شۇڭا، مەيلى شائىر، پەيلاسوپنىڭ قەلىمى ئاستىدا ياكى خەلق ئارىسىدىكى گەپ-سۆزلەردە بولسۇن چېقىمچىلار «يارىماس ئادەملەر» دەپ قارىلاتتى. پەيلاسوپ سوقرات: چېقىمچىلارنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ، دېگەنىدى. مۇنداق جامائەت پىكرى ئاستىدا، پۇل دېسە دۈم چۈشىدىغانلارلا بولمىسا، باشقىلارنى ماراپ يۈرۈشكە خۇشتار ئادەملەرنىڭ چېقىمچىلىق قىلغۇسى بولسىمۇ قىلالمايتتى. شۇڭا، چېقىمچىلىق قىلىشنى خالايدىغانلار ئانچە كۆپ چىقمايتتى. دېموكراتىك تۈزۈمدىكى ئافىنادا گەرچە چېقىمچىلارنىڭ سوقراتنى «تەڭرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلدى» دەپ چاققىنىدەك پاجىئە يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئافىنا چېقىمچىلارنىڭ كۆپىيەلەيدىغان ئورنى بولغان ئەمەس.

قەدىمكى رىم دەۋرىگە كەلگەندە دۆلەت تەشكىللەشنىڭ قەدىمكى ئەخلاقى — قەيسەرلىك، باتۇرلۇق، دىنغا بولغان ئىخلاس، شەرەپ ۋە بۇرچقا ئېتىبار بېرىش تەكىتلەندى. بۇنداق ئەخلاققا رىئايە قىلىدىغان رىملىقلار جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى رىمدىن ئىبارەت بۇ غالىب دۆلەتنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ دەۋردىمۇ چېقىمچىلار بولغان، ئەمما ئۇ چاغدىكى چېقىمچىلارغا بەك جانلىنىپ كېتىدىغان پۇرسەتمۇ يوق ئىدى. ئىمپېرىيە دەۋرىگە كەلگەندە ئەھۋال ئوخشىماي قالدى. ئۆمۈرلۈك ئالىي ھوقۇققا ئىگە دۆلەت باشلىقى پەيدا بولغاندىن كېيىن، مۇنداق ھوقۇق ئالىي ھۆكۈمدارلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھوقۇققا مەپتۇن كىشىلەرنىڭ بار كۈچى بىلەن قوغدايدىغان نەرسىسىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خەلقنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قابىل كىشىلەرنى تىزگىنلەش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چېقىمچىلارغا بولغان ئېھتىياجمۇ كېلىپ چىقتى. دۆلەت باشلىقى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پادىشاھقا ئايلانغاندىن كېيىن ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چېقىمچىلارغا بولغان بېقىندىلىقى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. خۇددى قەدىمكى رىم تارىخچىسى سۇۋېتونىئۇس ئېيتقاندەك: چېقىمچىلار ۋە ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگەنلەرنىڭ تەپتارتماي قىلىۋاتقان ئەسكىلىكلىرى ئىمپېرىيە دەۋرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەيىبى ئىدى. بىرنەچچە زالىم پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقىتتا مۇنداق ئىللەت تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. چېقىمچىلار كامىمۇد دەۋرىگە كەلگەندە بەكمۇ غالجىرلىشىپ كېتىشتى. كامىمۇد ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن ياۋۇز ئادەم بولغاچقا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالاھىدە ئىپادىسىنى ئۆز ھوقۇقىغا قىلىنغان خىرىس دەپ بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، زالىم پادىشاھلارنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ۋە باشقىلارغا قارا چاپلاشقا ئۇستا چېقىمچىلار كۆزىنى ئاشۇ پاك، ئادىل، تۆھپىسى زور كىشىلەرگە تىكىدىغان بولۇۋالدى. چېقىمچىلارنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئېيتقاندا، پاك، ئادىل كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ناپاكلارغا نىسبەتەن ئۇنسىز ئەيىبلەش بولىدۇ. زور تۆھپە كارامەت ئىقتىداردىن دېرەك بېرىدۇ. دەل مانا شۇ نەرسىلەر زالىم پادىشاھلارنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن چېقىمچىلار خوجايىنلىرىنىڭ ئاشۇنداق ئاجىزلىق ۋە چۈشكۈنلۈكلىرىدىن پايدىلىنىپ مال-مۈلۈك ۋە كۈچكە ئىگە بولۇشتى. خوجايىنلار بولسا چېقىمچىلار ئويدۇرۇپ چىقارغان باھانىلاردىن پايدىلىنىپ ئادەم ئۆلتۈرەتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كۆزدىن يوقىتىدىغىنى — رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە، زالىم پادىشاھلارنىڭ خالىغىنىچە ئەسكىلىك قىلىشىغا يول قويمايدىغان مۆھىم ئەربابلار ئىدى.

20-ئەسىرگە كەلگەندە، ناتسىستلار گېرمانىيەسى پۈتكۈل مەملىكەتنى قاپلىغان سانى ناھايىتى كۆپ ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتى گېستاپو ۋە چېقىمچىلىق تۈزۈمى ئارقىلىق تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەرقىي گېرمانىيىدە يەنە شۇ خىلدىكى تېخىمۇ چوڭ ئاپپارات ستاچ ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پاش قىلىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. «ستاچ» دېگەن كىتابتا ئاشكارىلىنىشىچە: ئىككى گېرمانىيە بىرلىشىشتىن ئىلگىرى، پىلىموت ۋە قېلىن تام ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ غەربىي گېرمانىيىگە قېچىپ كېتىشىنى توسۇپ تۇرغان بۇ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 17مىليون ئىكەن، ستاچىنىڭ ئالاھىدە خىزمەتچىلىرىنىڭ سانى بولسا 100مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭغا يەنە كۆپ

www.uyghurkitap.com

ساندىكى چېقىمچىلارنى قوشقاندا، ھەر بەش-ئالتە ئادەم ئىچىدە بىر ئادەم ستاچ ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئۇنچە ئادەم توپلاشقان يەردە ئۇنىڭ ئىچىدىكى جەزمەن بىرى ستاچ ئۈچۈن قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرغان. خەلقنىڭ ھەربىر ئىش-ھەرىكىتى ستاچىنىڭ زور ئارخىپىغا خەتلىنىپ تۇرغان. مۇنداق ئىچكى جەھەتتە ئالاھىدە خادىم ۋە چېقىمچىلارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرۇش يالغۇز شۇ چاغدىكى غەرب بىلەن شەرقنىڭ قارشىلىشىشىنىڭ ئالدىنقى لىنىيىسىدە تۇرغان شەرقىي گېرمانىيىنىڭلا ئۆزىگەخاس ئۇسۇلى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئورتاق سىياسىي ئالاھىدىلىكى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ستالىن دەۋرىدىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىمۇ ئاممىنى نازارەت ئاستىدا تۇتۇش ۋە بېسىم بىلەن تىزگىنلەشتە شەرقىي گېرمانىيىدىن قېلىشمايتتى...

جۇڭگودىكى نەچچە مىڭ يىللىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە چېقىمچىلار ئەزەلدىن زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۇ خىلدىكى ئادەملەرگە زور مەدەت ۋە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان زېمىن ھازىرلاپ بېرىلگەن. غەربىي جۇ دەۋرىدىلا پادىشاھ جۇلىۋاڭ خەلقنىڭ نارازىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن داخانلارنى ياللاپ، ئاتالمىش ئەپسۇن ئوقۇتۇش يولى بىلەن خەلقنى چارلاپ ۋە تىڭتىڭلاپ يۈرۈپ، كىمدە كىم ئۆزىگە بىرەر تەنقىدىي پىكىر قىلغاننى سەزسە، دەرھاللا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. ۋۇزېتيەن دەۋرىگە كەلگەندە چېقىمچىلاردىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىش باشلىنىپ، «مىس ساندۇقچىدا مەكتۇب يوللاش» ئۇسۇلى ئىجاد قىلىنغان؛ كىشىلەر چېقىمچىلىق قىلىشقا كۈشكۈرتۈلۈپ، چېقىمچىلىققا يول قويۇش تۈزۈملىرى بېكىتىلگەن. ئەمما چېقىمچىلار ئەڭ غالجىرلاشقان، چېقىمچىلارنى ئىشلىتىش تۈزۈملەشكەن ۋاقىتنى مىڭ سۇلالىسى دەۋرى دېسە بولىدۇ. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىلا جۇ يۈەنجاڭ جۇ فامىلىلىكلەر ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن «تەپتىش مەھكىمىسى» تەسىس قىلغان. بۇ ئاپپارات مەنسەپدارلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى، ھەتتا تۇرمۇشتىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىغىچە تەكشۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىپ تۇرغان. «تەپتىش مەھكىمىسى» مىڭ دەۋرىدىكى زور كۆلەملىك ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتلىرىنىڭ تەكتى ھېسابلىنىدۇ. كېيىن جۇ يۈەنجاڭ «كىمخاپ تونلۇق نۆكەرلەر مەھكىمىسى»نى تەسىس قىلغان. كىمخاپ تونلۇق نۆكەرلەر مەھكىمىسىنىڭ چارلاش، تەكشۈرۈش دائىرىسى مەنسەپدارلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە كېڭەيگەن. جۇ يۈەنجاڭنىڭ ئىنىسى جۇدى تەختتە ئولتۇرغاندا ھەرەم خادىملىرى ئىچىدىن ئىشەنچلىكلىرىنى تاللاپ، ھەرەمئاغىلىرىدىن تەشكىللەنگەن «شەرقىي مەھكىمە»نى تەسىس قىلدى. شەرقىي مەھكىمە مەنسەپدارلار ۋە پۇقرالارنى نازارەت قىلىپلا قالماي، كىمخاپ تونلۇق نۆكەرلەرنىمۇ تەكشۈرۈش-نازارەت قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزگەنىدى. «كىمخاپ تونلۇق نۆكەرلەر مەھكىمىسى» بىلەن «شەرقىي مەھكىمە»نى بىرلەشتۈرۈپ «پاششاپلىق ئىدارىسى» دەپ ئاتايتتى. ئۇلار ئىشپىيونلۇق ئورگان بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل مىڭ سۇلالىسى دائىرىسىدە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىغان بولۇپ، ئۆكتەملىكى چېكىدىن ئاشقانىدى. پاششاپلىق ئىدارىسىنىڭ ئىسمى چىقسا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتەتتى. «كىمخاپ تونلۇق نۆكەرلەر مەھكىمىسى» ۋە شەرقىي - غەربىي مەھكىمىلەردىن ئىبارەت بۇ بارلىق ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى ھوقۇقى چەكسىز بولغان بىرلا ئادەمگە - پادىشاھقا خىزمەت قىلاتتى. پاششاپلىق ئىدارىسىنىڭ ئادەم سانى شۇنچە كۆپ بولىسىمۇ، ئۇلار پۈتكۈل مەملىكەتتىكى مەنسەپدار ۋە ئاۋام پۇقرالارنى، شۇنداقلا يەنە ئۆزئارا بىر-بىرىنى نازارەت قىلىدىغان بولغاچقا، يالغۇز پاششاپلىق ئىدارىسىگىلا تايانغان بىلەن يېتىشىپ بولالمايتتى. شۇڭا پاششاپلىق ئىدارىسى يەنە ھەرقايسى جايلاردىكى لۈكچەكلەرنىمۇ كۆز-قۇلاق بولۇشقا سېلىپ، پۇل چىقىرىپ ئۇلاردىن ئاخبارات سېتىۋېلىپ، لۈكچەكلەرنىڭ ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن ئەسكىلىك قىلىشىغا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېقىمچىلار پاششاپلىق ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىدا پارازىتلارچە ياشاپلا قالماي، يەنە پاششاپ ئىدارىسىگە ئارقا تىرەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنۇملۇك ماڭغۇزۇپ تۇراتتى. ئۇلار مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش ياكى ئاداۋىتى بارلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى مارىلاپ، يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، باشقىلارنىڭ ساپىقىغا ئېسىلىۋېلىپ، يوقىلاڭ بەتناملارنى چاپلاپ نۇرغۇن ناھەق دېلولارنى پەيدا قىلىپ، ئىشپىيونلۇق ئورگانلار، چېقىمچىلار ۋە ناھەق دېلولار ئوتتۇرىسىدىكى تۈزۈلمە خاراكتېرىدىكى يامان ئايلىنىشنى پەيدا قىلغانىدى.

شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى غەرب ياكى شەرقتە بولسۇن چېقىمچىلارنىڭ دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمە ئاشكارا يولغا قويۇلغان جەمئىيەتتە زىيانكەشلىك قىلىش زېمىنى چوڭ ئەمەس؛ ئەمما ئۇ مۇستەبىت تۈزۈمدىكى مەخپىي سىياسەت ئاستىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە. تارىخىي پاكىتلاردىن شۇنەرسە ئايدىڭكى، مۇستەبىت تۈزۈلمە چېقىمچىلىق ھادىسىسىنى ھەممە يەرگە يامرايدىغان ئاساسىي شەرت-شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنداق تۈزۈلمىدە پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئازساندىكى شەخس ياكى گۇرۇھلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولغان بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرى ئىگىلىۋالغان ئىجتىمائىي ھوقۇق ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بايلىقىنى مونوپول قىلىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. مۇنداق ئىككى ياقلىما تەڭسىزلىك خەلقتىن پەخەس بولۇشنى بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ ئاساسىي سىياسىي ئالاھىدىلىكى قىلىدۇ. ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئاشۇ شەخس ۋە


كۆرۈنەلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھوقۇقنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاچقۇچى — مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ۋە ئاممىنى تىزگىنلەپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ھوقۇقنى خۇپىيانە يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق خەلققە سىياسىي ئىشلارنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى سىرلىق قىلىپ كۆرسەتكىلى ھەمدە خەلقنىڭ ھوقۇقنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىۋېلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغىلى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا ھوقۇق مەركىزى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن خەلقنى قاتتىق تاسقاشتىن ئۆتكۈزۈلگەن، ھەتتا يالغان بولغان ئۇچۇرلارنىلا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ خەلقنى تىزگىنلەش بولسا، چوڭ مەسىلىلەردە خەلقتىن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ۋە خەلقنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. شۇڭلاشقا مەخپىي سىياسەت بىلەن چېقىمچىلىق تۈزۈمىنى مۇستەبىت تۈزۈلمىدە بىر-بىرىگە تايىنىدىغان، بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان بىر جۈپ غەلىتە تۆرەلمە، دېيىشكە بولىدۇ. سىياسىي جەھەتتىكى مۇستەبىتلىكتىن تاشقىرى ئىدىيە، ئېتىقاد مەسىلىسىگە كەڭ قول بولماسلىقمۇ چېقىمچىلىقنى جانلاندۇرۇدىغان مۇھىم بىر سەۋەب. ھەرقانداق ئىدىيە ياكى ئېتىقاد چەكسىز ئۇلۇغ دەپ قارىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا مەيدانغا كېلىدىغىنى باشقىچە قاراشلارنى سىغدۇرالمايدىغان ئىچى تارلىق، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ پىكىر، ئېتىقادىنى تەكشۈرۈش ۋە ئەركىن پىكىرلەرنى بوغۇش بولىدۇ. مۇنداق ئىدىيە — ئېتىقادنىڭ دىكتاتورىسى ئاستىدا، باشقىلارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى مەخسۇس مارىلاپ ۋە ئۇي-پىكرىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇدىغان چېقىمچىلار كەم بولسا بولمايدىغان «قەھرىمان»لاردىن بوپقالىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بارلىق دىكتاتورا چېقىمچىلارغا موھتاج. مەيلى ئۇ سىياسىي جەھەتتىكى ياكى ئېتىقاد جەھەتتىكى دىكتاتورا بولسۇن، ھېچقايسىسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. گەرچە بەزىلەر ياخشى نىيەت بىلەن، توغرا ئەخلاقنى يولغا قويۇش ئۈچۈن «پەزىلەتلىك دىكتاتورا»نى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ نەتىجىسى يەنىلا ھەرخىل كەسپىي پايلاقچىلار بىلەن ئىشتىن سىرتقى چېقىمچىلار قۇترىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا موناخ ساۋۇنارولا فلورېنسىيىدە يولغا قويغان پاك دىنىي جەمئىيەت ۋە ئەخلاق مەقسەت قىلىنغان «پەزىلەتلىك دىكتاتورا» ئەنە شۇنداق بولغان. فلورېنسىيىلىكلەرنىڭ مەيلى ئاشكارا سورۇنلاردا بولسۇن ياكى يوشۇرۇن بولسۇن ئۇ يۈرگۈزگەن زاھىدلىق ئەخلاقىغا خىلاپلىق قىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇمۇ تېررورلۇق تەدبىرلەرنى قوللانغان. ئۇ قوللانغان تەدبىرلەر ئىچىدە كىشىگە ئەڭ ياقمايدىغىنى چاكار ۋە باللارنىمۇ ئىشپىيونلۇققا سېلىش ئىدى. نەتىجىدە قوشنا-قولۇملار بىر-بىرىنى نازارەت قىلىپلا قالماي، مالايلار خوجايىنلارنى، باللار ئاتا-ئانىسىنى نازارەت قىلىشقا سېلىنغان. بىر مەزگىل فلورېنسىيىدە چېقىمچىلىق تازا ئەۋج ئېلىپ، ھەممە يەرگە يامرىغان بىر-بىرىنى نازارەت قىلىش تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقى جەمئىيەتنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ-پۇشقىقى ۋە ئائىلىلەرگىچە كىرگەن. ھەممە يەرنى قاپلىغان چېقىمچىلىق ئادەملەر بىلەن ئادەملەر، ھەتتا يېقىن كىشىلەر ئارىسىغىمۇ بىر-بىرىدىن پەخەس بولۇش ۋە بىر-بىرىگە ئىشەنمەسلىكنىڭ زەھىرىنى چاچقان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، چېقىمچىلىق ئەڭ يىرگىنچلىك ئىجتىمائىي ھادىسە، بولۇپمۇ چېقىمچىلىق قىلىش تۈزۈمگە ئايلانغان يەردە تېخىمۇ شۇنداق. تۈزۈملەشكەن چېقىمچىلىق مەخپىي ساقچىلارنىڭ ھوقۇقى بىلەن كەڭ كۆلەمدە بىرلىشىۋالغاندا، خۇددى بىر تەڭگىنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشاش، ئىككىلىسى دۆلەت ھوقۇقىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىماسلىقىنىڭ بەلگىسى بوپقالىدۇ. ئۇنىڭ شەكلىسىز، ئەمما رېئاللىقتا ئايلانغان شەپقەتسىز كۈچى كىشىلەرنى ھەركىم ئۆز-ئۆزىدىن خەۋپسىرەيدىغان ۋەھىمە ئىچىگە سېلىپ قويىدۇ. پەس چېقىمچىلار بىلەن بىشەم ساقچىلار ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرسە، جۈرئەت، مۇستەقىل پىكىر، يىراقنى كۆرەرلىك، شەيئىلەرنى ئىنچىكە كۆزىتىش، گۇمانىي نەزەردە قاراش، ئەقلىي ھۆكۈم قىلىش روھى قاتارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك پەزىلەتلىرى ۋە بۇ پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن مۇنەۋۋەر شەخسلەرگە قارىتىلغان غايەت زور تور ھاسىل قىلىدۇ. جىنايەت توقۇپ چىقىش، ناھەق دېلولارنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق مۇنەۋۋەر شەخسلەر ئۇجۇقتۇرۇلىدۇ. ئىنساننىڭ قىممەتلىك پەزىلەتلىرىنى بوغۇش ئارقىلىق ئاۋامنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى بىكار قىلىنىدۇ. بۇنداق بولۇپلا قالماي، چېقىمچىلىق تۈزۈمى كىشىلەر ئارىسىغا ھەسەت، ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇن تۇرغان ئىللەتلەرنى قوزغايدۇ: ساقلانغىلى بولمايدىغان بۇ چېقىمچىلىق ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بولۇدىغان جازالاشلار بارلىق چىن پىكىر ۋە ئېتىقادنى ئۇجۇقتۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى زۆرۈر بولغان ھەمكارلىق ۋە ئىشەنچنى يىمىرىپ تاشلاپ، مىللىي روھنى ئەڭ زور دەرىجىدە چىرىتىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خەلققە قارىتا پايلاقچىلىق قىلىش، چېقىمچىلىقنى رىغبەتلەندۈرۈش بارلىق زوراۋانلىقلار ئىچىدىكى كىشىنى ھەممىدىن بەك بىزار قىلىدىغان ئىش. شۇنداقلا ئۇ كىشىلەرنى چىرىتىش خاراكتېرىگە ئىگە، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئاجىز ئەخلاقىغا ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ.

---

شاۋشۈخۇي قەلىمىدىكى بۇ مۇھاكىمە «شەرق مەدەنىيىتى»-《东方文化》ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 4-سانىدىن «كىتابلاردىن تەرمىلەر»-《书摘》ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 10-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **مەمتىمىن ھوشۇر** تەرجىمىسى(M1)

www.uyghurkitap.com



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى دىيارىمىزدا ھاياتلىق ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان قەيسەر ئوغلانلارنىڭ تەپەككۇرىنى تاۋلايدىغان پېچەتۇر.

**- يۈسۈپجان ھېكىم**

---

ئاپتور: قىزىلسۇ دارىلمۇئەللىمىن خەنزۇ تىلى 2004-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئالتۇن ئۈزۈككە ئوخشاتساق، «تەپەككۇر مېۋىلىرى» ئۇنىڭ ياقۇت كۆزىدۇر.

**- ئەخمەتجان ئابدۇللا، ماھىنۇر مەمتىمىن**

---

ئاپتورلار: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات تولۇق كۇرس 2003-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى

▲ ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسىنىڭ بىرى ئېغىز، يەنە بىرى كۆڭۈل.

**- شەمسىيە ئابلىكىم**

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇقسىز 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھېكمەت چېقىنلىرى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، مۇستەبىت جەمئىيەتتە ھەققانىيەتنى يۈرەكلىك سۆزلىيەلەيدىغانلار ساراڭلار بىلەن هاراقكەشلەردۇر.

▲ سەن بىراۋنى سىناۋاتقان ۋاقىتتىڭدا ئۆزۈڭنىڭمۇ باشقىلار تەرىپىدىن سىنىلىۋاتقانلىقىڭنى ئېسىڭدىن چىقارما.

▲ ئاياللارنىڭ كۆڭلى بىلەن ئويناشقانلىق سېرىق ھەرە ئۇۋىسىنى بۇزغان بىلەن ئوخشاش.

**- مۇھەممەتجان يۇنۇس (شىر)**

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 2003-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

## تەپەككۇر كۆزى

▲ جەمئىيەتنى تۈزەي دېسەڭ ، ئاۋۋال ئۆز ئائىلەڭنى تۈزە .

- مۇھەممەتنۇرى دۆلەت

▲ ئاپتور : كېرىيە ناھىيە قاراقىر يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھايات ئىنسان ئۈچۈن پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ دېگەننى ھەممىمىز سۆزلەيمىز ، بىراق ئۇنىڭ قەدرىنى ئەزرائىل بىلەن ئۇچراشقان كۈنلا بىلىمىز .

▲ دائىملا ھەسرەت چېكىپ يۈرۈشىڭ ، تەقدىرىڭدىن ئەمەس بەلكى تەدبىرىڭدىن .

▲ دوستىڭىزدىن يۈز پىرسەنت ئۈمىد كۈتسىڭىز ، ئۇنداقتا سىزنىڭ بىرمۇ يېقىن دوستىڭىز يوق .

▲ بەزى ۋاقىتتا ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈشمۇ قىيىنغا توختايدۇ . باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە پۇرسەت بېرىڭ .

▲ بەزىلەر ھەق سۆزگە ئىشەنمەيدۇ ، چۈنكى ئۇ قوپال ئاڭلىنىدۇ ؛ يالغان گەپكە ئاسان ئىشىنىدۇ ، چۈنكى ئۇ شېرىن ئاڭلىنىدۇ .

- گۈلجەمىلە ئابدۇكېرىم

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي-تارىخ فاكۇلتېتى 2002-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادا تارىخنى ئۆزگەرتىۋېتەلىگەنلەردىن بىچارە خەلق بولمايدۇ .

- ئابدۇرېھىم ئابدۇۋەلى

ئاپتور :ئاقسۇ شەھەر ئايكۆل بازار تامباغ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ مەغلۇبىيەت خاراكتېرىمىزدىكى نۇقسانلارنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ .

▲ ئۆيلەرنىڭ تورۇسىغا تۈڭلۈك قويۇش — بىزنىڭ بىناكارلىق ئەنئەنىمىز .ئۇنى يۈكسەك ئەقىل-پاراسەتنىڭ سەمەرىسى دېيىشكە مۇناسىپ ، چۈنكى تۈڭلۈكتىن كائىناتنى كۆرگىلى بولىدۇ .

- ئادىل يۈسۈپ

ئاپتور :قاراماي شەھەرئورقۇ رايونى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ ئۆلۈم كۈنۈڭلا ھەقىقەتنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتىسەن .چۈنكى ئۇ كۈنى ھەقىقەتنى سەن ئىزدىمەيسەن ،ھەقىقەت سېنى ئىزدەپ كېلىدۇ .

- قۇربانجان ئابدۇقادىر

ئاپتور :قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي-تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەن ئۆزىنى خېلى «نوپۇزلۇق» سانايدىغانلار-نىڭ ئاغزىدىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى «دېھقانلارچە تەپەككۇر بىلەن تۇشۇپ كەتكەن» دېگەنلىكنى ئاڭلاپ ئۇلارغا كۆڭلۈمدە مىڭ لەنەت دېدىم .

- ئېلىجان ئىبراھىم بۇۋاپا

ئاپتور : يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبەبازار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھالال كەسپىنىڭ ھالاكىتى — ئىنسان تەبىئىتىدىكى ھايانىڭ يوقىلىشىدىن ھازىرلىنىدۇ .

- ياسىنجان غوپۇر

ئاپتور : شىخو شەھەر 2-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتكەن ئادەم بىر بولسا كەمتەر ، بىر بولسا ساراڭ ئادەمدۇر .

- خەيرىنسا تۇرسۇن

ئاپتور : ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى 2-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ناخشا-ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن مىللەت چۈش ئىچىدە ياشايدىغان مىللەتتۇر .

- ئابدۇنىياز توختى

ئاپتور : شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى گۈزەل سەنئەت كەسپى 2002-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىنسان ھاياتىدىكى ھەرقانداق چوڭ تراگېدىيە ئىنسان ئۆزىگە ۋە جەمئىيەتكە نىسبەتەن چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا باشلىغاندا يۈز بېرىدۇ .

- نۇرگۈل ئابلىز

ئاپتور : قومۇل شەھەر قارادۆۋە يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئالىي ھاراق ، ئېسىل تائاملار تىزىلغان زىياپەتتە مەيدىسىگە مۇشتلاپ بەرگەن ۋەدە — قەسەملەر خۇددى نېسى ئوينىغان قىمارغا ئوخشايدۇ .

- مۇساجان كامىل

ئاپتور : ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا كۆكئۆل باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ پراكتىكانت ئوقۇتقۇچىسى

## ھېكمەتلىك پاراڭلار

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، ھاكىمىيەت ئاجىز چېغىدا خەلققە ،كۈچەيگەندە بولسا قورالغا تايىنىدۇ .

▲ بىنالارنىڭ ئېگىزلەشكىنى — تەرەققىياتنىڭ تېزلەشكىنى ئەمەس ،ئادەملەرنىڭ كۆپەيگىنى .

▲ چەكسىز يېقىنلىقتىن چەكسىز دۈشمەنلىك تۇغۇلىدۇ .

▲ غالچا — ئۆز قەۋمىگە قامچا .

▲ ئاياللار جەننەت ئىشىكىنىمۇ ، دوزاخ ئىشىكىنىمۇ بالدۇر ئاچقۇچىلاردۇر .

▲ ھازىرقى ۋاقىتتا بەزى بايلارنىڭ نامراتلارغا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى خەيرخاھلىق ئەمەس ،بايلىقنى كۆز-كۆز قىلىشتۇر .

▲ بىر خىل ناخشىنىڭ ئوخشىمىغان كەيپىياتتىكى تەسىرى ئوخشىمايدۇ :شادلانغان چېغىڭىزدا ئۇ گويا بۇلاقنىڭ يېقىملىق شىلدىرلىشى ، ئۈمىدسىز چاغلىرىڭىزدا ئۇ ماتەم يىغىسى ،ئاچ چېغىڭىزدا ئېشەكنىڭ ھاڭگىرىشى ، غەزەپلەنگەن چېغىڭىزدا ئۇ قارا بوران .

▲ زۇلۇم تارتقۇچىلار ھوقۇقدار بولسا ، قىساسكارغا ئايلىنىشى مۇمكىن .

▲ تومۇزدا سايىداشقا باراڭلىق ياخشى ،
كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتىشقا سىرداشلىق ياخشى .

▲ ئاتا-ئانىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بالىغا مەڭگۈلۈك تىلسىم . بالىنىڭ ئۇنىڭ تەكتىگە يەتمىكى تەس .

▲ «باشلىق» دېگەن ئاتالغۇ چىققان كۈندىن باشلاپ ئىنساننىڭ باراۋەرلىك ئورنى يوقالغان . بىز دەۋاتقان «باراۋەرلىك» يوقاتقان نەرسىنىڭ سېغىنىشىدۇر .

▲ نەيرەڭۋازلار يوقاتماقچى بولغان نەرسىنى ئاۋۋال ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدۇ ، سەزگۈك بىخۇدلاشقاندا ئاندىن قول سالىدۇ .

▲ دىلنىڭ بىشارىتى ،تەرجىمانى تىل ،
تىل بىلەن ئاشكارا بولغۇسىدۇر دىل .
تىلنىڭ بۇزۇلغىنى ـ دىلنىڭ بۇزۇلغىنى ،
بۇنى دەرەخ يىلتىزىنىڭ قۇرىغىنى بىل .

**ـ روزىمۇھەممەت ياقۇپ**

ئاپتور : لوپ ناھىيە مائارىپ ئىدارىسىدە

* * *

▲ ئادەم بىر ئىزا تارتسا ،يېڭى بىر ئەدەب ئۆگىنىدۇ .

**ـ سەيپىددىن ئابدۇغوپۇر**

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىناق ئەلدە بەرىكەت تولا ، ئىتتىپاقسىز ئەلدە ھەرىكەت (تولا ) .

**ـ مۇھەممەتجان ياسىن**

ئاپتور :ئاقتۇ ناھىيە 1ـئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3ـيىللىق 1ـسىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىنسان ئۆز قولى بىلەن توقىغان ماددىي ۋە مەنىۋى قەپەسنىڭ ئىچىدە تىپىرلاۋاتقان بىچارە قۇش .

**ـ دىلشاد ھەبىبۇللا**

ئاپتور : قاغىلىق ناھىيە پوسا چارۋىچىلىق مەيدانى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## كۈندىلىك خاتىرەمدىكى تەپەككۇرلاردىن ئۈنچە

▲ ئاياللارنى ئاجىز دېمەڭلار ، چۈنكى مەن-مەن دېگەن ئەرلەر «سەتەڭلەر ھىيلىسى»گە بەرداشلىق بېرەلىدىمۇ ؟

▲ مۇزېيخانىدىكى توپا باسقان ئاسارئەتىقىلەرگە ، ئەسنەك تۇتقان مۇزېي خادىمىغا قاراپ ، پۇچەكلىشىۋاتقان مىللىي روھنى ،ئۇنتۇلۇۋاتقان ئەجداد تارىخىنى ھېس قىلدىم .

▲ ھازىرقى جەمئىيەتتە «ئىت »مىجەزلەر كۆپىيىپ ، «يولۋاس »مىجەزلەر ئازىيىپ كەتتى ؛ «ئىلمان »قانلىقلار كۆپىيىپ ، «قىزىق »قانلىقلار ئازىيىپ كەتتى .

▲ تېشىغا ھەل بېرىلگەن «چىرايلىق نەرسىلەر » نىڭ ئىچكى ماھىيىتى يىرگىنىچلىك بولىدۇ .

▲ «دادا »دېگەن سۆزنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ، بالاڭنىڭ تۇنجى قېتىم «دادا » دەپ تىلى چىققاندا ئاندىن بىلىسەن .

▲ بالاڭنىڭ هاراق ئىچكەنلىكىدىن ، تاماكا چەككەنلىكىدىن ئاغرىنىسەن .ئەمما بالاڭ ئىچكەن شۇ هاراقنىڭ سەن ئىچىپ ئېشىپ قالغان هاراق ئىكەنلىكىنى ، شۇ تاماكىنىڭ سەن قويۇپ قويغان تاماكا ئىكەنلىكىنى ئويلىمايسەن .

**ـ تۇرسۇنجان تۇرۇپ**

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە قاراساي يېزا مالىيەـ باج پونكىتى خادىمى

* * *

▲ ئاتا-ئانا ـ سېنى مەڭگۈ كەچۈرگۈچى ئىلاھ .

**ـ مەتسېيىت ئىمىن**

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي ـ تارىخ فاكۇلتېتى 2001ـيىللىق 5ـسىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئېيتىلغان ئوق سۆڭەككە ،قىلىنغان سۆز يۈرەككە تېگىشى كېرەك .

▲ كۆرگەن-ئاڭلىغاننى تەنقىق قىلىشنىڭ يارىتىسەن ،قوبۇل قىلىشنىڭ قامىلىسەن .

▲ مۇۋەپپەقىيەت ئىلاھى سەمىمىي ۋە ھالال ئادەمگە ئۆزىنىڭ قىزىلىقىنى تەقدىم قىلىدۇ .

**ـ ئابدۇۋەلى ئابدۇغەنى**

ئاپتور : كېرىيە ناھىيە لەڭگەرىيېزا بوزيەر باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئۆز نەپسىنى بويسۇندۇرالىغان كىشى باشقىلارنىمۇ بويسۇندۇرالايدۇ .

▲ ئەگەر دۇنيادا چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسە بار دېيىلسە ئۇ ئادەم قەلبىدۇر .

▲ ئىنسانلار ئەڭ ئامراق نەرسە چەكلەنگەن نەرسىدۇر .

▲ بىرمىنۇت ۋاقىتنى قولدىن بېرىش ئارقىلىق جېنىڭدىن ئايرىلغىنىڭغا ئوخشاش ، بىر مىنۇت ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق تۈمەنلىگەن ئادەمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالايسەن .

▲ تېخى بولمىغان ئىشلارغا قايغۇرۇپ ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق . ئۇ ئىشلارغا بىر دەقىقە قالغان ۋاقىتتىمۇ سەن ئويلىمىغان ياخشىلىقلار يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن .

**ـ ئىمىر ئۆمەرجان دېھقان**

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە ماڭلاي يېزا ئاقتام كەنتىدە ، دېھقان

## تەپەككۇر ھاسىلاتى

ماۋزېدۇڭ ۋە خوجىنىياز ھاجىم ھەر ئىككىلىسىلا كەڭ دېھقانلار قوشۇنىغا تاياندى . ئەمما بىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ، يەنە بىرى غەربىي دىيار چۆللىكىدە .

داھىي ماۋزېدۇڭ : «مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ »دېدى .شۇڭا يېرىم فېئوداللىق ،يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگو خەلقىغە ئازادلىقنىڭ يېڭى تېڭىنى باشلاپ ، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئادالىتىنى نامايان قىلدى .

خوجىنىياز ھاجىم : «مېنىڭ بېشىمغا تاج ياراشمايدۇ »دېدى ، ئاخىرىدا تارىخنىڭ چاڭ-توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ ، ئاقار يۇلتۇزدەك چاقناپلا ئۆچۈپ كەتتى .

**ـ ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن (قاراقۇت )**

ئاپتور : كېرىيە ناھىيە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئەگەر ئېشەكتە ھايا بولسا ئىدى ، ئۇچاغدا ئۇ بىر بىچارە مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى .

▲ ھوقۇق ۋە مەنپەئەت قىپيالىڭاچ ھالەتتىكى نازىنىن .

▲ چىرىكلىك ئەڭ چوڭ مۇستەملىكىچى .

▲ مەنسەپدارلار رەئاللىقتىكى «خۇدا»، باشقىلار دائىم دېگۈدەك ئۇلارغا سەجدە قىلىپ تۇرىدۇ.

**- ئەزىمەت مۇھەممەتنىياز ئاتەش**

ئاپتور: تاجىك، ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزا باغ كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ ئەرلەر ئاجىزلىغانسېرى ياسىنىدۇ.
▲ ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى ئۆزلىرى ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىدۇر.

**- مۇساجان ياسىن قايدۇ**

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

▲ قەھرىتاندا يالىڭاچ، ھوسۇل ۋاقتىدا ئاچ قېلىپ باقمىغانلار قىيامەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.

**- روزىتوختى ئۆمەر**

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىزدە: «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېگەن ماقال بار. بۇ دېگەن ئەركىن-ھۆر ئادەملەرگە قارىتىلغان. قۇللار، ئەركىن يارىتىلغان تۇرۇپمۇ قۇللۇق خاراكتېرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغانلار مەيلى قانچىلىك قان-تەر تۆكۈپ ئىشلىسۇن، چىشلەيدىغىنى ئۆزىنىڭ گەز باغلىغان لېۋى بولىدۇ، خالاس.
▲ ھەرقانداق دۈشمەن بويسۇندۇرالمىغان ئەزىمەتنى بەزىدە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى بويسۇندۇرسا، بەزىدە تۇرمۇش ۋە موھتاجلىق باش ئەگدۈرىدۇ...

**- زۆھرەگۈل ئەخەت**

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خەنزۇ تىلى مۇئەللىمەسى

▲ ئەرەبلەرنىڭ بىلىمسىزلىك، چېچىلاڭغۇلۇق ۋە بىر-بىرى بىلەن پىتنىشالماسلىقتەك ئىللەتلىرىگە «سوۋغا» سۈپىتىدە ئاللاتائالا ئىسرائىلىيىنى ياراتتى.
▲ ھايۋانات، ئۇچارقۇشلارنىڭ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان دەرىجىسى ئاشكارا، لېكىن ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن. بۇنى ھېس قىلالىغانلار ئاقىللاردۇر.
▲ ھازىرقى خىزمەت تەكشۈرۈشلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەتىگەندە چاق چۆرگىلەيدىغان، چۈشتە رومكا چۆرگىلەيدىغان، كەچتە يوپكا چۆرگىلەيدىغان بوپقالدى.
▲ «ھارامدىن موللىسى بار ئەل - نادان ئەل»، ئوقۇتقۇچىنى پەس كۆرىدىغان ئەل - ئۆلۈۋاتقان ئەل، ناخشا-ئۇسسۇل، ئويۇن-تاماشىغا ئامراق ئەل - ئۇخلاۋاتقان ئەل، مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئەل - يوقۇلۇۋاتقان ئەل، ئالىمى يوق ئەل - جېنى يوق ئەل، پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەن ئەل - ئۆزگۆرىنى كولاۋاتقان ئەل، مەنسەپدارلىرى ساتقىن ئەل - بىچارە ئەل، مەنسەپدارلىرى ئىقتىدارسىز ئەل - بوزەك ئەل، ئىقتىسادى ئاجىز ئەل - كۈچسىز ئەل، بايرىمىنىڭ ئېتىبارى يوق ئەل - ئېتىبارسىز ئەل، تىل-يېزىقى يوق ئەل - قارىغۇ ئەل، يۇقىرىقى ھەممە ئىللەت بار ئەل - قۇل ئەلدۇر.

**- ھەبىبۇللا لېتىپ**

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان يېزا كىچىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەبىئەت ئوقۇتقۇچىسى

## ھەققەت تەرمەچلىرى

▲ ئانا ئەللىيى - تۈگىمەس ناخشا.
▲ تاڭ ئاتماس كېچە بولمىغىنىدەك، يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل بولمايدۇ. گەپ، سېنىڭ بىر ئىشقا قانچىلىك دەرىجىدە ئىرادە قىلىشىڭدا.
▲ ھارامخور باشلىق - تۈۋى يوق تاغار.
▲ ۋەتەنسىزلىكتىن ئېتىقادسىزلىق يامان. چۈنكى ئېتىقادسىز ئادەمنىڭ ھېچقاچان ۋەتىنى بولمايدۇ.

**- ئاسىگۈل مۇھەممەت**

ئاپتور: كۇچار ناھىيە چىمەن بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

* * *

▲ تېلېۋىزوردىكى ھاراق ئېلانلىرىغا ئەمدى ئاياللارنىڭمۇ ئىشتىراك قىلىشى ئەرلەر ئۈچۈن نومۇس، بارلىق خوتۇن-قىزلىرىمىز ئۈچۈن كەچۈرگۈسىز ھاقارەتتۇر.

**- ئەنۋەر ھامۇت**

ئاپتور: باي ناھىيە سايرام بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ بەزى خاتالىق - چاتاقلار زىيادە ئەستايىدىللىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.
▲ قارشىلىق، زىددىيەت ئارىسىدا ياشاش گەرچە كۆڭۈلسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم بولۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى.

**- ھۆرىيەت ئابدۇۋەلى**

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا ئازغان باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ ئادەتكە ئايلانمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەتىگە قالىدۇ.
▲ چەت ئەللەردە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسكەن بولسا، بىزنىڭ بۇيەردە كىشىلەرنىڭ ئاشقازىنى تەرەققىي قىلماقتا.

**- ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا**

ئاپتور: شايار ناھىيە مازارخوجام بازار «ئىلغار» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھاياتتا ئىمتىھانلار ناھايىتى كۆپ، بىراق نۇرغۇنلىرىدىن ئۆتكىلى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆتمەك ئەڭ تەس بىر ئىمتىھان بار، ئۇ بولسىمۇ - ئىشەنچ.
▲ بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە ئەڭ پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقىنى، بىزگە رودۇپايىدەك چاپلىشىۋېلىپ ئالغا باسقىلى قويمايۋاتقان «پىلانلىق ئىگىلىك» بىلەن «ئىدىيە بىرلىكى» قېلىپىدىن ئىبارەت.

**- توختىنىياز ئالىم**

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە چۆمباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ كىشىلىك ھاياتتا پۇشايمان ئۇنتۇلسىمۇ لېكىن ئىزا ئۇنتۇلمايدۇ.
▲ يالغانچىلىق، ئوغرىلىق ۋە بۇزۇقچىلىقنى كىشىلەر بىر-بىرىگە قارىغاندىمۇ تېلېۋىزور ۋە

تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن بەكرەك ئۆگىنىۋېلىۋاتىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ مائارىپچىلىرىنى كەمسىتكەن ۋە خورلىغان ئەلنىڭ مەھشەر كۈنى ئۇ دۇنيادا ئەمەس بەلكى بۇدۇنيادا بولىدۇ.

▲ بالا ئاتا-ئانىنىڭ بىرسىگە ئوگەي بولسا ئوخشاشلا خورلۇققا ئۇچرايدۇ. بىراق ئىككىلىسىگە ئوگەي بولسا ئەزىزلىنىدۇ.

▲ ياش نېمە ئۈچۈن تۇزلۇق؟ چۈنكى ئۇ ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىشەيدىغان تۇزدۇر.

## تەپەككۇرلار

▲ ئايال كىشىنىڭ ئالدامچىلىقى يىغلاش، ئەرلەرنىڭ ئالدامچىلىقى ماختاشتۇر.

▲ خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئاق كۆڭۈللۈك بولسا، رەزىللىكى بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئەمەس يېتەرسىزلىكىنى كۆرۈشكە تولىمۇ خۇشتارلىقىدۇر.

▲ بىر كۈنى ئېتىز بويلىرىنى ئارىلاۋېتىپ چۈمۈلىنى ئۇچرىتىپ قالدىم ۋە تېگى يوق خىياللارغا چۆمۈپ كەتتىم: ئاھ، چۈمۈلىچىلىك بولالمىغان دېھقانلار.

▲ داڭلىق ھاراقىنىڭ پەيدا بولۇشى ئەڭ پەسكەشلىكتىن بىرىنىڭ بارلىقىقا كېلىشىدۇر.

▲ ھاياتلىقتا توغرا يول تاللىغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى خاتا يولدىن قايتقانلاردۇر.

▲ سەن بىرسىگە بىرەر ئىشتا كەڭ قورساق بول دېيىشتىن ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولسام قانداق قىلاتتىم دېگەننى ئويلا.

▲ بىر ئادەمنىڭ قەبرىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ھەشەمەتلىك ياسىلىشى، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قەبرە ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قىلىنغان تەنتەنە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

▲ مائارىپچىلار ھەقىقەتچىلەرگە ئايلانغاندىلا ساختا ئىختىساس ئىگىلىرى ئازىيىدۇ.

▲ ھازىر سەن قانچىكى يىغلىساڭ سەندىن قاچىدىغانلار شۇنچە كۆپىيىدۇ. سەن قانچىكى كۈلسەڭ ساڭا يوپۇشىدىغانلار شۇنچە كۆپىيىدۇ. مانا بۇ زامانىمىزدىكى «ئاجىزلار يوقالسۇن!» مارشىدۇر.

▲ سەمىمىيەتسىزلىك چىرايلىق ياسىلىپ، كىرىشكىنى كۈتۈۋاتقان قەبرىدۇر.

▲ ساڭا كۈلۈپ باققان ئادەم بىر بولسا سېنى مەسخىرە قىلىدىغان ئادەم، بىر بولسا ساڭا بەخت تىلەيدىغان ئادەمدۇر.

▲ سۆڭەكنى غاجىلىغانسېرى تاتلىق بىلىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى - ئەجىرنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكتۇر.

▲ قورۇما قورۇلغانسېرى تاتلىق، ئادەم قورۇلغانسېرى ئاچچىق بولىدۇ.

- غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

ئاپتور: يېڭىشەر ناھىيە يېڭىشەرىق يېزاقۇملۇق مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تىنقلىرى

▲ بىر مىللەتنىڭ ۋاقىت ئېڭى ۋە ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ئەمەلىيىتى شۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ.

▲ ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئاتىلىرىنىڭ، ئاندىن مىللەتنىڭ تەقدىرىگە نەزەر سالغاندا تەقدىرنىڭ نېمىلىكى مانا مەن دەپ ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

▲ ئۆز روھىيىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش -قۇلچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۇنۇۋانىدۇر.

▲ پىكىر بىرلىكى - بەخت بىرلىكى.

- ئىمىن تاجى

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى «مەرىپەت نۇرى» مەكتەپ رايونى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى 25-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بىر ئادەمنىڭ بىرەر ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن-يەتمىگەنلىكىگە قاراشتا شۇ ئادەمنىڭ سېنى سەزدۇرمەي ئاشۇ ساھەگە باشلاپ كىرەلىگەن-كىرەلمىگەنلىكىگە قارا.

▲ ئانا ئادەمنى بارلىققا كەلتۈرسە، ئۇستاز ئادىمىيلىكنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

▲ ئوغۇلبالىمۇ سەن؟ ئۇنداقتا ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى بىل. قىز بالىمۇ سەن؟ ئۇنداقتا ھايا قىلىشنى بىل.

- قۇربانجان كېرەم

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2001-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆز-ئۆزىمىزنى ۋە مىللىتىمىزنى خۇددى جېكسون، جوردان، شاھرۇخخان ... لارنى تونىغاندەك تونىغان بولساق پۈتكۈل دۇنيامۇ بىزنى تونىغان بولاتتى.

▲ ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىدىغان كىشىلەر بىر بولسا قورقۇنچاق ھەم گۇمانخور، يەنە بىر بولسا پىشقان ھەم سەزگۈر كىشىلەردۇر.

▲ ھەق بىلەن ناھەقنىڭ، تەڭلىك بىلەن تەڭسىزلىكنىڭ، ھادىسە بىلەن ماھىيەتنىڭ پەرقىنى ئەمەلىيەتتىن كۆرەي دېسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ئىشتىراك قىل.

▲ نىشان - يېرىم غالىبىيەت، ئىككىلىنىش - يېرىم مەغلۇبىيەت.

▲ پۇرسەت -قەرەلى يوق مېھمان.

- غېنى ئابلىمىت

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2001-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «مېنىڭ كۆز قارىشىم» دېگەن بۇ سۆز توغرا. لېكىن بۇسۆزنى باشقىلارغا تاڭماسلىق كېرەك. بۇ سۆز ئومۇملۇققا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن كۆپچىلىك تەرىپىدىن قۇۋۋەتلىنىدۇ.

- ئەمەتجان قۇربان

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش -قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە مارالبېشى 44-پولك مىللىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئەگەر ئىككى قوچقار سوقۇشۇپ قالسا، ئۇلارنى بۆرىنىڭ كېلىپ ئايرىپ قويۇشى ھاجەتمۇ؟

- ئالىمجان ئابلىز

ئاپتور: ئوقۇغۇچى

www.uyghurkitap.com

## بالىلىق ئۆۋنشلىرىدىكى ئاچچىق ھېسلار

▲ بالىلارنىڭ چېكىنىۋاتقان تاماكىسى، ئىچىۋاتقان ھارىقى ئاتىلار چېكىپ-ئىچىپ بولالماي پەرزەنتىگە قالدۇرغان قالدۇقى.

▲ ئېگىز بىنالاردا بالىلار كۆز يېشى قىلىنىۋاتقاندا، بىنانىڭ ئاستى ئانىلارنىڭ شەھۋانىي كۆلىكىسى بىلەن تولغان بولىدۇ.

▲ رەسساملار بوياقلارنى رەسىم جازىلىرىدا سىنىسا، ھازىر ئاياللار يۈزلىرىدە سىنايدىغان بولدى.

▲ يوشۇرۇنغان نەرسىلەرگە كىشىلەرنىڭ زوقى ھەم ھۆرمىتى قوزغىلىدۇ، ئاشكارا نەرسىلەرگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

▲ ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنى ساقلاش ئازاب ئىچىدىكى لەززەت.

▲ سۇكۇتنىڭ ئاخىرى ئېغىر بىر تىنىق ياكى ئاچچىق كۈلكە بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

▲ پادىچى قوينىڭ خوي-پەيلىنى ئوقۇپ يەتكەندە، ئۇنىڭغا ئاللىقاچان مۈڭگۈز چىقىپ بولغان بولىدۇ.

▲ بۇرۇن قىز بىلەن ئوغۇلنى يۈرۈش-تۇرۇشى، كىيىم-كېچەكلىرىدىن پەرق ئېتەتتۇق. ھازىر ئۇلارنى قىز-ئوغۇللۇق پەزىلىتىدىن ئايرىيدىغان بولدۇق.

▲- بالىلىرىم، نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسىلەر؟
- سادىر، نازۇگۇم بولۇپ.
- نەۋرىلىرىم، سىلەر نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسىلەر؟
- غېرىب-سەنەم، پەرھاد-شېرىن. . .بولۇپ.
- چەۋرىلىرىم، سىلەرچۇ؟
- بىز ياۋروپانىڭ ئېسىل مەدەنىيەتلىرىنى دوراپ تانسا-دىسكولارنى. . .

## تەپەككۇر ئۆۋنشلىرى

▲ مۇشكۇللەرگە ئۇچرىساق تەڭرىنى، خۇشاللىقتا قاۋاقنى ئىزدەيمىز. مانا بۇ ئىنسان تراگېدىيىسى.

▲ جامالى بىلەن باشقىلارنى جەلپ قىلىش پەسكەشلەرنىڭ قورالى. پەزىلىتى بىلەن باشقىلارنى جەلپ قىلىش ئاقىللارنىڭ خىسلىتى.

▲ مەشھۇر شەخسلەر مىللەتنىڭ پەخرى، لېكىن يۆلەنچۈكى ئەمەس.

▲ ھازىر ھېكمەتلەر كۆپىيىۋاتىدۇ، قىممەتلەر ئازىيىۋاتىدۇ.

**- ئابدۇسالام ھوشۇر (نۇرتېكىن)**

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىئو-خىمىيە فاكۇلتېتى 2002-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ دادا - بالىلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى «ئېتى» (مىنىپ ئوينايدىغان)، ياشلىق ۋاقتىدىكى بانكىسى، ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدىكى غەمخانىسىدۇر.

**- ئامانۇللا ھېزبۇللا**

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

▲ قانۇننىڭ بويسۇندۇرۇش كۈچىدىن ئەخلاقنىڭ قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ.

**- غولام تۇرسۇن**

ئاپتور: يەكەن ناھىيە بەشكەنت بازار چىڭگىلىك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سەن بەختسىز بوپقالغان بولساڭ، بۇنىڭغا سېنىڭ ئۇنى بايقىيالمىغانلىقىڭ سەۋەب بولغان.

**- ئابدۇخېلىل ئوبۇلقاسىم**

ئاپتور: خوتەن شەھەر لاسكوي بازار ئارافول كەنتىدە، دېھقان

▲ كىتابخانىلارنىڭ چۆلدەرەپ قېلىشى بىر بولسا شۇ مىللەت مەتبۇئاتلىرىنىڭ گادايلىقىدىن، بىر بولسا شۇ مىللەت كىشىلىرى روھىنىڭ گادايلىقىدىندۇر.

**-مۇھەممەتئىمىن ئەمەت**

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا ئىچىملىك سۇ پونكىتىدا ئىشلەيدۇ

▲ بۈگۈنكى جەمئىيەتتە قىزلارنىڭ نازلىق قاراشلىرى مۇھەببەتمىدۇ ياكى ھىيلىمىدۇ؟

▲ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان رېئاللىقنىڭ ئۆزى ھەقىقەتتۇر.

**- مۇخپۇللا سايىت**

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ خادىمى

▲ ئارىمىزدىكى ئارازلىقلار توخۇلىرىمىزنى «تاخ» دېيىشتىن باشلانغان بولسا كېرەك.

**- تۇرسۇن چاۋار**

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە كوسراپ يېزىسىدا، دېھقان

▲ تەربىيىسىز تاشلىنىپ قېلىشنىڭ ئۆزى بىر پاجىئە، ئەمما تەربىيىلىدىم دەپ خاتا تەربىيىلەش تېخىمۇ زور - ئېچىنىشلىق پاجىئەدۇر.

**- پەرھات ئەشمە**

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە تارلاق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سەن قانداق كىتاب ئوقۇساڭ شۇنداق ئىدىيە يۇقىدۇ.

**- ئابدۇقەييۇمجان ھەمزى**

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنا لايىھىلەش سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرغان ئادەم، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ.

▲ ھۇرۇنلار ئىشلەشكە ئادەتلىنەلمەي ئازابلانسا، ئىشچانلار ئۇخلاشقا ئادەتلىنەلمەي ئازابلىنىدۇ.

**- ياقۇپجان مۇھەممەت**

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئالىي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى ئىشخانىلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش 2002-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بۇرۇن «جامائەت (ئەل) نىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى» دېيىشەتتۇق، ھازىر «باشلىقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى» دەيدىغان بولدۇق.

**- نۇرئەلى ئابدۇكېرىم**

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە يوپۇرغا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى

▲ سىز ئوقۇغۇچىلىرىڭىزغا «نېمىشقا مېنىڭ دەرسىمنى ئەستايىدىل ئاڭلىمايسىلەر؟» دەپ

www.uyghurkitap.com

كايىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا ئۇلار سىزدىن قورقۇپ گەپ قىلمىغىنى بىلەن ئاللىبۇرۇن كاللىسىدا «ئاڭلىغۇدەك ئۆتەلىسەڭ ئاڭلىمامدۇ» دېگەن ئىنكاس قايتىپ بولغان بولىدۇ.

- ھەلىمەم تۇردى

ئاپتور: چەرچەن ناھىيە ئارال مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

## ئاچچىق ھەقىقەتلەر

▲سەن دىسكوخانىدا ئەسەبىي مايمۇندەك سەكرەپ-ۋارقىراپ كېچىچە ئويناپ چىقتىڭ. ئاتا-ئاناڭ بولسا «بۇ ئاينى قانداق چىقىرارمىز...» دەپ كېچىچە ئۇھ تارتىپ چىقتى.

▲ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىملەرنى ئۆگىنەلمەي، ئۆگەنمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىلەرنى زورلاپ ئۆگىنىپ، ئاخىرى «داڭلىق ماركا» چاپلانغان «ساختا مەھسۇلات» بولۇپ جەمئىيەتكە چىقىمىز. مانا بۇ «ساپا مائارىپى» تەكىتلىنىۋاتقان دىيارىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۈگۈنى...

- ئەزىز تۇرسۇن

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە ئىلمى 2000-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲«ئىئانە» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىگە يات - مەجبۇرىي سېلىقتا ئايلىنىپ قېلىشى، يەرلىك سىياسەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ئالدىدا «ئەركە بالا» بولۇۋالغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكمىكىن، دەپ قارايمەن.

▲ئەي زامانداشلىرىم... كىملىك، گۇۋاھنامە... كىنىشكا دېگەندەك بىر قاتار تولىدىن تولاقەغەز قوراللار دەۋرىدە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى بىلەمسىزلەر؟ ئەتە-ئۆگۈن ياكى كېيىنرەك قەغەزلەرگە گۆرپىدە ئوت كېتىپ قالسا سالاھىيىتىمىزنى قانداق ئىپتىقلايمىز؟

- ئابدۇلئەھەد ئابدۇسوبۇر (ئارمان)

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە قوچى يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ياتنى يالار يەرگە ئېگىپ قەددىنى،
ئۆزنى تالار بىلەلمەستىن قەدرىنى.

- مەغپىرەت مەھمۇت

ئاپتور: لوپ ناھىيە هاڭگىيا يېزا پوچتا پونكىتىدا

▲بىراۋنىڭ ئىچ سىرىنى كوچىلاپ سوراش، شۇ كىشىگە زىيانكەشلىك قىلغانلىق. ئىچ سىرىنى بەك كۆپ ئادەمگە بىلدۈرۈش ئۆزىگە ئۆزى زىيانكەشلىك قىلغانلىق.

▲بىز ھەدەپ ھەقىقەتنى سۆزلەيمىز، لېكىن ئەمەلىيەتتىن قاچىمىز.

▲تۇرمۇش - سانسىزلىغان ئۈمىدسىزلىق ۋە ئۈمىدنىڭ تەكرار دەۋر قىلىشىنىڭ ھاسىلاتى.

▲دۇنيادا ئازمايدىغان ئىنسان يوق، ئەمما ئازغان يولىدىن ئەقىل تاپالايدىغانلار ئاز.

- ئوبۇلقاسىم روزى (ئازغۇن)

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتى

2001-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئاچچىق كۆلكىلەر

▲ گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ھەممىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدەك بولغان بولسا، مەجبۇرىي مۇشتەرى توپلاپ ئاۋارە بولمىغان بولاتتى.

▲ سەن ئۆزۈڭ قانداق ياشاشنى بىلمىسەڭ، مۇقەررەر ھالدا باشقىلار ساڭا قانداق ياشاشنى ئۆگىتىدۇ.

▲دۇنيادا ھۆرۈنلارنىڭ تۈگىگەن كۈنى، رىقابەتنىڭ ئەڭ كەسكىنلەشكەن ۋاقتىدۇر.

▲شەكىلۋازلىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەن جەمئىيەتتە ئەمەلىيەتچىل كىشىلەر ئاسانلا باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ.

▲ھازىر بەزى ئوقۇتقۇچىلار رېستورانغا ئۆگەنگەنتى، بەزى ئوقۇغۇچىلار دىسكوخانىغا ئۆگەندى.

- پەيزۇللا ئابدۇۋاھىد

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲كېچىدە يول يۈرگەندە ناخشا ئېيتساڭ، بىر كۆزۈڭ ئارقاڭدا بولسۇن.

- سۇلايمان بارات

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە شۇۋۇل يېزىسىدا، دېھقان

▲بۈگۈنكى كۈندە ھەربىر بايرامنىڭ يېتىپ كېلىشى ئىسراپچىلىقنىڭ ئوبدان باھانىسى بولۇپ قالماقتا.

- سىپىرەم مەتسەيدى

ئاپتور: پوسكام ناھىيە ژىما يېزا تېتىرباغ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲پۇقرانىڭ ھۆكۈمرانغا ھەددىدىن زىيادە چوقۇنىشى بىر بولسا ئامالسىزلىقتىن، بىر بولسا ساۋاتسىزلىقتىن.

- مەھمۇت ئەخمەت

ئاپتور: لوپ ناھىيە هاڭگىيا يېزا 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيىدىكى ئوقۇتقۇچىسى

▲بەختكە ئېرىشكەن ئادەم بىلەن ئازابقا قالغان ئادەم ئوخشاشلا ئۇيقۇدىن بىدار بولىدۇ.

- مۇھەممەتجان توختى

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە ساي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تەكلىپلىك ئوقۇتقۇچىسى

▲بىر نۇقتىغا قىزىقىۋاتىمەن: ئەگەر ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى جورجىي بۇش بىلەن «ئەلقائىدە» (بازا) تەشكىلاتىنىڭ كاتتىۋېشى بىن لادېننى قورال-ياراغسىز ئۇرۇشقا سالسا كىم يېڭىپ چىقار؟

- ئەنۋەر ئەركىن

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئانامنىڭ قورسىقىدىن يەرگە چۈشۈپلا نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم.

- ئەكبەر جاپپار

ئاپتور : قەشقەر لەمگەك بىلەن تەربىيىلەش لورنىنىڭ خادىمى

▲ بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئىنكار قىلىپ يۈرگەن يەردە ،باشقىلارنىڭ بىزنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشى مۇمكىنمۇ ؟

- ئابىدە كەنجىئالىم

ئاپتور : ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى سۇ - ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى كەسپى 2002-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئورغۇن جاپا-رىيازەتلەرنى چېكىپ ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشكەن ئادەم بىر بولسا ئېرىشكىنىنى مىڭ مەرتىۋە قەدىرلەپ ياشايدۇ ،يەنە بىر بولسا تارتقان جەبىر-جاپالىرى ئۈچۈن بىرىمۇ بىر ئىنتىقام ئالىدۇ .

- خانقىز ئابدۇرېھىم

ئاپتور : خوتەن شەھەر لاسكوي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ قانۇنلۇق ئىشلارنى يەرلىك سىياسەت ئارقىلىق بېسىش ۋە بۇزۇش ھوقۇقنىڭ ئۆزىنى تەنتەنە قىلىشىدۇر .

▲ ئۆزى خەجلىمەي ۋە باشقىلارغىمۇ بەرمەي مال-دۇنيا يىغقۇچىلار مال-دۇنياغا قارايدىغان قاراۋۇلغا ئوخشايدۇ .

▲ ئۆزىدە يوق سۈپەتلەر بىلەن ماختىغۇچىغا رەددىيە بېرەلىگەن ئادەملا ھەقىقىي پەزىلەتلىك ئادەمدۇر .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، خەلق قوللىغان رەھبەرنى ھۆكۈمەت ياقتۇرمىغان ۋاقىت دەل ئىقتىدارسىزلارنىڭ ھوقۇق تۇتقان ۋاقتىدۇر .

▲ ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلار ھوقۇق تۇتسا بىر بولسا ئۆچ ئالىدۇ ، بىر بولسا پارا ئالىدۇ .

▲ ئىقتىدارسىز رەھبەرنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەش ھازازۇل خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتقانغا ئوخشايدۇ .چۈنكى ھەر ئىككىلىسىدە كۆڭۈل ئازادىلىكى يوق .

▲ گەرچە ئۆزلىرى بەختلىك بولالمىسىمۇ ، باللارنى دەپلا تۇرمۇش كەچۈرۈدىغان ئاتا-ئانىلار ھەقىقىي قۇربان بەرگۈچىلەردۇر .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇردىن تامچىلار» - رەزىللىكنى قامچىلار .

- ئابلىز روزى

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ خادىمى

* * *

▲ دۇنيادىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت شەيتان بىلەن پەرىشتە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتۇر .بۇ دەل ئىنساندا ئاشكارىلىنىدۇ .

▲ ئىنسانلار دۇنيادا بىر-بىرىگە مۇئامىلە قىلىشتا مىللەت ،دۆلەت ،دىن نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلماي ھەقىقىي ئىنسان نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلغان بولسا ئىدى ،ئۇنداق زور تراگېدىيىلىك پاجىئەلەر يۈز بەرمىگەن بولاتتى .

▲ دېھقان دېمەك – دىلى قان دېمەكتۇر .

- ئابدۇلئەزىز زاھىد

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزا گۈلچى كەنتىدە ،دېھقان

▲ كۈردلارنىڭ ئۆز ھۆرلۈكى ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرى ئەرەب ،پارس ۋە تۈركلەرنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچراپ كەلدى .كۈرد مىللىتىنىڭ مىللىي ئازادلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ ئەرەب ،پارس ۋە تۈرك ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئورتاق باستۇرۇشىغا ئۇچرىشى كىشىلەرگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى : دىنداشلىق بىلەن مىللەتداشلىق ئوخشىمىغان كاتېگورىيە .ئۆز مەنپەئەتى ئالدىدا ھۆكۈمرانلار ھېلىغۇ دىنداشلىرى ئىكەن ھەتتا ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ قېنىنى ئىچىشتىن يانمايدۇ .

- ئەكبەر ئۆمەر ئۇيغۇرىي

ئاپتور : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى سىياسىيشۇناسلىق سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن سۆز

▲ ئاچلىقتىن توپىلاڭ چىقىدۇ ، «توقلۇقتىن شوخلۇق .»

▲ ئەر بۇزۇلسا ھىيلە-مىكرى كۆپىيىدۇ ، ئايال بۇزۇلسا بىشەملىشىدۇ .

▲ جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى ئەرلەر خوتۇنپەرەس ، ئاياللار پۇلپەرەس بوپكەتكەچكە باللاردا ئىنساب-تەۋپىق سۇسلاشماقتا .

- نۇرنىسا ئەخمەت

ئاپتور : شىخۇ شەھرىدە ، ئائىلە ئايالى

## ئېتىزدا تۆرەلگەن يەكۈنلەر

▲ باشتىن باشلانمىغان ئىش چوقۇم بىر باشقا چىقمايدۇ .

▲ كىشى ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ داۋان – بېشىغا كەلگەن غەم-ئەندىشە .

▲ ئۆز كۆچىگە تايىنىشنى بىلمىگەن ئادەم لالما ئىت بىلەن ئوخشاش .

▲ بىلىمنىڭ ئۆزى – «ئېچىلىڭ داستىخىنىم» .

▲ دوستلىرىڭدىن سوراپ بولسىمۇ ئەيىب-نۇقسانلىرىڭنى بىلىۋال ، دۈشمىنىڭنىڭ تىلىدىن ئاڭلىغان چېغىڭدا پۇتكۈل خەلققە ئاشكارىلانغان بولىدۇ .

▲ غەم – شىپاسىز كېسەلنىڭ ئانىسى ، پەم – ھاياتلىق يولىنىڭ ئاتىسى ، ئىككىلىسىنى بارقىلغان يەنىلا ئادەم .

▲ قانچە كۆپ بىلگەنسېرى يەنە شۇنچە كۆپ بىلگىڭ كېلىدۇ – مانا بۇ بىلىملىك كىشىلەرنىڭ يۇقىرى ئۆرلەشتىكى سىرى .

▲ ئىت خوجايىنىغا ھەرقانچە سادىق بولسىمۇ بەرىبىر خوجايىن بولالمايدۇ .

▲ باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ پاك دىلىغا ئازار بېرىش ھېسابىغا كەلگەن كۈلكە ئەمەس ، ئەتىكى يىغىنىڭ ئالدىن بېرىلگەن سىگنالى .

- مەتمۇسا تۇرسۇننىياز (مايسا)

ئاپتور : چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزا ئۈچئۆستەڭ كەنتىدە ، دېھقان

www.uyghurkitap.com

## تەپەككۇردىن بىر نەپەس

▲ مال-دۇنيا «چۇشەيدىغان» پارىخور مەنسەپدار-لار يوقالماي تۇرۇپ، «ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش» تەس.

▲ ئەر كىشىنىڭ قولىغا پۇل كىرسە خوتۇن كىشى كوتۇلدىماس.

خوتۇن كىشىنىڭ قولىغا پۇل كىرسە ئەر كىشىنى كۆزگە ئىلماس.

▲ ئاياللارنىڭ كۆز يېشىدىن قىلىچ ئۆتمەس.

▲ ئاياللارنىڭ كۆز يېشى يۈزىگە ئېقىپ قورۇيدۇ.

ئەرلەرنىڭ كۆز يېشى يۈرىكىگە ئېقىپ قورۇيدۇ.

▲ ماگا چاچرىمايدۇ دەپ يۇندىغا تاش ئاتماڭ، كۆڭۈل قېرىمايدۇ، دەپ ئېرى بارغا قاش ئاتماڭ.

**- ھەسەنجان زۇنۇن**

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە پەيزاۋات باش مەيدان ئۇرۇقچىلىق روتىسىدا، دېھقان

## غالىب تەشۋىشلەر

▲ پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلغانسېرى سۈنئىي نەرسىلەر كۆپىيىپ، تەبىئىيلىك يوقىلىدۇ.

▲ ساختا سۆزلەر كۆپ ھاللاردا چىرايلىق ئېيتىلىدۇ.

▲ گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ دېھقان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: يازغۇچى زىيالىيلار نېمىش قىلىۋاتىسىلەر؟ دېگۈم كېلىدۇ.

▲ ئەخلاق - ئېتىقادنى يوقاتقان جەمئىيەتتە ئەركىنلىك ئاساسلىقى جىنسىي ئەركىنلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

▲ بۈگۈنكى جەمئىيەت ئەخلاقلىق - ئېتىقادلىق كىشىلەر خورلاپ، ئەخلاقسىز كىشىلەر مەدەنىيەتلىك سانىلىدىغان جەمئىيەتتۇر.

**- قەييۇم سايىت**

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى سىياسىيشۇناسلىق 2002-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ تىل - مىللەتنىڭ يۈرىكى، مىللەت تىلىنىڭ تۆۋرۈكىدۇر.

**- ماھىنۇر ھوشۇر**

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تارىخ ۋە زامان ھېسلىرى

▲ ھازىرقى زامان دىپلوماتىيىسىدە كۆپىنچە ھاللاردا سىياسىيئونلارنىڭ تەبەسسۇم بىلەن تولغان سۆھبەت سورۇنى قانلىق ئۇرۇشلار بىلەن تولغان جەڭ مەيدانىدىنمۇ قورقۇنچلۇق كېلىدۇ.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، دەۋرنىڭ كىشىلەرگە يۈكلىگەن مەجبۇرىيىتى قىلغان ساخاۋىتىدىن ئېشىپ كەتكەندە ئۇنىڭ ئۆلى تەۋرىنىشكە باشلىغان بولىدۇ.

▲ بەزىدە سىياسىيئونلارنىڭ سۆھبەت سورۇنلىرىدىكى بىرەر قېتىملىق كۈلكىسى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار قىرغۇچى قوراللاردىنمۇ كۈچلۈكرەك قىرغىنچىلىق كۈچىگە ئىگە بوپقالىدۇ.

▲ ئۆز نەپرىتىنى توغرا ئىپادىلىيەلمەيدىغان ئادەم دەل مىلتىقنى قالايمىقان ئېتىۋېرىپ ئاخىرى ئوقى قالمىغاندا يولۋاسقا ئۇچراپ قالغان ئوۋچىغا ئوخشايدۇ.

**- تۇردىھاجىم ئابدۇباقى**

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە تاشمىلىق يېزا چوڭباغ كەنتىدە، دېھقان

## ئۆزۈمگە دەيدىغانلىرىم

▲ ئىز - بىز.

▲ كىشىنى ئۆلگەقىلماي، ئىشنى ئۆلگە قىل.

▲ دەم ئېلىشقا باش قاتۇرما، سەن خالىمىغان ئىشلار «دەم ئېلىش» بوپقېلىشى مۇمكىن.

▲ ياشاشنىڭ يولى ياشاشتۇر.

**- يۈسۈپجان سەمەت**

ئاپتور: ئاتۇش شەھىرىدە، دېھقان

* * *

▲ باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلىساڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاجىز يېرىنى بايقىشىڭ كېرەك.

▲ بۇدۇنيانىڭ قانداق دۇنيا ئىكەنلىكىنى بىلمىسەڭ ئۇ دۇنيانىڭ قانداقلىقىنى ئۆلگىچە بىلمەيسەن.

**- ئايتىللا ئىمىن**

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى 3-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سەن باشقىلارنى دۆت دەپ تىللىما، چۈنكى سەندە ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئۆلچەيدىغان تارازا يوق.

**- ئايتۇرسۇن تۇردى**

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى 3-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دېھقانلار راستچىل، سەمىمىي، يۇمشاق كۆڭۈل كېلىدۇ. ھەقىقىي زىيالىيلار ھەقىقەتچى، تەرەققىيپەرۋەر كېلىدۇ. دېھقانلار ھەم زىيالىيلارنىڭ ژۇرنىلى سانىلىۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى شۇ خىل خىسلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلمىغان بولسا ئۇلارنىڭ تەقەززالىق بىلەن كۈتىشىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

**- تۇرسۇنجان ناسىرى**

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئۇرچى يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ خادىمى

▲ ھەقىقىي مۇھەببەت ئېرىشىشنى ئەمەس قۇربان بېرىشنى مەقسەت قىلغانلىقى بىلەن ئۇلۇغدۇر.

**- پاتىگۈل تۇرسۇن**

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبە بازار يېزاخەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمەسى

▲ ئەگەر قانداق سوراشنى بىلسەڭ باشقىلاردىن ئالالمايدىغان نەرسەڭ يوق.

▲ قورقۇنچاقلارمۇ تاللاش يولى قالمىغاندا

ۋەھشىيلىشىدۇ .

▲ مۇھەببەت لۇغىتىدە «مەڭگۈ» دېگەن سۆز مەۋجۇد ئەمەس .

▲ كىشىلىك ھايات ئادەملەرنىڭ بىر-بىرىگە قەرزدار بولۇشىدۇر .

▲ ئاچ قالغان كىشىنىڭ قاتتىق ناننى يەۋاتقان چاغدىكى لەززىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قىيىن .

▲ تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى پۇرسەتنى قانداق تۇتۇشتىدا .

**ئابدۇسالام جالال**

---

ئاپتور : توققۇزتارا ناھىيە تاشتۆپە يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ كىشىلەر قانۇندىن ئەمەس ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلاردىن قورققان جەمئىيەت رەزىللىككە ئەڭ باي جەمئىيەتتۇر .

▲ پۇل ئاساسلىق نىشان قىلىنغان مائارىپتا تەربىيىلەنگەن ئەۋلادلار ئۆز ۋەتىنىنى پۇلغا ساتىدىغان غاپىللاردۇر .

**- سابىتجان**

---

ئاپتور : شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك ئىنستىتۇتى 2002-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاجىزلار - تەقدىرنىڭ ئېشىكى

▲ ۋاقىت ئازغۇچىلارغا قىلچىمۇ رەھىم قىلمايدىغان ھەققانىي سوتچى .

▲ سائەت ئىستىرىلكىسىنىڭ ئاۋازى - ئەزرائىلنىڭ ئاياغ تىۋىشى .

**- ئابدۇرېھىمجان ئابلىكىم**

---

ئاپتور : كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر غەليانلىرى

▲ «ماڭا دائىم بىر جۈپ كۆز قاراپ تۇرغاندەكلا بىلىنىدۇ» دېگۈچىلەر ھەقىقەتنىڭ كۆلەڭگۈسىنى كۆرگۈچىلەردۇر .

▲ مەن مىللىتىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يىراق ئۆتمۈشتىن ،مېھماندوستلۇقىنى سەھرالاردىن ، سەنئەتخۇمارلىقىنى شەھەرلەردىن ھېس قىلدىم .

▲ ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىسى ئەخلاقسىزلىق .

▲ «مەن كىم ؟» دەپ ئويلىنىشنىڭ ئۆزى چىن ئىنسانلىققا بېسىلغان تۇنجى قەدەم .

▲ سەن چىن دوست تاپاي دېسەڭ مەغلۇب ھالەتتە ،يالاقچى تاپاي دېسەڭ غالىب ھالەتتە ئىزدە .

▲ ئىنسانلارلا بولىدىكەن ئېزىش-ئېزىلىش يوقالمايدۇ ، پەقەت ئېزىش-ئېزىلىش ئوبيېكتى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ .

▲ سەن دۇنيانىڭ ئۇچىتىدە ، مەن دۇنيانىڭ بۇ چېتىدە بولساقمۇ پەقەت بىز بىرنىيەت-بىرمەقسەتتە بولساقلا ئەڭ يېقىن . ۋەھالەنكى ، بىز بىر ئۆيدە ياشاپمۇ ئارىمىزدا ئورتاقلىق بولمىسا ئەڭ يىراق كىشىلەرمىز .

▲ بۇرۇنقىلار «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دېگەن بولسا ،مەن « ئەقىل بولسا جاڭگالدا ئولجا» دېيەلەيمەن .

**- نۇرمۇھەممەت ئابدۇرەھمان**

---

ئاپتور : يېڭىسار ناھىيە سافان يېزا ئاچال كەنتىدە ، دېھقان

▲ سەن ھاياتىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى ھېس قىلغىنىڭدا ئۆلۈم سىگنالىنىڭ قۇلاق تۈۋىڭدە جاراڭلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلايسەن .ئەكسىچە ، ھاياتتىن بىزار بولغىنىڭدا ئۆلۈم قوڭغىرىقىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن چالىسەن .

**- ياسىنجان ئابدۇرەھمان**

---

ئاپتور : ئاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ بەزىدە خوراز ئاچلىقتىمۇ چىللاپ سالىدۇ . لېكىن بۇ تاڭدىن بىشارەت ئەمەس .

▲ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى چىقىش قىلمىغان مائارىپ ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ .

▲ ئىلىم ئۆگىنىشتىكى مەقسەت ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئەمەس بەلكى ئادىمىيلىكنى نۇرلاندۇرۇشتىن ئىبارەت .چۈنكى ماھارەتنى بەزى ھايۋانلارمۇ ئۆگىنەلەيدۇ .

▲ ئاچچىق كەچمىشكە شاھىد بولغانلارنىڭ قەدىمى ئېغىر ،تىلى تۇزلۇق بولىدۇ .

**- ئەمەتجان مۆمىن**

---

ئاپتور : ئاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ يول قويۇش - ئاجىزلىق ئەمەس ، بەلكى ئالىيجانابلىقتۇر .ئەمما ئارتۇقچە يول قويۇش نادانلىقتۇر .سەن يول قويۇپ كەينىڭگە بىر قەدەم چېكىنگەندە قوچقارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما .

**- يالقۇن كېرىم**

---

ئاپتور : قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدە

## پىغانلىق ھىسلار

▲ ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچرىشى ئادەتتىكى خورلۇققا سۈكۈت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى .

▲ دەل-دەرەخ ۋە گۈل-گىياھنىڭ تىكىنى سىرتىدا بولغاچقا تەننى زەخمىلەندۈرىدۇ .ئادەملەرنىڭ تىلىدىكى تىكەن ئىچىدە بولغاچقا روھنى زەخمىلەندۈرىدۇ .

▲ بىز ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك نەرسە ،بىز مەھرۇم بولغان نەرسىدۇر .

▲ سېنىڭ باشقىلارنىڭ باھاسىنى ئۆلچەم قىلىپ ياشىغىنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى بويىچىلا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ماشىنا ئىكەنلىكىڭنىڭ ئىسپاتى .

▲ ھەقىقەتنىڭ سەپسەتىدىن پەرقى شۇيەردىكى ، ئۇ سەپسەتىدەك كۆپ ئىزاھات تەلەپ قىلمايدۇ .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، ئادالەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە ياشىغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەڭ خەلقپەرۋەرلىرى ئېزىلگەن خەلققە تەسەللىيلا

بېرەلىگەن .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، ھەق گەپ قىلىش جىنايەت ھېسابلىنىدىغان جەمئىيەتتە پەقەت ئۈچ خىل ئادەملا بۇ جىنايەتنى قورقماي ۋە ھاياتىدىن ۋەھىمە يېمەي سادىر قىلالىغان :بىرى ، ھەقىقىي خەلقپەرۋەرلەر ،بىرى ، كىچىك بالىلار ،يەنە بىرى بولسا ساراڭلاردۇر .

▲ ئەگەر ھەممە ئادەم دېگىنىنى قىلالىغان بولسا ئىدى ، يەرشارى ئاللىقاچان كۆمپەيكۈم بوپكەتكەن بولاتتى .

▲ ھاماقەتكە ئەگەشكەنلەر بىر بولسا ئۆزىمۇ ھاماقەت ،بىر بولسا مەلۇم مەنپەئەتنى كۆزلەپ قەستەن ھاماقەت بولۇۋالغانلار .

▲ داھىي ۋە قەھرىمانلار پەقەت پەۋقۇلئاددە شارائىتنىڭ پەۋقۇلئاددە مەھسۇلاتلىرىدۇ .

▲ ھەقىقەتنىڭ ئىزاھات تەلەپ قىلىدىغانلىقى ، ئۇنىڭ سەپسەتىگە يەم بولۇشقا تەييارلانغانلىقىدۇر .

▲ بالىسىنى بوينىغا مىندۇرۇۋالغان ئاتا-ئانىلارنى كۆپ ئۇچراتقىنىم بىلەن ئاتا-ئانىسىنى يۆلەپ ماڭغان پەرزەنتلەرنى كەمدىنكە ئۇچرىتىمەن .

## بوۋام شۇنداق دەيدۇ

▲ ئەگەر رەقىبىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشنى ئىستىسەڭ ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشكە تىرىش .چۈنكى پىچاقلىق دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن چوقۇم سەندە قىلىچ بولۇشى كېرەك .

* * *

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، قەھرىمانلار ئىككى خىل بولىدۇ :بىرى ، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلار ،يەنە بىرى ، مەلۇم ھاكىمىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلار . شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ،ئالدىنقىسىنىڭ نامى مەڭگۈلۈك بولسا ،كېيىنكىسىنىڭ ئۆمرى شۇ ھاكىمىيەت بىلەن تەڭ بولىدۇ .

▲ ھازىر ساختا نەرسىلەرنىڭ كۆپىيىشى كىشىلەرنى چىن نەرسىلەردىنمۇ شۈبھىلىنىدىغان قىلىپ قويغان بولسا ،ساختىپەزلەرنىڭ كۆپىيىشى كىشىلەرنى سەمىمىي ئادەملەردىنمۇ گۇمانلىنىدىغان قىلىپ قويدى .

▲ ئەگەر ساقال بىراۋنىڭ ھۆرمەتكە ئېرىششىدىكى ۋاستە بولىدىغان بولسا ئۆچكە چوقۇم ھايۋاناتلار دۇنياسىنىڭ مۆتىۋەرىگە ئايلىناتتى .

▲ ئۆز ئەجدادلىرى يارىتقان نەتىجىلەرنى پەش قىلىپ يۈرگەنلەر ،ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىھېچقانداق نەتىجە يارىتالمىغانلاردۇر .

**- ئابدۇللاجان قۇدرەت**

---

ئاپتور : قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزائېگىز يار كەنتىدە ،دېھقان

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوقۇرمەنلىرى ئىچىدە يېزا-بازار پارتكوم سېكرېتارلىرى ،يېزا-بازار باشلىقلىرى (بۆلۈم دەرىجىلىك )دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھوقۇق-مەنسەپكە ئىگە ھوقۇقدار ئوقۇرمەنلەردىن زادى قانچىسى بارلىقىنى ، ئۇلارنىڭ بۇ مۇبارەك ژۇرنالغا ،ژۇرنالدىكى ئەسەرلەرگە قانداق باھا بېرىدىغانلىقىنى ،قانداق ئىنكاسلارنى قايتۇرۇدىغانلىقىنى بىر بىلىپ باقسام دەيمەن .

**- ئا .ناسىر يۇنۇس (ياۋايى )**

---

ئاپتور : يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزا پارتكومىنىڭ ئورۇنباسار سېكرېتارى

▲ بىر ئايال يۈز ئەرنى بۇزىدۇ ،يۈز ئەر ۋاقتى كەلسە بىر ئايالنى تۈزىيەلمەيدۇ .

**- ئوبۇلقاسىم موللا**

---

ئاپتور : تاجىك ،ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزا 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ مېيىت ئۆزاتقاندىلا ئۆلۈمنى ئەسكە ئېلىش ئاللاغا قىلغان ئاسىيلىقتۇر .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، سەۋرىسى قانچىلىك ئۇزۇن بولسا ،پارتلىشى شۇنچىلىك دەھشەتلىك بولىدۇ .

**- تۇرغان ئوسمان**

---

ئاپتور :ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ناخشا-ئۇسسۇل ،دراما ئۆمىكىدە ئاكتيور

## ھايات چۈشەنچىلىرى

▲ ئادەمنى ئادەم بۇزىدۇ ،شۇنداقلا ئادەم تۈزەيدۇ .بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە كېتىدىغان دەسمايە - ۋاقىت .

▲ مەرتەم-مەرتەم ئۈچ مەرتەم - ھەقىقىي سىناق .

▲ توققۇز قەدەم نېرىدىن بېرىلگەن سالام يا ئەيمەنگەنلىكتىن ، يابولمىسا رەسمىيەت ئۈچۈن بېرىلگەن سالامدۇر .ئۇنداق بولمىسا قىزغىن قول ئېلىشىش سالىمىنى نېمە دەيمىز ؟

**- ياسىن چورۇق**

---

ئاپتور :باي ناھىيە مىچىغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئۆتكەننى بۈگۈنگە تەتبىقلاپ ياشىيالىغان ئاقىلدۇر ،بۈگۈننى كەلگۈسىگە تەتبىقلاپ ياشىيالىغان دانادۇر .

**- ئوبۇلقاسىم مۇھەممەدىي**

---

ئاپتور : ئۈرۈمچى «ئۇلتاش»تىل تەربىيىلەش مەركىزىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ

▲ شائىرنىڭ سۆيۈملۈك ھەم يالغانچى تۇيۇلۇشىدىكى سەۋەب :ئۇنىڭ چىن گەپنى دېگەنلىكىدە ،بىراق ئەينەن دېمىگەنلىكىدە .

**- ئۆمەرجان مۇھەممەدىي (كەۋسىرىي )**

---

ئاپتور : يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازار پوچتىخانىسىدا

▲ تىل - مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى .

**- ئابلېتىپ ئابلىكىم**

---

ئاپتور :قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا زاۋا كەنتىدە ،دېھقان

▲ دېھقاننىڭ سۆزىگە ئەمەس ،كۆزىگە ئىشەن .

▲ ئاماكا ،ھاراق ۋە ياھەشەلەر روھىيەت ئىستېلاچىلىرىنىڭ ئىنسانلار قەلبىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتقان زەھەرلىك تۇپلىرى .

**- يۈسۈپجان ئابلىمىت (كۆكتىكىن )**

---

www.uyghurkitap.com

ئاپتور : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگولار مائارىپى خەنزۇ تىلى تولۇق كۇرس 2002-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىراۋغا سۆز قىلساڭ قىسقا ، مەنىلىك قىل ، چۈنكى مەرگەن بىر تال ئوق بىلەن نىشانغا دەل تەگكۈزەلەيدۇ .

- ئۆمەرجان ھەكىم ھېكمەتيار

ئاپتور : پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزا كىچىك ئاقئېرىق كەنتىدە ، دېھقان

▲ قېرىغاندا كىرگەن ئىمان ياش ۋاقتىدا قىلغان - ئەتكەنلەرنىڭ ئىلمىي پۇشايمىنى .

- ئابدۇرېشىت قادىر (تەلقىن )

ئاپتور : قەشقەر شەھەر 3-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئانا سۈتىڭ تورۇپ كالا سۈتى بەردىڭمۇ ، بولدى ! «نەسلى» ئادەمدىن ، «ئەسلى» ھايۋاندىندۇر .

▲ سىياسەت ئادىل بولمىغان جەمئىيەتتە جىنايەت ئۆز ھۆكۈمىنى يۈرگۈزىدۇ .

- ئەكبەرجان ئابدۇروسۇل

ئاپتور : كەلپىن ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزىنى ماختاش بىلەن ، ئۆزىنى كەمسىتىش روھىي مەغلۇبلۇقنىڭ ئىككى خىل ئىپادىسىدۇر .

- نامانجان تۇرسۇن (قاراتېكىن )

ئاپتور : يوپۇرغا ناھىيە ئاپچىق يېزىسىدا

▲ كۆڭۈلدە ئويلىمىغان گەپنى قانداقمۇ ئېغىزدىن چىقارغىلى بولسۇن . شۇڭا چاقچاقتىمۇ مەقسەت بار .

▲ سەۋرچانلىقىڭمۇ چېكى بولۇشى كېرەك . بولمىسا سەن باشقىلارنىڭ نەزىرىدە بىر پارچە گۆشكە ئوخشاپ قالىسەن ، خالاس .

- ئالىمجان ئابدۇكېرىم

ئاپتور : شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك ئىنستىتۇتى 2003-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قىلمايمەن دەپ قىلىپ قويۇش ، قىلىمەن دەپ قىلالماسلىق ئادەمنى نابۇت قىلىدىغان ئىككى تەرەپتۇر .

▲ قىلىپ سالغان خاتالىق ئۈچۈن ئازابلىنىش ، يەپ بولغان تاماقنى قۇسقاندەك ئازابلىق ۋەياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر .

- غوپۇرجان ئىبراھىم

ئاپتور : كونىشەھەر ناھىيە ئاقتاش يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## سادادا سادا

▲ سىز ئۆزىڭىز ھەققىدە ئويلىنىش ۋە بۈگۈنكى دۇنيانى چۈشىنىشنى ئويلامسىز ؟ ئۇنداقتا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇشنى ئۇنتۇماڭ . بۇ مېنىڭ ساختا ماختىشىم ياكى چۈشكۈن چاقىرىقىم بولماستىن ئۆز تەجرىبەمنىڭ ھاسىلىۋى ساداسى

▲ ۋەدە - ئىشەنچ قىلالمىغانلىقتىكى ئېھتىياج .

▲ قەسەم - باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان پەرداز .

▲ سەن قىلغان ۋەدە ، ۋاقتى كەلسە نەدە ، بوپقالمىسۇن .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، سىياسىي ھۆكۈمران - «قوياش» ، پۇقرا بولسا ئاپتاپپەرەس . قايسى دەۋردە ئاپتاپپەرەس قوياشقا باقمىغان .

▲ يۈلەنچۈكى بار نەرسە تەدرىجىي ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ .

▲ كېچىدىكى بىغەم ئۇيقۇ - يېرىم ئۆلۈم ، كۈندۈزدىكى بىغەم ئۇيقۇ - مەڭگۈلۈك ئۆلۈم .

▲ تەۋەككۈلچىلىك قىلىشتىن باش تارتما ، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ يېڭى يول ئېچىلىپ قېلىشى مۇمكىن .

▲ بىز يوقىتىۋاتقان ھەربىر نەرسە ئۆز مەۋجۇدلۇقىمىزنىڭ بىر پارچىسىدۇر .

▲ ئەرلەرنىڭ پاھىشە ئاياللارغا قانداق قارايدىغانلىقىنى ھېس قىلساقلا ، ئىنساننىڭ ئۆزلىرى يىرگىنىدىغان نەرسىدىنمۇ خۇشاللىق ئىزدەيدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز .

▲ ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتقا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن ئادەم ، مەۋجۇدلۇقى ئېتىراپ قىلىنمايدىغان ئادەمدۇر .

▲ ئويغانساڭ كۆزۈڭ ئېچىلىدۇ ، ئويلانساڭ دىلىڭ .

▲ ھەممە ئادەم ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتنىڭ تالايلىغان «ھەقىقەت» ئىسىملىك ۋارىيانتلىرىنى بەرپاقىلىۋېتىپتۇ . قارىغاندا ھەقىقەتمۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى يوقىتىۋېتىپتۇ .

▲ قىز (يىگىت )نى دەپ ئاتا-ئانىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم قىز (يىگىت )دىنمۇ يۈز ئۆرۈيدۇ . چۈنكى ئۇ بەرىبىر ۋاپاسىز .

▲ ئادەم قانچە چۈشەنگەن نەرسىسىنى شۇنچە قەدىرلىمەس بوپقالىدۇ .

- ياقۇپجان ئەخمەت (مۇڭداش )

ئاپتور : خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2001-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تىرىك تۇيغۇلار

▲ كۆپ نەتىجىلەرنىڭ ئالقىشقا ئېرىشەلمەسلىكى ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدا .

▲ سېنىڭ قانچىكى جاپا-مۇشەققەتكە دۇچ كېلىشىڭ ، مەنزىل قەسرىگە شۇنچە يېقىنلاپ بارغانلىقىڭنىڭ بىشارىتى .

▲ ئەڭ ئۇرۇنلۇق غەم - ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش .

▲ شېئىر - يۈرەكنىڭ پارتلىشى ، ناخشا بولسا شېئىرنىڭ پارتلىشىدۇر .

▲ ئاشىقلىق - سۆيۈملۈك ئازاب .

▲ ساۋاق - ئىنتايىن ئەمەلىي دەرس .

▲ ئەنئەنە - مىللەت مەۋجۇدىيىتىنىڭ تۇنجى بايرىقى .

▲ نادانىنىڭ ماختاپ ئۇچۇرغىنىدىن ، ئاقىلنىڭ تىللىشىنى ياخشى كۆرىمەن .

* * *

▲ قولۇمدا ئوقۇغۇدەك بىر كىتابىم بولسا ، دوزاختا بولسامۇ زېرىكمەسمەن .

▲ قىزلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۇملۈك قورالى كۆز يېشى ، ئوغۇللارنىڭ زومىگەرلىكتۇر .

▲ نادانلار بۇگۈنكى ئىشىغا ئەتىسى پۇشايمان قىلىدۇ، ئاقىللار بولسا بۈگۈنكى ئىشىنى ئەتىگە ئىبرەت قىلىدۇ.

▲ ئۆزۈڭنى ئۆزگىلەرنىڭ ئالدىدا سۆزلەشتىن ساقلان. ئەڭ ياخشىسى ئۇلار سېنى ئۆزلىرى بىلسۇن.

▲ ھەقىقىي دوستلۇق - زېمىستاندا كۆكلىگەن گۈل.

▲ سەن بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشقان دۈشمىنىڭدىن قورقماي بەلكى سۈكۈت قىلىپ تۇرغان رەقىبىڭدىن ھوشيار بول. چۈنكى سۈكۈتتىكى رەقىبىڭ قەرەللىك پارتلايدىغان بومبىغا ئوخشايدۇ.

▲ قورقۇنچاق ئادەم توشقانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇنداق ئادەملەر زىيادە قورقۇنچاقلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرى سەزمەستىنلا ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ كېتىپ ئاسانلا توزاققا چۈشىدۇ.

▲ مېنىڭ روھىي چاڭقاقلىقىمنى قاندۇرۇدىغان بىر خىسلەتلىك بۇلاق بار. ئۇ بولسىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى

**- ئابدۇرەھمان ئابدۇكېرىم**

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا، ناۋاي

* * *

▲ كەمبەغەللەر - باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلەيدىغان، ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ئويلاپ باقسام، دېھقان ياش تۆكۈپ تۆگەيدىكەن، ھەسەتخور قان يۇتۇپ.

**- تۇرسۇنجان ئەكرەم**

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2002-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ دۇنيانىڭ غەمكىن سادالىرى تەۋەككۇلچىلىكى بولمىغان ئارسالدى يۈرەكلەردىن چىقىدۇ.

▲ بۈگۈنكى دەۋردە ئۆزىنى كۈچەيتمىگەنلەرنىڭ «مېنىڭ توغرا» دېيىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

▲ ھازىرقى دەۋر ئادەم مېڭىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇش پروگراممىسى قاچىلىنىپ تۇرۇش دەۋرى.

▲ يىگىتنى ياراتمىغان ئادەم نەيزە بىلەنمۇ ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

**- نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى**

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ رېستوران گېزىت-ژۇرناللاردا قامچىلىنىۋاتقان ئەمما تېلېۋىزورلاردا ماختىلىۋاتقان جاي.

**مۇھەممەتجان ھېيت**

ئاپتور: خوتەن شەھىرىدە، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، يالغانچىلار قويرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتقىنىدەك، رەڭۋازلار قانۇننى تۈزۈپ قويۇپ، ئۆز سىياسىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرىدۇ.

▲ ماختاپ قويسا بوۋىسىدىن بۇشۇكىدىكىگىچە سەھنىگە چىقىۋالغان قەۋمدىن ئارتۇق ئەخمەقلەر بولماس.

▲ تارىختا ھېچبىر خەلق ناخشا بىلەن غەلىبە قىلىپ، مۇزىكا ئارقىلىق سەلتەنەت سۈرگەن ئەمەس.

▲ ھاراق-تاماكا، ئويۇن-تاماشا قانۇنىي جاۋابكارلىقى يوق بىخۇدلاشتۇرۇش دورىسىدۇر.

▲ ئۆزۈڭنى ئاياپ چەتكە ئالساڭ، يولۇڭنى باشقىلار ئىگىلەپ ئۆزۈڭ يولسىز قالىسەن.

▲ ئېتىقادسىز ئادەم ئىگىسى يوق ئۆيدەك ھەرزامان باشقىلارنىڭ ساپىنىنى سۆرىگۈچىدۇر.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن خۇمدان خوجايىنىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ كۆپ ھاللاردا ئوخشاپ كېتىشى - ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدىن بولغان بولىدۇ.

▲ بىر ياقىدىن باش چىقىرالمىغانلارنى بىر يەڭدىن قول چىقارغانلار بىرى تۇتۇپ بېرىپ، بىرى ئۇرىدۇ.

▲ ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىق ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاندىن پەرزەنتلىرىنىڭ تەقدىرىنى باغلاپ قويىدۇ.

▲ كۆزۈڭگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىگەن چاغ دەل شەيتاننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا ئاتلانغان ۋاقتىڭدۇر.

▲ قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئاللا مەغلۇپ بولغۇچىلارنى غەلىبە قىلغۇچىلارغا، كېسەللەرنى ساقلارغا، نادانلارنى دانالارغا، نامراتلارنى بايلارغا ئىبرەت دەستۇرى قىلىپ ياراتقان.

**- نەسۇھا قاسىم (جۇرئەتسىز)**

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە «ياشلار» دېھقانچىلىق مەيدانى 2-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ دۇنيادا بىلىمسىزلەر ياكى بىلىملىكلەر زىيادە كۆپىيىپ كەتسە ئوخشاشلا دۇنيانى ۋەيران قىلىشى مۇمكىن.

▲ قولۇپ بىلەن ئاچقۇچنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلساڭلا دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەرگە بولغان چۈشەنچەڭ ئايدىڭلىشىشى مۇمكىن.

**- ھامىدجان رەھمان**

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى بىئو-خىمىيە فاكۇلتېتى 2000-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تىنىقلىرىدا

▲ دۈشمىنىڭ سېنى ئاشكارا ماختىغان ۋاقىت دەل سېنىڭ يۈرىكىڭگە ئەجەل ياسىنىڭ ئوقى توغرىلانغان ۋاقىتتۇر.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ئادىل سايلام ئاۋام ئالدىدا ئۆز نوپۇزىنى تىكلەش.

▲ سېنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئاشكارا ماختىلىدىغان ۋاقتىڭ ئەڭ سەگەك ۋاقتىڭ بولسۇن.

**- مەھمۇت روزى**

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە يېزا ئىگىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ شوپۇرى

* * *

▲ قانۇن ھوقۇقنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جەمئىيەتتە تەڭسىزلىك مەۋجۇد ئەمەس. ھوقۇق قانۇننى بويسۇندۇرىدىغان جەمئىيەتتە بولسا شەخسىي مەنپەئەت ئاساسىدا مەۋجۇد.

▲ ئىشلەش، ئارام ئېلىش، يەپ-ئىچىش ۋە نەسىل قالدۇرۇش ھايۋاناتلار بىلەن ئىنسانلارغا ئورتاق خۇسۇسىيەت. ئىنساننىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەردىن ھالقىپ باسقان قەدەملىرى ئادەمىيلىككە قاراپ باسقان قەدەمدۇر.

— خەلچەم تاھىرھاجىم قىزى

ئاپتور: ئاقسۇ شەھەر ئايكۆل يېزا كۆنچى مەھەللىسىدە، دېھقان

▲ كۆچلۈك ئىرادىسى تۇرۇپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەلمەيۋاتقان كىشىلەر ئىرادىسىگە مەتە چۈشكەن كىشىلەردۇر.

▲ سۇنى ھەرقانچە بۆلگەن تەقدىردىمۇ ئاخىرىدا يەنىلا بىرىكىپ يوقىلىدۇ.

▲ ساختا تەسەللىي بېرىشكە سالاھىيىتى توشىدىغان كىشىلەرگىلا ئىچ-قارنىڭنى تۆك.

▲ دۈشمەنگە تىكىلىپ قارىيالىغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا توسقۇنسىز كۈچ كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

▲ ئەي بىقۇۋۇل، مېڭىشقا يول تېپىپسىزيۇ يەنە نېمە ئۈچۈن ئىككىلىنىپ تۇرىسىز؟!

▲ ھازىر بەزى كىشىلەر ھەقىقەت دەپ تۇۋلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغان بوپقالدى.

— تۇرسۇنىسا مەھمۇت

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ شەخسىيەتچىلىك ئىنساننىڭ ماھىيىتى. دەل مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، باشقىلارغا باھا بەرگەندە ئۇنىڭ پۈتۈنلەي شەخسىيەتسىز بولغانلىقىنى ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن قانچىلىك ئىش قىلغان-قىلمىغانلىقىنى سۆزلەش ئادىللىق بولسا كېرەك.

▲ ئۇلۇغۋار ئادەملەر سىياسىي سەھنىدە، تەتقىقات مۇنبىرىدە، غالىبىيەت جەڭگاھلىرىدىلا ئەمەس بەلكى ئەتراپىمىزدىكى ئاددىي مۇھىتتا — چاكىنىلىقلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغانلار ئارىسىدىمۇ مەۋجۇد. مەسىلە، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن چەتكە قېقىلغانلىقىنى بايقاشتا.

▲ ئىنساننىڭ يېشىلمىگەن ئەقلى ئۇنىڭ پاكلىقى بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولسا، ئەقلىنىڭ تاكامۇللىشىپ بېرىشى ئۇنىڭ خاتالىقلىرى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.

▲ ئاق ئىت، كۆك ئىت ھەممىسى بىر ئىت. ئەمما بىر پارچە لوقما ھامان ئۇلارنى ئايرىپ تاشلايدۇ.

▲ ھېيلىگەرلىك ھەرقاچان ئەقلىنىڭ كەينىدىن سوڭداشقان بولىدۇ.

— ئابلىمىت لېتىپ

ئاپتور: باي ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ مەن قىش پەسلىنى ياخشى كۆرىمەن. قىشتىكى قاتتىق سوغۇق گەرچە دەل-دەرەخلەرنى غازاڭلىرىدىن ئايرىپ يالىڭاچلاپ قويسىمۇ، لېكىن قىز-ئاياللىرىمىزنى بېشىدىن ئايىغىغىچە قاتمۇقات قېلىن كىيىملەرگە ئورىۋېتىدۇ ئەمەسمۇ!

▲ پەرزەنتلىرىمىزنى راست گەپ قىلدۇرۇش سورۇقىنى بىر چەتتە قويۇپ تۇرۇپ، ئاۋۋال ئۆزىمىزگە ئوبدان بىر سوت ئىچىپ باقايلى.

— مەستۇرە سەزگۈر

ئاپتور: يەكەن ناھىيە گەيشاڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## قانۇن ئىجراسى جەريانىدا تۇغۇلغان ئويلار

▲ خىيانەتچى - پارىخورلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان شوئارى پاكلىق، ئۆزىنى يوشۇرىدىغان نىقابى توختىماستىن سىياسەت سۆزلەش، قوغدىغۇچىسى ھوقۇق. بۇلار بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەم بىللە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دىئالېكتىكىسى. ئەگەر يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى تەل بولىدىكەن، قانۇن خىيانەتچى - پارىخورلار ئۈچۈن ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ روھىي بۇرۇقتۇرمىلۇق ئۆز-ئۆزىنى جازالاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ قانۇنىي جازاغا ئوخشاش ھەر ۋاقىت سىنى ئىسكەنجىسىگە ئالىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇنىڭ جازا مۇددىتىنى بەلگىلەش سىنىڭ قولۇڭدا.

▲ چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كېتىشى قانۇن ئىجراسىنىڭ ئاجىزلىشىپ، ھۆكۈمرانلىق دىكتاتورسى كۈچىيىپ، دېموكراتىيە دەپسەندە قىلىنغانلىقىنىڭ، خەلق نامراتلاشقانلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسىدۇر.

▲ كىشىلەر ھەمىشە «قانۇن — ئادالەت شەمشىرى» دېيىشىدۇ. لېكىن بۇ شەمشەر بىلىگەنسېرى ئىتتىكلىشىدىغان، تاشلاپ قويغانسېرى دات باسىدىغان شەمشەردۇر.

▲ ھازىر تەكىتلىنىۋاتقان «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» — كۆپرەك قانۇن تۈزۈش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى بار بولغان قانۇنلارغا تولۇق ئاساسلىنىش، قانۇننى «خوجايىن» ھەم «چاكار» دېمەي ھەممە كىشىگە باپباراۋەر تەتبىقلاش دېگەنلىكتۇر.

— تۇنىياز ھېيت

ئاپتور: باي ناھىيە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدە

## ئاچچىق ھېسلار

▲ يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىن خەلقىگە يەتكۈزۈۋاتقان بۈگۈنكى قىلمىشلىرى بىر بولسا ئۆزلىرىنىڭ 2000 يىللىق ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىدىن، يەنە بىر بولسا مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈنمىكىن دەيمەن.

▲ قۇشنىڭ قەپەستىن قۇتۇلالماسلىقىدىكى سەۋەبىنى ئۇنىڭ قەپەس ئىگىسىگە يېقىملىق سايراپ بەرگىنىدىن كۆرۈش كېرەكمىكىن دېگۈم كېلىدۇ.

— ئابدۇلئەزىز ئەلى

www.uyghurkitap.com

ئاپتور : ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى رادىئو-تېلېۋىزىيە ئاخبارات كەسپى 2001-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەرسانىنى قولۇمغا ئالغىنىمدا خۇددى بىر قىممەتلىك قامۇسنى ئالغاندەك ھېس قىلىمەن. ئۇ ماڭا ئاچچىق-چۈچۈك ھېسلار، مەردانە سۆزلەر، ھەسرەتلىك ئويلار، چوڭقۇر پىكىرلىك سۆزلەر، ھەجۋىلەر، ئۆتكۈر ساتىرا، رېئال ۋەقەلەر، بىباھا ھېكمەتلەر، پەلسەپىۋى پىكىرلەر، ھاياتلىقنىڭ تەلقىنلىرى، سىياسەتلەر، پەند-نەسىھەتلەر ۋە دېھقانلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىدىن ئىبارەت ئاجايىپ بىلىملەرگە تولۇپ ياتقاندەك بىلىنىدۇ.

- ئابلاجان ئابلەت

ئاپتور : گۇچۇڭ ناھىيە ۋۇماچاڭ ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سەن ئۆزۈڭنى چۈشەنمىسەڭ ھايۋانلار ۋە قۇشلارنى بېقىپ كۆر.

▲ ئېلىمىز يېڭى ئەسىرگە كىرمەستە خەلقىمىز ئۆگىنىش ئىنقىلابى باسقۇچىدىكى «بىلىم-كۈچ» نەزەرىيىسى، «بازار ئىگىلىكى» نەزەرىيىسى، «پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» نەزەرىيىسىدە تۇراتتى.

ئېلىمىز «يېڭى ئەسىر»گە كىرىپ خەلق «ئىمتىھان ئىنقىلابى»غا يۈزلەندى.

- مەردان مۇھەممەت

ئاپتور : ئوقۇغۇچى

▲ ئەي ئۇيغۇر قىزى، يارىلىشىڭدىن شۇنچە گۈزەل بولغاندىكىن، ئەمدى قىزىرىۋاتقان ئالمىدەك يۈزۈڭگە گىرىم قىلغانىڭ ئورنىغا ئاشۇ پۇلۇڭنى ئېلىپ بىلىم بۇلىقى بولغان كىتابخانىغا كىرىپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئېلىپ ئوقۇغان بولساڭ، ئۇ تەۋەررۈك ژۇرنال ساڭا ھەقىقىي گۈزەللىك ۋە ئادىمىيلىكنى تونۇتۇپ، ئەقىل كۆزۈڭنى ئاچقان بولاتتى.

- ئانارگۈل ئەخمەت

ئاپتور : شىخو شەھەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى

▲ قاراملىق خۇشاللىقنىڭ قېرىندىشى بولغىنى بىلەن يەنىلا پۇشايمانغا ھامىلدار بىر قىلىق. ئەللىككە يېقىنلاشقان ئادەملەرگىلا تۇرمۇش ھامان كېيىنكىسىنى تەقدىم قىلىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھەرقانداق سىياسىي ئۆزگىرىش بولسا، قانداق بىر ھاكىمىيەت كەلسۇن، دېھقانلار ھامان يەر تېرىيدۇ، ئەمما سىياسەتچىلەر ياڭامەتلىك، ياڭاپەتلىك بوپقالىدۇ.

▲ ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرى ھەق-ناھەق بىلەن كارى بولمايۋاتقان يەردە، خەقتىن ئۇنى تەلەپ قىلىش تولىمۇ نادانلىق.

- تۇرسۇن يۈسۈپ (كۆلۈبەگ)

ئاپتور : غۇلجا شەھەر قارىدۆڭ يېزا مەدەنىيەت - مائارىپ مەركىزى مەدەنىيەت - تەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى

▲ كىشىلەرنىڭ ھەققىنى بىر-بىرىگە يېگۈزۈۋېتىش - ئۆملۈكنى بۇزۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى.

- ئابلىكىم ئابلىز

ئاپتور : شىنجاڭ «ئامىنە» ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكى يۇقىرى پەن-تېخنىكا چەكلىك شىركىتىدە

▲ كىم ئۆزىنى زىيادە ئاشكارىلىۋەتمىدىكەن، ئۇ كىشىلەرنى چۆچىتىپ قويىدۇ.

- يۇنۇسجان نامەت

ئاپتور : يېڭىسار ناھىيە سېيتلە يېزا شاقۇلدۇما كەنتىدە، دېھقان

▲ «مەن نېمە ئىش قىلدىم» دەپ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمايدىغان كىشىلەر مەڭگۈ باشقىلاردىن زارلىنىپ ياشايدۇ.

▲ ھازىرقى كۈندە ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ساددا كىشىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەق دەپ قارىلىدۇكى، ئۇلار ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشاش دەپ قارايدۇ.

-قۇربان ياسىن

ئاپتور : ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2001-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ كىچىك باللارنىڭ ئويۇنچۇق تاپانچىغا ئامراقلىقىغا قاراپ بۇ دۇنيادا مەڭگۈ تىنچلىق بولمىغۇدەك دەپمۇ قالىمەن.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، روھىي ئاسسىمىلاتسىيە - ئاستا تەسىر كۆرسىتىدىغان زەھەرلىك دورىدۇر.

▲ كەمچىلىكتىن پايدىلىنىش - دۈشمەننىڭ ئىشى.

▲ زەھەرخەندىلىك - تېشىگىنى يارا قىلماي، يۈرىكىڭگە تەگكەن ئوق.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئاياللارنىڭ قەھرىمانغا ئايلانغان كۈنى - پۈتكۈل قەۋمىنىڭ ئۇيغانغان كۈنىدۇر.

- ئەسقەر ھوشۇر

ئاپتور : بورتالا شەھەر چىندىل يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىدا

## نامرات شىكايەتلەر

▲ بەزىلەرنىڭ «چىرايلىقتا ۋاپا يوق» دېيىشلىرى مەسىلىدە بايان قىلىنغان، تۈلكىنىڭ ئۈزۈمگە بويى يەتمىسە «بۇ ئۈزۈم ئاچچىق ئىكەن» دېگىنىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ.

▲ ھايا-ئەخلاق كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، ئاتا-ئانا بالىدىن، بالا ئاتا-ئانىدىن تەپ تارتمايدىغان مەسئۇلىيەتسىز ئائىلە يېڭىچە شەكىلدىكى ھايۋانلار توپىدىن ئىبارەت.

▲ «مەغلۇبىيەت - مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى». پەقەت مەغلۇبىيەتنىڭ ئارىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتكە يول تاپالايدىغانلارغا شۇنداق. بولمىسا مەغلۇبىيەت - ئىنساننىڭ گۆركارى.

- ئابدۇسالام ئابدۇنىياز

ئاپتور : ئاۋات ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا تۆۋەنكى لەڭگەر كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم؟ ئۇرۇش دەۋرىدە ئارمىيە، تىنچ شارائىتتا دېھقان.

▲ ئەگەر خۇدا ماڭا شۇنداق بىر قۇدرەتنى بەرگەن بولسا، تەرپايپاقتەك كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇۋە-

غان ناخشا-ئۇسسۇل پلاستىنكىلىرىنى ئۆزمەي نەشر قىلىۋاتقان ئۈن-سىن سودىگەرلىرىنى - سەنئەت باغلىرىمىزنى ئەخلەتخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان ئاشۇ سودىگەرلەر بىلەن ئاشۇ ناچىنىس ناخشىچى، غىلجاڭ ئۇسسۇلچىلارنى يورتۇمغا ئەكېلىپ ئورما ئورۇشقا، خامان سورۇشقا، زىمىستان قىشتا ھەقسىز چېپىلىدىغان ھاشارغا سېلىپ، ئۇلارغا نېمىنىڭ ھەقىقىي ناخشا - ئۇسسۇل ئىكەنلىكىنى بىر بىلدۈرۈپ قويغان بولاتتىم.

**- ئەنۋەرجان قادىر**

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە ئۆرۈق باشقۇرۇش پونكىتى قورۇسىدا

## سەنۇبەرنىڭ تۇنجى تەپەككۇرى

▲ سەنئەتكارنى باھالىغۇچى ئەڭ ئادىل كومىسسىيە - خەلق.

▲ بىر مىللەتتە سەنئەتچىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كېتىشى، شۇ مىللەت سەنئىتىنىڭ ئاددىيلىشىپ كەتكىنىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ ئۆزىدە تالانت بار ئادەملا باشقىلاردىكى تالانتنى بايقىيالايدۇ.

**- سەنۇبەر تۇرسۇن**

---

ئاپتور: شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ناخشىچىسى

* * *

▲ سىزنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە ھېسداشلىق قىلىپ باغلىنىپ قالماڭ. كېيىن ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغاننى ئۇچراتقىنىڭىزدا بەخت ۋە بەختسىزلىكنىڭ نېمىلىكىنى ئويلاپ چوڭقۇر ھەسرەتكە مۇپتىلا بوپقالىسىز.

**- كەنجەم مەتنىياز (يېگانە)**

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرىدە

▲ ھاراقكەش ئادەم خۇددى ھاراق بوتۇلكىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بويىنى، قورسىقى بار، لېكىن كاللىسى يوق.

**- مىرئالىم مۇھەممەت**

---

ئاپتور: جەڭچى

▲ تەنقىدتىن قورقۇپ كەتمە، چۈنكى ئۇ سېنىڭ غەلىبە قىلغان كۈنۈڭدە ئۈن-تىنسىز ئۆز كۈچىنى يوقىتىدۇ. زىيادە ماختاشتىن قورق، چۈنكى ئۇ مەغلۇب بولغان كۈنۈڭدە تېخىمۇ زىيادە رەزىللىكى ۋە قەبىھ كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

**- پەرھات مەتمىن**

---

ئاپتور: شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى ئىنگلىز تىلى 2002-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىرادىسىزلىك يامان ئىشتىن قول ئۈزەلمىگەن ئادەمنى ئەڭ ئاخىرى شۇ ئىشنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ.

▲ تەنھالىق - زېرىكىشلىك ئادەمنى بىر بولسا ھايۋانىيلىققا ئېلىپ بارىدۇ، بىر بولسا مەنىۋى كامىللىققا باشلايدۇ.

▲ ئادەم يالىڭاچلىقتىن پۈتۈن ئەزايىنى يېپىشقىچە يېتىپ باردى. پەردە ئىچىدىكى نەرسىلەر سىرلىقلىشىپ كەتتى. ئىش چەكتىن ئېشىپ ئەكسىگە ماڭدى. يېپىلغان نەرسىلەر ئاستا-ئاستا ئېچىلىپ، (ئەڭ) دەسلەپكى يېرىم يېپىلغان ھالەتكە يۈزلىنىشكە باشلىدى. پۈتۈن يالىڭاچ ھالەتمۇ يېتىپ كەلگۈسى! زاۋاللىق ئەنە شۇ چاغدا ئايان بولىدۇ. بۇ دەل قىيامەتتۇر.

**- ئوسمانجان توختى**

---

ئاپتور: خوتۇنسۇمۇل ناھىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە

## نىجاتلىق شاماللىرى

▲ ئاجىزلارنىڭ پادىشاھ بولۇش ھوقۇقى يوق. ھايۋانلارمۇ بۇ قانۇنىيەتنى چۈشەنگەچكە ئۆزىگە قوينى ئەمەس بەلكى شىرنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىگەن.

▲ بىز مەيلى قانچىلىك شېرىن چۈشنى كۆرەيلى، بىزنى قۇتقۇزىدىغىنى يەنىلا ئاچچىق رېئاللىق. بىز خۇشاللىققا رېئاللىقنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشەلىسەك، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بىزگە تەۋە بولىدۇ.

▲ ئىدىئالىستلار «يەر مەركەز» تەلىماتىنى، ماتېرىيالىستلار «قۇياش - مەركەز» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، مەن «مەن - مەركەز» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

▲ ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىققا ئېرىشىشى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، يوقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ خۇشاللىقى؛ ئۇلار خۇشاللىقنى پۇل، ھوقۇق ۋە نوپۇزغا تايىنىپ تاپىدۇ. ئۇلار زورلۇق كۈچى ۋە ھىيلە-مىكىرگە تايانغاچقا ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋاقىتلىق بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا دانالىق ۋە ئاقىلانىلىق ئارىلاشقان بولىدۇ. يەنە بىرى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ خۇشاللىقى. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى سەمىمىيلىك ۋە ساپ مۇھەببەتكە تولغان بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ساددىلىق ئارىلاشقان بولىدۇ.

▲ ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ پەرقى شۇيەردىكى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار نېمىلا ئىش قىلسا ئۆزىنىڭ بۈيۈك مەقسىتى ئۈچۈن قىلىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر بولسا باشقىلارمۇ شۇ ئىشنى قىلغانلىقى ياكى زۆرۈر بوپقالغانلىقى ئۈچۈن قىلىدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىنى كەمسىتىدىغان ئاياللار بىلەن مۇھەببەت باغلاشتىن، ئۆزىنى كەمسىتىدىغان ئەرلەر بىلەن دوستلىشىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. چۈنكى ئۆزىگە ئۆزىمۇ ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرگە ئىشىنىش ئۈچىغا چىققان ئەخمەقانىلىق ئەمەسمۇ؟

▲ نامرات ئادەملەر بىلەن يېقىن دوست بولۇش سىزگە ياخشىلىق ئەكەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ماددىي جەھەتتە نامرات بولسا، پۇلىڭىزنى ئىسراپ قىلىدۇ. ئەگەر مەنىۋى جەھەتتە نامرات بولسا روھىڭىزنى ئىسراپ قىلىدۇ.

▲ ئەگەر سىز نامراتلارنى سۆيمەكچى بولسىڭىز، كاتتا بايغا ئايلىنىشىڭىز كېرەك.

▲ غەلىبە قىلماقچى بولغان ئادەم ئەخلاققا ئەمەس بەلكى تەدبىرگە تايىنىشى كېرەك.

▲ بىز يانار تاغلارنى كۆزەتسەك، ئۇ ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى قوبۇل قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن پارتلايدۇ. بىز يەنە ئاقىلانىلىق بىلەن كۆزەتسەك، ئەشەددىي غەزەپ ۋە كۈندەشلىكنىڭ ئىچىگە ھەددىدىن زىيادە بىر خىل مېھىر-مۇھەببەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئەدىبلەرنىڭ ئالتۇن

دەۋرى ، مىللىتى ئەڭ قىيىن شارائىتتا قالغان دەۋرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن .

▲ پۇل تاپماي تۇرۇپ ئايال تاپقان بولسىڭىز ، شۈبھىسىزكى ، ئەرلىك غۇرۇرىڭىزنى قوغداشقا ئامالسىز قالىسىز .

▲ ئەگەر سىز ياشلىقىڭىزنى ئاياللار دۇنياسىدا ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسىڭىز ، ياشانغاندا نامراتلار دۇنياسىدا ياشايسىز .

▲ ئەڭ قورقۇنچلۇق خەتەر خىرىس بىلەن ئەمەس بەلكى تەبەسسۇم بىلەن يېتىپ كېلىدۇ .

▲ يېزىلاردىكى بۇلاق سۈيى تەبىئىي هالدا ئېتىلىپ چىقىدۇ .شەهەرلەردىكى سۇ بولسا تۇكىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق ئېتىلىپ چىقىدۇ .يېزىلىقلار بىلەن شەهەرلىكلەرنىڭ تەبىئىتىنى بۇنىڭغا ئوخشىتىش مۇمكىن .

- ئابدۇمەجىد مەمتىمىن (نىجاتكار)

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى2001-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ،نام چىقارغانلار سىز-بىزدىن بىلىملىك بولۇشى ناتايىن ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى پەقەت سىز-بىزدىن جۈرئەتلىكرەك .

- سەهراقىز

▲ خاتالىقىمنى تونۇپ دادامدىن تاياق يېگەندىن باشلاپ قىلغانلىرىمنى دادامغا ئېيتمايدىغان بولدۇم .

▲ تولا ۋەدە بېرىۋەرمە ،يالغان ئېيتىپ كۆنۈپ قالىسەن .

- مەمتىمىن ساتتار

ئاپتور : شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتى 2002-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىنسان ئۆز ئالقىنىدىكى نەرسىنىڭ قەدرىنى ئەسلا بىلمەيدۇ .ئۇ نەرسىنىڭ قەدرىنى بىلگەندە بولسا ئۇ ئاللىقاچان باشقىلارنىڭ ئالقىنىدا بولغان بولىدۇ .

▲ ئارزۇ-ئارمان شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەلكى ، بىز ئۇنىڭغا يېتەلمەيمىز .

- ئاتىگۈل ئۆمەر

ئاپتور : يېڭىشەهەر ناهىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىۋاتقىنىڭدا ئەتراپ تىمتاس ،سۈكۈنات ،دۇنيادا تىرىكلەر قالمىغاندەكلا .رېستوران-قاۋاقخانىلاردا كىشىلەر غەمسىز ،جاهاندا ئۆلۈكلەر يوقتەكلا .

- ئىلياس ئەزىز

ئاپتور : شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك ئىنستىتۇتى 2003-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ هەسەتخور ، خۇشامەتچىلەر نىجاسەتتىنمۇ ئۆتە يىرگىنىشلىك بولىدۇ . نىجاسەتنى يەرگە ئوغۇت قىلغىلى بولغان بىلەن ئۇنداقلا هېچ نەرسىگە يارىمايدۇ .

- ئابدۇرېھىم سىددىق نۇرىي

ئاپتور : «ئاقسۇ گېزىتى»دە مۇدىر مۇھەررىر

▲ دوستۇڭنىڭ بولماسلىقى سىنى غېرىبلىق باستۇرسا ، دۈشمىنىڭنىڭ بولماسلىقى سېنى غەپلەت باستۇرىدۇ .

- ئابدۇۋەلى كېرىم

ئاپتور : يوپۇرغا ناهىيە تارلاق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ چۈمۈلىنى دورايمەن دېسەڭ تەرتىپ ئۆگەن ، مايمۇننى دورايمەن دېسەڭ هەرىكەت ئۆگەن ، نەسلىڭنى دورايمەن دېسەڭ تارىخ ئۆگەن .

▲ ئۈمىدۋارلىق كۆپ هاللاردا رېئاللىققا قويۇلغان توغرا دىئاگنوز .

- مۇهەممەت ئوسمان (تۇز)

ئاپتور : شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە قىزىلسۇ «قىزىل بايراق» دېھقانچىلىق مەيدانى ئورگىنىدا

▲ بالىلىرىڭنىڭ ۋاپاسىزلىقى - نامەردلىكىدىن ئازراق زارلان ،چۈنكى ئۇلار بوۋىسىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ ،خالاس .

- ئابدۇرېھىم رەهمان

ئاپتور : خوتەن شەهەر لاسكوي بازار نەزەرباغ كەنتىدە ، دېھقان

▲ بىزلەر ئۆزئارا ئەيىب-نۇقسانلىرىمىزنى ئېچىپ سۆككەنسېرى خەقنىڭ شۇ ئەيىب-ئاجىزلىقلىرىمىزدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىۋاتقانلىقى كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ .

ئەزىز تۇردى

ئاپتور :خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشىنى چەكلەپ قويۇۋاتقان نەرسە - ئۆلچەملىك جاۋاب .

- ساهىبجامال ئابدۇللا

ئاپتور : ئونسۇ ناهىيە گۈلئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىنسانلارنىڭ خاتالىق ئىچىدىن تاپقان هەقىقەت يولي ئەڭ ئىشەنچلىك يول .

▲ بالاڭنىڭ ئۆمرىنى تىلىگۈچە ئەقلىنى تىلە .

- ئەخمەت جۇمە

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتى 2001-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تەرمىلەر

▲ بەزى هايۋانلارنىڭ نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىۋاتىمىز .ئەتراپىمىزغا قارايلى : هەقىقىي ئادەملەرنىڭ نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى ، بۇنى قانداق قىلىمىز !؟

▲ ئاناڭغا ئالايساڭ ،بالاڭدىن مۇشت يەيسەن .

▲ ئانىلىرى بۇزۇلغان مىللەتنىڭ ئەۋلادى سەرسان ،ئاتىلىرى بۇزۇلغان مىللەتنىڭ ئۆزى ۋەيران بولىدۇ .

-ماهىرە ئابلىز

ئاپتور : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2002-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئېگىز-پەس تىنىقلار

▲ ئادەمنىڭ هاياتى ئاخىرقى چەككە يەتكەندە قىلماقچى بولغان ئىشلىرى ئاندىن ئېسىگە كېلىشكە

باشلايدۇ .

▲ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇن-تىنسىز باشلانغان ئىشتىن كىشىنى سۆيۈندۈرگىدەك نەتىجە چىقسا، داۋراڭ بىلەن باشلانغان ئىشتىن كىشىنى تېڭىرقىتىدىغان ۋەقەلىكلەر چىقىدۇ.

- ئابدۇجەلىل ئابدۇقادىر

ئاپتور : لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا چاھارباغ كەنتىدە،دېھقان

* * *

▲ سەن ئۆزۈڭگە تەۋەدەپ قارىغان نەرسىنىڭ ئۆزۈڭگە تەۋە بولمىغان تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزۈڭ مۇكەممەل دەپ قارىغان شەيئىنىڭ ھامان كەمتۈك - ئاجىز تەرەپلىرىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەچكە (ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا جۈرئەت قىلالمىغاچقا) دائىم مەغلۇبىيەت ئىگىسى بوپكېلىۋاتىسەن.

- ئوغۇلنىسا

ئاپتور : خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى (پېداگوگىكا مەكتىپى) ئوقۇغۇچىسى

▲ پۇقرا قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ھۆكۈمەت قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا ئاۋامنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ.

▲ ئەقىلسىز ئادەم كىتاب ئوقۇمايدۇ، ئەقىللىق قۇش پوق چوقۇمايدۇ.

- ئابدۇرەھمان سىددىق ۋولقانىي

ئاپتور : ئاقسۇ «خۇڭچىپو» دېھقانچىلىق مەيدانى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سەن خاتا قىلغاندا بىر چەتتە تۇرۇپ ماختىغانلار سېنىڭ دۈشمىنىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

- ئابدۇرېشىت ھەسەن

ئاپتور :ئاقتۇ ناھىيە جامالتېرەك يېزا كوناھويلا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ پىچاق ھەرقانچە ئىتتىك بولسىمۇ ھامىنى بىر كۈنى ئۇپراپ تۈگەيدۇ.

- ئابدۇشۈكۈر قاسىم

ئاپتور : پەيزاۋات ناھىيە قىزىلسۇ يېزا ئاقئېرىق يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ كەمتەرلىك بىر بولسا راستتۇر، بىر بولسا يالغان. ھازىرقى زاماندا كېيىنكىسى راستتۇر.

- ئالىمجان نەسرىددىن

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، مىللەت نۇقتىسىدىكى شەخسىيەتچىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر.

- ئابلىز قۇربان

ئاپتور : بۈگۈر ناھىيە ئاقساراي يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ قانۇن بارلىق جىنايەت ۋە ھەرقانداق ساختىلىققا زەربە بېرەلەيدىغان، ئەمما بەزى يەرلەردە سىياسەتنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان قورقۇنچاق پالۋان.

- مۇھەممەتجان مۇرتىزا

ئاپتور : ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزا مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ خادىمى

▲ قانۇننى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىشتىن مەقسەت مۇكەممەللەشتۈرۈشمۇ ياكى سىياسەتكە ماسلاشتۇرۇشمۇ؟

▲ ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز يا تۆرگەباشلايدۇ ياكى گۆرگە.

▲ بۈگۈنكى دۇنياغا خاس ئىنسانىي تەپەككۇر سورۇنىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن كۆردۈم.

- بەختىيار نىياز

ئاپتور : غۇلجا ناھىيە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىمى

▲ ئىشەنچ تۇيغۇسىنىڭ سۇسلىشىشى، جەمئىيەتتىكى قائىدە-تۈزۈملەرنى كۆپەيتمەكتە.

- گۈلھەسەل ئەزىز

ئاپتور : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە،خىمىيە سانائەت ئىنستىتۇتى 2002-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەم ئۆزىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىنى بىلگەن چېغىدا ئاندىن ئەقلىنى تاپقان بولىدۇ. لېكىن كۆپ ھاللاردا بۇنى كېچىكىپ ھېس قىلىدۇ.

- ئابدۇسالام تۇرسۇن

ئاپتور : تۇرۇمچى شەھىرىدە،ساتىراش

## تەپەككۇر چۇقانلىرى

▲ سۆزلەر قانچە چىرايلىق، كۆڭۈلگە ياققۇدەك ئېيتىلغانسېرى سەممىيەتتىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ.

▲ سۆز قىلىش ئۈچۈن ئادەم گاچا بولمىسىلا كۇپايە، ئەمما خەلق سۆزىنى قىلىش ئۈچۈن مەردانە يۈرەك بولمىسا بولمايدۇ.

▲ ياغلىما سۆزلەر - سەممىيەتنىڭ ئەجەل سىرتمىقى.

- مۇھەممەدۇن سەمەت

ئاپتور : ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى

## ھېكمەت ئۇچقۇنلىرى

▲ قىزلار بۇزۇلغاندا ھاياسىزلىشىدۇ، ئوغۇللار بۇزۇلغاندا ۋاپاسىزلىشىدۇ.

▲ ئەقىلدىن بەكرەك ھېسسىياتقا، غايىدىن بەكرەك ھەۋەسكە، ئۆگىنىشتىن بەكرەك ئويناشقا ئەھمىيەت بېرىۋاتىمىز. نەتىجە : ھېسسىيات - ئەقىلسىزلىككە، ھەۋەس - ھۇرۇنلۇققا، ئويۇن - تاماشا - كۆز ياشلىرىمىزغا پىلتە بولۇپ بېرىۋاتىدۇ.

. .

▲ ئۇخۇشسىزلىققا يولۇقۇۋەرسەڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىسەن. ئوخشاشلا، داۋاملىق غەلىبە قىلىۋەرسەڭمۇ بىخۇدلىشىپ كېتىسەن.

▲ ئاياللار كىيىم-كېچەكنىڭ پارىڭىغا چۈشكەندە، شەيتاننىڭ دۇمبىقى ئەڭ بەك چېلىنىدۇ.

▲ يوقسۇزلۇقتىكى موھتاجلىق - ۋاقىتسىز كەلگەن ئەجەلدۇر.

▲ قېرىنداشلىرىڭنىڭ قەدرىنى ئۆلۈم-يېتىم ۋە توي-تۆكۈندە، دوستلىرىڭنىڭ قەدرىنى يوقسۇزلۇق ۋە ئۇزۇن سەپەردە، سۆيگىنىڭنىڭ قەدرىنى يالغۇز

www.uyghurkitap.com

قالغاندىلا بىلەلەيسەن .

▲ باشقىلارغا موھتاج بولۇپ باقمىغانلار ئىنسانىنى ، سەرسانلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغانلار دۇنيانى چۈشىنەلمەيدۇ .

▲ ئۆز يۇرتۇڭدا خورلىنىشىڭ - سەرسانلىقىڭغا يىلتە بوپقېلىشى مۇمكىن .

▲ ئاغرىپ قالغاندىلا ساغلاملىقنىڭ ،سەكراتقا چۈشكەندىلا ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىمىز . شۇڭا تارىختا ئەڭ كۆپ خاتىرىلەنگىنى پۇشايمان ياشلىرىدۇر .

▲ ئوغۇللار ئېرىشكەندىن كېيىن بۇزۇلىدۇ ، قىزلار ئېرىشىش ئۈچۈن بۇزۇلىدۇ .

▲ قەپەس ئىچىدە تۇغۇلغان قۇش قەپەسكە ئەڭ تېز ئۆگىنىدۇ .

▲ مەنسەپدارلىق تەختىدە شىردەك ھۆركىرىگەنلەر ھوقۇقتىن چۈشكەندە مۈشۈكتەك ياۋاشلاپ كېتىدىكەن . بۇنداق چاغدا ئۇلارغا ئىلگىرى يېلىنىپ ھالى قالمىغانلارمۇ تۇكورۇپ ئۆتۈشىدىكەن . . . ئويلاپ قالدىم : خەلقنىڭ لەنەت-نەپرىتىگە ئۇچرىغۇچىلار بۇ ئالەمدە قىيامەت ئازابىنى ئەڭ بۇرۇن تارتقۇچىلار بولسا كېرەك .

▲ نېمە ئۈچۈن كۆزىمىز قانلىق ياشلاردىن قورىمايدۇ ؟

- چۈنكى قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمىغان بىلەن ،ئىنسان ئىنساننىڭ كۆزىنى چوقۇيدۇ ئەمەسمۇ .

▲ ئۇلۇغ ئىشلارغا تۇتۇش قىلغىنىڭدا بولسۇن ، ياكى ئاچچىق قىسمەتلەردىن يىغلىغىنىڭدا بولسۇن ، سەن ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقالمىغان قېرىنداشىڭ ،بىر كۈنلەردە سېنىڭ گۆركارىڭ بوپقېلىشى مۇمكىن .

▲ ئېگىزگە چىقساڭ يىراقنى كۆرەلىگىنىڭ بىلەن ،قانچە ئېگىزگە چىقساڭ ئەمەلىيەت ساڭا شۇنچە كىچىك ،شۇنچە غۇۋا كۆرۈنىدۇ .

▲ ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ ،ئانا قولىدىكى بوۋاققا قارا .

▲ خۇشامەتتىن قەددىڭ قانچە پۈكۈلسە ، ئۆزگىلەرنىڭ بېشىڭدا ياڭاق چاقمىقى شۇنچە ئاسانلىشىدۇ .

▲ ئالدىڭغا نېمە كەلسە يەۋەرسەڭ ھايۋانغا ئوخشاپ قالىسەن .ئوخشاشلا نېمىنى كۆرسەڭ دوراۋەرسەڭ ،ئۆزگىلەر نېمە قىلسا شۇنى قىلىۋەرسەڭمۇ بىر كۈنلەردە مايمۇنغا ئايلىنىپ قېلىشىڭ مۇمكىن .

**- ئوسمانجان ئوبۇل**

ئاپتور :شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ماتېماتىكا - ئۇچۇر تارماق ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر 2002-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ۋولقانلىرى

▲ بوۋامنىڭ دېيىشىچە ،ئىككى ئادەم يەر تالىشىپ «بۇيەر مېنىڭكى»دەپ جېدەللەشكەن ۋاقىتتا ،يەر تېگىدە تۇرۇپ «ھەر ئىككىڭلار مېنىڭكى»دەپ قاقاقلاپ كۈلەرمىش .

▲ ئۆلگەنلەرنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتى يوق ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەشھۇر كىشىلىرىمىزنى ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن مەدھىيىلەۋاتىمىز .

▲ ئاياللارنىڭ ئالدىدا ياش تۆككەن ۋاقتى ،بىر بولسا ئەڭ سەممىمي ۋاقتى ، بىر بولسا ئەڭ ھىلىگەر ۋاقتى .

▲ جەمئىيەت كېسەللىكىنىڭ دىئاگنوز قەغىزى يازغۇچى ،پەيلاسوپلارنىڭ قولىدا ، دورىسى چولپان مەنسەپدار ۋە كاتتا بايلارنىڭ قولىدا . كاتتا باي ۋە مەنسەپدارلارنىڭ دىئاگنوز قەغىزىنى كۆرۈشكە ۋاقتى يوق ، پەيلاسوپ ۋە يازغۇچىلارنىڭ دورا سېتىۋېلىشقا دەرمانى يوق .شۇ سەۋەبتىن جەمئىيىتىمىزنىڭ تۈرلۈك كېسەللىكلىرى بارغانچە ئېغىرلىشىپ بارماقتا .

**- قاسىمجان مەتقۇربان**

ئاپتور : خوتەن دارىلمۇئەللىمىن باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيلەش سىنىپىدا

* * *

▲ ئېتىقادسىز يازغۇچىلار بايراقسىز قوشۇنلارغا ئوخشايدۇ .

**- ئابدۇسەمەت ئابلىز**

ئاپتور :لوپ ناھىيە سامپۇل يېزا بازار كەنت ئورۇق مەھەللىدە ، دېھقان

▲ نىيەتنىڭ بۇزۇلغان كۈنى خاتىرجەملىكىنىڭ يوقالغان كۈنىدۇر .

▲ جاۋاب بەرمەسلىكنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل جاۋاب .

▲ ساڭا ئېتىبار بەرگەنلىك ، ئەمەلىيەتتە سېنى ئاجىز كۆرگەنلىك .

**- ئەركىن ئابدۇكېرىم**

ئاپتور : جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى تاشقورغان شىڭگۇەن چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا

▲ تۆھمەت - قان چىقارمايدىغان قاتىل .

▲ بىراۋ سەندىن بۇ جاھاندا دېھقاننى ۋە ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاپ ،ئۆزىنى ئويلىمايدىغان كىشى بارمۇ ؟ دەپ سوراپ قالسا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى ئارىسىدىن ئىزدەڭلار ، دەپ جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالما .

▲ ئەقىل ۋە دوست كۆپەيتىپ كۈچتۈڭگۈر بولاي دېسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولارسەن !

**- م .سايرامى**

ئاپتور : بورتالا شەھىرى مەدەنىيەت يولى «گۈلباغ»مەھەللىسىدە

## تەپەككۇر بۇرغۇنلىرى

▲ ئەگەر يازغۇچى - شائىرلارنى دەۋرنىڭ ۋىجدانى دېسەك ،ئۇ ھالدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدەك خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالالىغان مەتبۇئاتلارنى شۇ يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ۋىجدانىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك دېيىشكە ھەقلىقمىز .

▲ بىراۋغا قەسەم قىلىش ۋىجدانىنى گۆرۈگە قويغانغا باراۋەر .

▲ ئادەم ئۆزى تاپقان ئاغرىققا چىدايدۇ .

**- ياسىنجان ئۆمەر**

ئاپتور :پىچان ناھىيەتويۇق يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ يازغۇچى - شائىرلار ئىنسان روھىنىڭ

ھەقسىز دوختۇرلىرىدۇر .

**- يۈسۈپجان ئەكبەر**

ئاپتور :چىرا ناھىيە بوستان يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ تۈلكىنىڭ ھىيلىگەر - قۇۋ ئاتىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب ، ئۇنىڭ ئۆز ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ ياۋۇز ئوۋچىنى نائۈمىد قويغانلىقىدا .

**- مەمتىمىن تۇرا**

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدە

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ جاھىل - نادانلار ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى - ئۇزۇنراق رەسۋا بولۇشى ئۈچۈندۇر .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، نامۇۋاپىق سىياسىي تۈزۈلمە بېقىنغۇچى قەۋمدە رەھبەرلەرنى «ماڭقۇرت» ، پۇقرالارنى «AQ» قىلىپ قويىدۇ .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر سانى گوياكى بىر ئەسىرنى كۆرسەتكۈچى ئەينەكتۇر .

**- ئالىمجان تۇرسۇن**

ئاپتور : ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ يامان ئىللەت - ئائىلىدە بىخلىنىپ ، جەمئىيەتتە ئۆسۈپ يېتىلىپ ۋە چېچەكلەپ ، مىللەت ئومۇمىي گەۋدىسىدە زەھەرلىك مېۋە بېرىدىغان كۆچەتتۇر .

**- ھەمدۇللا ھۇردىللا سوغۇز**

ئاپتور : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 2000-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## كەچمىشلەردىن تۇيغۇلار

▲ ئەگەر مۇمكىن بولسا ،قىرىق يېشىمدا مۇھەببەتلىشىپ ،يىگىرمە يېشىمدا توي قىلغان بولار ئىدىم .

▲ بىز ھادىسە ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىۋاتقاندا ، ماھىيەت بىزنى مازاق قىلىپ كۈلىۋاتقان بولىدۇ .

▲ سەن باشقىلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچىلا ئىش قىلىۋەرسەڭ ، مەلۇم مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلانغان كومپيۇتېرغا ئوخشاپ قالامسەن ؟

**- فەرىدە قادىر**

ئاپتور : ئۈرۈمچى نۇرباغ نېفىت پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

* * *

▲ ئادەمنى ئادەم قىلىدىغىنى مەسئۇلىيەت .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئاقىللارنى يېتىشتۈرۈۋاتقان دەرسخانىلىرى يوق مەكتەپ .

▲ ئادەمگە ساپ تەپەككۇر پەقەت قەبرىستانلىقتىنلا كېلىدۇ .

▲ ئۆزۈڭگە تولۇق ئىشەن ، ئاقىل بولسەن ، باشقىلارغا ئازراق ئىشەن ،ئالدىنىپ قالمايسەن .

▲ ئانا - دۇنياغا ئۆز رازىلىقى بىلەن چۈشكەن پەرىشتە .

▲ تاماكا چېكىش - ئۆزىنىڭ يارامسىزلىقىنى ئىپادىلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ؟ !

▲ ئەقىللىق ئوقۇرمەن ئېسىڭىزدە بولسۇنكى : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلىنىڭ ھەرقانداق سانلىرى مەڭگۈ يېڭى !

▲ ئاساسسىز گۇمانلانما ،ئازىسەن .

▲ ئەرنىڭ تۈگىشىشى ئايالدىن ، ئايالنىڭ تۈگىشىشى پۇل-مالدىن .

▲ ئەقلى ھېسسىياتىدىن غالىب كەلگەن كىشىلەرلا ئالغا باسالايدۇ .

▲ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مىللىي ئەنئەنە ، مىللىي خاسلىقنى يوقىتىشتىكى ئاۋانگارت قوشۇن .

▲ تۆلەنگەن بەدەللەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بەدەل روھىي بەدەلدۇر .

▲ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىلا پالاقلاپ يۈرمەي ، يېزىلاردىكى تۇغقانلىرىڭنىڭ ئۆيلىرىگە چىقىپ قوي ، ھەقىقىي ئادىمىيلىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ قالىسەن .

**- مۇھەممەدۇن جەلىل**

ئاپتور : لوپ ناھىيە «مۇزتاغ »سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى لابوراتورىيە بۆلۈمىدە

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ ئەڭ قوپال ،ئەڭ شەپقەتلىك ئىنسان - دوختۇر .

ئەڭ باي ،ئەڭ نامرات ئىنسان - ئوقۇغۇچى .

ئەڭ مېھنەتلىك ، ئەڭ مىننەتسىز ئىنسان - دېھقان .

## تۆت تېۋىشلىرى

▲ تويۇڭغا كەلگەنلەرنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ ئۆزۈڭنى ئوغۇل بىلمەستىن ، ھازاڭغا كەلگەنلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئۆزۈڭنى ئۇلۇغ بىل .

▲ ئادەم بايلىقتا ئېرىشكەندە بىر بولسا ئىناۋەت يولىغا ، بىر بولسا جىنايەت يولىغا مېڭىشى مۇمكىن .

▲ ئېگىز بىنالارغا قاراپ ئەجەبلەنمە ،چۈنكى بىنانى شەكىللەندۈرگۈچى ھەر بىر خىش سەن پۇتۇڭغا كىيىۋالغان ئاياغدىن ئېگىز ئەمەس .

▲ خىمىيىلىك يېمەكلىكلەر كۆپ ئىستېمال قىلىنغاچقىمۇ كۆپىنچە ئادەملەر رېزىنكە مىجەز بوپقالماقتا .

▲ ئادەم ھەر قېتىم يىقىلغاندا بىر قېتىم يول مېڭىشنى ئۆگىنىدۇ .

▲ ئارمىيە چېرىكلەشسە تەخت كېتىدۇ ، مائارىپ چېرىكلەشسە بەخت كېتىدۇ .

**- تەۋەككۇل توخسۇن**

ئاپتور : يەكەن ناھىيە ئاۋات بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ جەمئىيەت ئەسلى دەرۋازىسى يوق مەكتەپ .

**- توخسۇن ھۇسەيىن ئەلقۇت**

www.uyghurkitap.com

ئاپتور : گۇما ناھىيە كىلياڭ يېزا خەلق ھۆكۈمىتى خادىمى

▲ دۇنيادا قايتۇرۇش ئەڭ قىيىن بولغىنى - ئادىمگەرچىلىك قەرزىدۇر .

- ئابدۇلتىپ روزىنياز

ئاپتور :قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھاياتلىق - كۈلكە بىلەن باشلىنىپ يىغا بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

▲ ئىنساندىكى ئىرادە يىللارنىڭ ئۆتىشىگە ئەمەس بەلكى غايىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىپ بارىدۇ .

- ۋارىسجان ئاتخان

ئاپتور :تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە قوغۇشلۇق يېزا مەركىزىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئەڭ ئاسان كۆرۈنگەن يول ماڭغانسېرى قىيىنلىشىدۇ ، قىيىن كۆرۈنگەن يول ماڭغانسېرى ئاسانلىشىدۇ .

▲ كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم ئۆز گۆرىنى ئۆزى كولايدۇ .

▲ مائارىپى چىرىگەن مىللەتنىڭ يىلىكى چىرىگەن بولىدۇ .

- ئەمەت ئىبراھىم

ئاپتور : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن-ئىقتىساد ئىنستىتۇتى 2002-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىنسان جىنسىي ھېسسىياتىنى توغرا تونۇيالماي ،ئۇنى كۆڭۈل خۇشلۇقى قىلىپ كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىدىكەن ، ئۆزىنى ئەشەددىي رەۋىشتە خارلىغان بولىدۇ .چۈنكى ئىنسان ئاشۇ ھېسسىيات سۈيۈقلۇقىدىن تۆرەلگەن ئەمەسمۇ ؟ !

- ئابدۇلھەمىد مەنسۇر

ئاپتور : خوتەن شەھەر لاسكوي بازىرى نەزەرباغ كەنتىدە ،دېھقان

▲ نىمە ئىش قىلىش ۋىجدانىڭغا باغلىق بولغان بىلەن ، قانداق نەتىجە يارىتىش ئىرادەڭگە باغلىق .

- مۇختار يۇسۇپ

ئاپتور : ئۇچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ خوتۇنغا قانچە مەسلىھەت سالساڭ ، ئۇ سېنىڭ يارامسىزلىقىڭنى شۇنچە ھېس قىلىدۇ .

▲ ۋەتەن توغرىسىدا گەپ ساتماي كوچىغا چىقىپ ئايلىنىپ باق . ئەگەر ھەممىلا نەرسە سېنى يەكلىگەندەك ھېس قىلساڭ ، مانا بۇ سېنىڭ ۋەتەنسىز ئىكەنلىكىڭنى چۈشەندۈرىدۇ .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانىغا قاراپ مىللەتنىڭ پارلاق ئەتىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم .

▲ ئەرلىرى ھاراقتا ،ئاياللىرى ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەن قەۋم ئۆز ئەجەل سىرتمىقىنى ئۆز قولى بىلەن بوينىغا سالىدۇ .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچلىقى توغرىسىدا تەپەككۇر پۈتۈكلىرىنى يېزىۋاتقىنىڭدا ،قەلىمىڭنى جايىغا قويۇپ ئايالىڭ بىلەن قىزىڭغا بىر قاراپ بېقىشنى ئۇنۇتما .

▲ ئۆلگەن يولۋاسقا ھەممىلا ئادەم تۇكۇرەلەيدۇ .

▲ بۇرۇنقى كىشىلەر بىر-بىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر تاغار تۇزنى بىللە يېگەن بولسا ، ھازىرقى كىشىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر يەشىك ھاراقنى بىللە ئىچسەكلا بولدى .

▲ كەيپتىن كېچەلمىگەنلەرنىڭ جاندىن كېچەلىشىگە ئىشەنمە .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، ھۆكۈمران مىللەت قىز-جۇۋانلىرىنىڭ پاھىشە بولۇشى ئەيش-ئىشرەت قوغلىشىشتىن بولسا ،ئېزىلگۈچى مىللەت قىز-جۇۋانلىرىنىڭ پاھىشە بولۇشى قورساق بېقىش ئۈچۈن بولغان .

▲ تېلېفوندا قىلىشقان سۆز مەخپىيەتلىك ھېسابلانمايدۇ .

▲ بىزدە سۆزى يارايدىغانلار خېلى كۆپ ، بىراق ئۆزى يارايدىغانلارنى تاپماق تولىمۇ تەس .

- ئېلى توختى (ئەينەك )

ئاپتور : شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تولۇق ئوتتۇرا خىمىيە قوش تىل ئوقۇتۇش سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ھەممە ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ دەيمىز ، ئەمما خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولمايمىز ، پەقەت يۇقىرى ئالدىدىلا جاۋابكار بولىمىز .

▲ تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى ،ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا يول قويۇلغاندىلا ئاندىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى ئالىم ۋە يازغۇچى چىقىدۇ .

- دىلمۇراد تۇنىياز

ئاپتور : ئاقسۇ ۋىلايەت يېزا ئىگىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپىدە

## ئاچچىق تىنىقلار

▲ بۇرۇنقى كىتابلارنى «بىلىم بۇلىقى» ، ھازىرقى بەزى كىتابلارنى «زىنىنەت بۇيۇمى» دېسەك بولغۇدەك . چۈنكى ھازىرقى بەزى كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىدا ئۆمرىمىزدە كۆرمىگەن گۈزەل نازىنىنلارنىڭ سۈرىتى بار ئەمەسمۇ . . .

▲ ئۆزىنى تونۇغانلىق - تەرەققىياتنىڭ يۇكسەك پەللىسى .

▲ ھەقىقىي تەرەققىيات شەكىلدە ئەمەس ، ماھىيەتتە ،ماددىدا ئەمەس ،روھىيەتتە بولىدۇ .

▲ ئاپام دېگىنىمنى قىلىپ بېرىپ «ئەركە»چوڭ قىلىۋىدى ،بالامنى قانداق تەربىيىلەشنى بىلمەي قالدىم .

- زۇبەرەم ئاۋۇت

ئاپتور : شىنجاڭ 1-ئېيۇل پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى

## تەنھا ئۇچقۇنلار

▲ راست سۆزلۈك ئادەم سىر ساقلىيالمايدۇ .

▲ قۇياشنىڭ سەھەردە كۆرۈنگىنى - پۇرسەت ، كەچتە كۆرۈنگىنى - پۇشايمان .

▲ سەن قىزلارنىڭ قولىدىن يېتىلەپ

ماڭغىنىڭدا ئەركەك ھېسابلىنىسەن ، قىزلار سىڭىلىڭ قولۇڭدىن يېتىلەپ ماڭغىنىڭدا خورلۇققا قالىسەن .

▲ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ماھىيىتى - رىقابەت ، خاراكتېرى - ئۆزىنى كۈچەيتىش .

▲ باشقىلارغا كۆزۈرۈك بولۇپ بەرگەن ئادەم ئۇلارنى كۆرۈكتىن ئۆتتۈزۈلغۇچە خۇشھال قىلالايدۇ .

▲ كۆز - ئادەمنىڭ ئەڭ ئۇياتلىق يېرى .

▲ «قۇياش ھەر كۈنى يېڭى» . بىز ئاشۇ «قۇياش» قا ئىشىنىپ ئۆزىمىزنىڭ يېڭى ھاياتىمىزنى (ياشلىقىمىزنى ) كونىرتىپ بارىمىز . مانا بۇ ئەڭ چوڭ ئالدىنىش .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» - ئۇيغۇر ژۇرنالچىلىقى سېپىدىكى دانكو .

**- مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى**

---

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنتىدە ، دېھقان

* * *

▲ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ئۆكۈنۈشىمنىڭ بىرى ، دادام تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى شۇقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىش بولسا ، يەنە بىرى ، دىيارىمىزدىكى نوپۇزلۇق ، سىرداش دوست «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن كېچىكىپ تونۇشقانلىقىم بولدى .

**- خەيرىگۈل زىياۋۇدۇن**

---

ئاپتور : كورلا شەھەر چاھارباغ يېزا چاھارباغ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ بىر ھېكمەتلىك سۆز بىر كىتاب بىلەن باراۋەردۇر .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى دوستى يوققا دوست ، ھەمراھى يوققا ھەمراھ ، يولدىشى يوققا يولداش ، قولدىشى يوققا قولداش بولالايدىغان خەلق قەلبىدىكى ھەقىقىي بىر مۇنەۋۋەر ژۇرنالغا ئايلىنىۋاتىدۇ . مەن بۇ ژۇرنالغا تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن .

**- ئابدۇكېرىم جۇماخۇن**

---


ئاپتور : ئىلى 2-دارىلمۇئەللىمىن 2004-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M1)

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2005-يىللىق سانلىرىغا

## مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2005-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش 9-ئاينىڭ 20-كۈنى باشلىنىپ 11-ئاينىڭ 20-كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى 5يۈەن، يېرىم يىللىقى 15يۈەن، پۈتۈن يىللىقى 30يۈەن. مۇشتەرىلەرنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2005-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 - 58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقانداق جايىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىز بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنداقلا 2005-يىلدىن باشلاپ پارچە سېتىش كەسپى يولغا قويۇلمايدۇ. شۇڭا مۇشتەرىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

- كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# قىرتاق پاراڭلار

## هوقۇق

قارائېيىق ،چىلبۆرە ،تۈلكە بىر قاراقچىلار شايكىسى بولۇپ ئۇيۇشۇپ ، ھېچنېمىدىن تەپ تارتماستىن قوي پادىلىرىغا دائىم دېگۈدەك ھۇجۇم قىلىپ ،قويلارغا زادىلا ئارام بەرمەپتۇ .

قوي پادىسىنىڭ سەركىسى بۇ قاراقچىلارغا پارچىلاش چارىسى ئارقىلىق تاقابىل تۇرماقچى بوپتۇ . شۇنداق قىلىپ ،ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ،ياغلىما سۆزلەرنى قىلىشتەك چارىلەرنى قوللىنىپ بېقىپتۇ . لېكىن بۇنىڭ ئۈنۈمى بولماپتۇ .چۈنكى قارا ئېيىق ، چىلبۆرە ،تۈلكە بەكمۇ ئىناق بولغاچقا پىتنە۔ئىغۋالارغا ئىشەنمەپتۇ .

كېيىن قېرى سەركە ئۆلۈپ قاپتۇ .ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئورنىنى ياشراق بىر ئۆچكىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ .بۇ ياش ئۆچكە ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا ئالدىراپ كەتمەپتۇ ،بەلكى كۆپچىلىكنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرۇدىغان بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ .ئۇ: قارا ئېيىق ،چىلبۆرە ، تۈلكىدىن بىرسىنى قوي پادىسىنىڭ سەركىلىكىگە تەكلىپ قىلىمىز ، دەپتۇ .

كۆپچىلىك بۇ پىلانغا قەتئىي قارشى تۇرۇپتۇ .

## ئاچچىق كۈلكىلەر

لېكىن مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ياش ئۆچكە ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرۇۋاپتۇ .ئۇ بۇ قارارنى قارا ئېيىق ، چىلبۆرە ،تۈلكىگە يەتكۈزۈپتۇ . قاراقچىلار بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بوپكېتىپتۇ .چۈنكى كىمدە كىم قوي پادىسىنىڭ سەركىسى بولالىسا ،پۈتكۈل قوي پادىسىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولالايدۇ .بۇنىڭ ھەقىقەتەن پايدىسى كۆپتە !

بىراق ،قوي پادىسىنىڭ سەركىلىكىگە كىمنى قويۇش كېرەك ؟

قارا ئېيىق مۇنداق ئويلاپتۇ : بۇ شايكا ئىچىدە مەن ھەممىدىن كۈچلۈك ، تۆھپەممۇ چوڭ ، ئەلۋەتتە مەن سەركە بولۇشۇم كېرەك !

چىلبۆرە مۇنداق ئويلاپتۇ : بۇ شايكا ئىچىدە مەن ئەڭ ۋەھشىي ،مەن چىشلەپ ئۆلتۈرگەن ئۆچكىلەر ئەڭ كۆپ . تۆھپىگە كەلسەك ، مېنىڭ تۆھپەم ئەڭ زور .بۇ قوي پادىسىنىڭ سەركىسى ئەلۋەتتە مەن بولۇشۇم كېرەك !

تۈلكە مۇنداق ئويلاپتۇ :مەن بۇ شايكا ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىق ، نۇرغۇن چارە۔ئاماللارنى مەن ئويلاپ تاپقان ، مېنىڭ ئوينىغان رولۇم ئەڭ زور ، بۇ پادىغا ئەلۋەتتە مەن سەركە بولۇشۇم كېرەك !

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار دە۔تالاشقا چۈشۈپتۇ ، ھېچكىم ھېچكىمنى قايىل قىلالماپتۇ .ئىش تېخىمۇ قاتماللىشىپ ،ھەممىسى دەرغەزەپكە كېلىشىپتۇ . قارا ئېيىق ئالدى بىلەن نىيىتىنى بۇزۇپ ،چىلبۆرە بىلەن تۈلكىنى زورلۇق كۈچى بىلەن كۆزدىن يوقىتىشنى قارار قىپتۇ .

قارا ئېيىق بىر كۈنى چىلبۆرە بىخەستە تۇرغاندا

ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىپتۇ . چىلبۆرىنىڭ كېكىردىكىدىن بىر چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپتۇ .قارا ئېيىق يەنە تۈلكىگە قول سالماقچى بوپتۇ .

تۈلكە قارا ئېيىقنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قاپتۇ . ھەردائىم قارا ئېيىقتىن ھەزەر ئەيلەپ تۇرۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ،قارا ئېيىقنى جايلىۋېتىشكىمۇ تەييارلىنىپتۇ .

بىر كۈنى تۈلكە ئۈچى تەييارلاپ قويغان بىر ئورنى ئۈچرىتىپتۇ . بۇ ئورنىڭ تۆپىسىدە بىر قەۋەت شاخ-شۇمبا بار ئىكەن . تۈلكە شۇ شاخ-شۇمبىنىڭ ئۈستىدە يېتىۋېلىپ ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ . تۈلكە يېنىك بولغاچقا ،ئازگالغا چۈشۈپ كېتىش خەۋپى يوق ئىكەن .

قارا ئېيىق ئەمدى پەيت كەلدى دەپ ئويلاپ ، دەرھال تۈلكىگە قاراپ ئېتىلىپتۇ .بىراق تۈلكە تېزدىن ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ .قارا ئېيىق بولسا ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ .

ئەمدى تۈلكە يالغۇزلا قېپقاپتۇ .تۈلكە قوي پادىسىغا نىسبەتەن تەھدىت ھېسابلانمايدۇ-دە !

بۇ چاغدا پادىدىكى قوي-ئۆچكىلەر شۇنى چۈشىنىپتۇكى ، ھوقۇق ئەسلىدە بىر قىلتاق ئىكەن .

---

مۇيىجى قەلىمىدىكى بۇ مەسەل «ھازىرقى زامان ئاياللىرى گېزىتى» - 《现代女报》نىڭ 2004-يىل 20-يانۋار سانىدىن «تەرمىلەر» - 《读者》ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىل 4-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان .**زەيدىنجان مامۇت** تەرجىمىسى

# قىسقا فېلىيەتونلار

## قورقۇتۇشتىكى ئۆزگىرىشلەر

ئازادلىقتىن ئىلگىرى چوڭلار : «ئالۋاستى كەلدى !»دېسە بالىلارنىڭ يىغىسى بېسىقاتتى ؛ ئازادلىقتىن كېيىن ئانىلار : «يولۋاس كەلدى !»دېسە بالىلار غەلۋە قىلمايتتى ؛ھازىر : «ساقچى كەلدى !» دېسە بالىلار دەرھال جىمىپ كېتىدۇ .

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»مەزگىلىدە : «ياۋاش بولمىساڭ كۆرەشكە تارتىمىز !»دېسە ،قارشى تەرەپ دەرھال گۇناھىنى بويىنىغا ئالاتتى ؛ ھازىر رەھبەرلەر : «ياخشى ئىشلىمەيدىكەنسەن ،خىزمىتىڭدىن قالدۇرۇۋېتىمەن !»دېسە ،خىزمەتچىلەر غىدىك-پىدىك قىلمايدۇ ؛ كەنت كادىرلىرى : «پۇل تاپشۇرمايدىكەنسەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئاپىرىمەن !»دېسە قايىل بولمىغان دېھقانلار ياۋاشلىق بىلەن پۇل تاپشۇرىدۇ .

## ئالدىن كۆرەرلىك

بالىڭىز خەتنى ئىرماش-چىرماش - سەت يېزىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بولسا ، ھېچقىسى يوق . ئۇ بەلكىم ئۇستا دوختۇر بوپقېلىشى مۇمكىن .

بالىڭىز ئۆكتەم - زومىگەر چوڭ بوپقالغان بولسا ،كېرەك يوق . ئۇ بەلكىم روناق تاپقان يەر ، ئۆي-مۈلۈك سودىگىرى بوپقېلىشى مۇمكىن .

بالىڭىز يالغان ئېيتىپ تۇرۇپ خىجىللىق-ئۇيات ھېس قىلمىسا ،ئەپسۇسلانماڭ ، بۇ ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەر - خەلقنىڭ «چاكىرى»دا بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم ساپانى ھازىرلاپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

بالىڭىزدا خەققە ماقالە يېزىپ بېرىپ تۆت تەڭگە تاپالايدىغان ئارتۇقچىلىق بولسا ،بۇنىڭدىن سۆيۈنۈڭ . چۈنكى ئۇنىڭدا داڭلىق بىر مۇخبىرغا خاس شەرتلەر ھازىرلىنىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ !

---

تاڭ فېڭبو ،جۇشۇيەنلەرقەلىمىدىكى يۇقىرىقى ئىككى فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» - 《杂文选刊》ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىل ماي (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق )سانىغا بېسىلغان .**ئەزىز تۇردى ئاقھون** تەرجىمىسى

## كۆپ

ژۇرناللاردا سەتەڭلەر كۆپ ،گېزىتلەرنىڭ تۈرى كۆپ .مەنسەپدارلار ئىچىدە خىيانەتچىلەر كۆپ ، ماگىزىنلاردا ساختا مال كۆپ .جەمئىيەتتە ئالدامچىلار كۆپ ، دوكلاتلاردا قۇرۇق گەپ كۆپ .زىيالىيلار ئارىسىدا بىلىمسىزلەر كۆپ ،ئوقۇغۇچىلارنىڭ سومكىسىدا دەرسلىك كىتاب كۆپ . ئېتوت - كۆلدۈرگىلەردە مەسخىرە قىلىنىدىغانلار ئىچىدە دېھقان كۆپ ،كاتتا بايلار ئارىسىدا يالغانلىرى كۆپ .

---

خې لياڭباۋ قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» - 《杂文选刊》ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىل ئاپرېل (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق )سانىغا بېسىلغان .**ئابلاجان ھوشۇر** تەرجىمىسى(M2)

بۇ سان 2004 - يىل 20 - ئىيۇندا تېزىشقا يوللاندى ، 1-سېنتەبىردە باسمىدىن چىقتى . تەھرىرلىگۈچى :قۇربان مامۇت(M1) ، رىسالەت مۇھەممەت (M2) ، بېكىتكۈچى : قۇربان مامۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# زادى «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟»

ـ توختى باقى ئارتىشىغا سۆز

يۇسۇپجان ساۋۇت شورلۇق

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ھۆرمەتلىك توختى باقى ئارتىشى ئاكا ، سالامەت تۇرۇۋاتامسىز .مەن ئالدى بىلەن ئۇشبۇ نامەم ئارقىلىق تېنىڭىزنىڭ سالامەت ، تەرجىمە ئىجادىيەتلىرىڭىزنىڭ تېخىمۇ مول ھەم ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن . ھەمدە مەزكۇر سوئاللىق نامىنى يېزىپ ياشىغان ۋاقتىڭىزدا كۆڭۈل ئارامىڭىزنى بۇزۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن .

ئەسلىدە سىزدەك يېشى 80دىن ئاشقان ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاقساقالنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزماسلىقىم كېرەك ئىدى . لېكىن كاللامغا كىرىۋالغان نۇرغۇن ئوي-پىكىرلەر مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى . بۇ ئوي-پىكىرلەر سىزنىڭ «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟» (زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق تەرجىمە ئۇستازى توختى باقى ئارتىشى ئەپەندىنىڭ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟»ناملىق تەرجىمە ماقالە ۋە باشقا ئۇلاپ ئېلان قىلىنغان تەرجىمە ئەسەرلىرى ئاساس قىلىنىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟»نامىدا كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ، 2004-يىل 17-فېۋرالدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان ئەڭ ئالىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى «ش ئۇ ئا ر تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى»نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «تەرجىمە مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن . ـ باش مۇھەررىردىن ) ناملىق تەرجىمە كىتابىڭىز سەۋەبلىك كەلگەن بولۇپ (سىزنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىڭىزنى تەرجىمە ئەسەر دېمەي ،ئىجادىي ئەسەر دېسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ ) ، بۇلارنى سىز بىلەن ئۈچۈق ئورتاقلاشمىغۇچە كۆڭلۈم تەسكىن تاپمىغۇدەك تۇردى-دە ، ئاخىرى بولماي قولۇمغا قەلەم ئالدىم .

ھۆرمەتلىك توختى باقى ئارتىشى ئاكا : راستىنى دېسەم ، مەن «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟»ناملىق كىتابىڭىزنى كەتمەن چېپىشتىن ئېشىنالماي ھازىرغىچە ئوقۇيالمىدىم .شۇنداقتىمۇ تەسەۋۋۇرۇمغا تەسىر قىلىپ ، تەپەككۇرۇمنى غىدىقلىغىنى ـ كىتابىڭىزنىڭ «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟»دېگەن ئىسمى .دېمىسىمۇ ، كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟

بۇ سوئالغا ئەقلى-ھوشى جايىدا ھەرقانداق ئادەم :ياق ، گۇناھ ئەمەس .كەتمەن چېپىش ـ دۇنيادىكى ئەڭ ھالال ،ئەڭ خاسىيەتلىك ،ساۋابلىق ئىش ، قانداقمۇ گۇناھ بولسۇن ! دەپ كەسكىن جاۋاب بېرىشى مۇمكىن .شۇنداق . كەتمەن چېپىش ھالال ئىشلار ئىچىدىكى ئەڭ ھالال ئىشتۇر . چۈنكى ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ساپ دىل ،سەممىي ،مېھنەتكەش ، جاپاكەشلىرى بولغان دېھقانلار قىلىدۇ . ئۇنىڭغا ھېچقانداق يالغانچىلىق ، ساختىلىق ،ھىيلە-مىكىر ئارىلاشتۇرغىلى بولمايدۇ ھەم تاسادىپىي ئارىلاشتۇرۇپ سالسىمۇ چېنىپ-بىلىنىپ قالىدۇ . شۇڭا كەتمەن چېپىش ھەرگىزمۇ گۇناھ ئەمەس ھەم گۇناھ ھېسابلانماسلىقى كېرەك ! بەلكىم «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟»دېگەن كىتابىڭىزدا مۇشۇ خىل پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندۇ ،ئالغا سۈرۈلگەندۇ . لېكىن گاھى ھاللاردا ،گاھىلارنىڭ ئالدىدا كەتمەن چېپىش گۇناھ ھېسابلىنىپمۇ قالىدۇ . كەتمەن چېپىشنىڭ گۇناھ ھېسابلىنىشى ـ كەتمەن چاپقۇچى ساپ دىل دېھقانلارنىڭ گۇناھكار ھېسابلىنىشىدۇر . ئېھتىمال دۇنيادىكى ئالتە مىلياردقا يېقىن ئادەمنىڭ تولىسى كەتمەن چاپىدىغان دېھقان بولۇشى مۇمكىن . جۇڭگودىكى بىر مىليارد 300مىليون ئاھالىنىڭ 800مىليوندىن كۆپرەكى دېھقان . دۇنيادىكى تەرەققىياتى جۇڭگوغىمۇ يەتمەيدىغان باشقا ئەللەردە بۇ نىسبەت تېخىمۇ يۇقىرى . جۇڭگونىڭ ئۆزىدىكى رايونلاردىمۇ بۇ نىسبەت ئوخشاش ئەمەس . دېگىز

## دېھقان نېمە دەيدۇ؟

بويىدىكى سانائەتلەشكەن رايونلاردا دېھقان ئاھالىلەر ئازراق، غەربتىكى سانائەت تەرەققىياتى ئارقىدا، دېھقانچىلىقنى تۈۋرۈك كەسىپ قىلغان رايونلاردا كۆپرەك. مەسىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى توققۇز مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ 90 پىرسەنتى دېگۈدەك دېھقان... مەيلى قايەردە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دېمەك، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسىنىڭ كەتمەن چاپىدىغان دېھقان ئىكەنلىكى زاكون كەتمەيدىغان ئەمەلىيەت. كەتمەن چاپقان گۇناھ ھېسابلانغان بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولساق، بىز ياشاۋاتقان بۇ سۆيۈملۈك يەرشارىمىز گۇناھكارلار جازالىنىۋاتقان غايەت زور جازا لاگېرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. گەرچە بۇ تەسەۋۋۇر دەرمەھەل ئويلىماققا بىمەنىدەك تۇيۇلسىمۇ رېئال ئاساسى يوق ئەمەس.

ئىنسانلاردا تەرەپبازلىق (سىنىپىي) ئېڭى شەكىللىنىپ سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن تارتىپ بىر-بىرىنى ئېزىش-ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش باشلانغان. ئازساندىكى «ئەقىللىقلەر» ھۆكۈمران بولۇۋېلىپ كۆپ سانلىق «نادانلار»نى قول قىلىۋېلىپ، ئۆزلىرى (ھۆكۈمرانلار)نىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن مەجبۇرىي ئىشلەتكەن. ھېلىھەم بۇئىش ئېمىزگىسىمان شوئار، بەلگىلىمىلەر ئاستىدا داۋاملاشماقتا. ھۆكۈمرانلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇناسىۋەت ئىشلەش ۋە ئىشلىتىش مۇناسىۋىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا بۇ خىل مۇناسىۋەتنى، مەلۇم جەھەتتىن كەتمەن چېپىش ۋە كەتمەن چاپتۇرۇش مۇناسىۋىتى، دېسەك خاتا بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تېرىم مەدەنىيىتى تۈزۈلۈشى ئاددىي، تۆھپىسى ئۇلۇغ كەتمەندىن ئىبارەت ئەمگەك قورالى ئارقىلىق باشلانغان، راۋاجلانغان، تاكامۇللاشقان. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىمۇ كەتمەن ۋە ئۇنى چېپىشتىن ئايرىلالمايدۇ. لېكىن ئارتىشى ئاكا، تارىخقا نەزەر سالسىڭىز مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ مەدەنىيەتنى ياراتقان، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز تۆھپىلەرنى قوشقان كۆپ سانلىق كەتمەن چاپقۇچىلار ئازسانلىق كەتمەن چاپتۇرغۇچىلار تەرىپىدىن ئەدناسى، ئىنسانىي مۇئامىلىگە نائىل بولۇشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخى گۇناھكار ھېسابلىنىپ، ئۆزلىرى چاپقان كەتمەنگە ئوخشاش «قورال»سانىلىپ خارلانغان، ئازابلانغان. تۆگىدەك مېھنەتتىن تېرىقچىلىكمۇ نېمەتكە ئېرىشەلمىگەن بۇ بىچارە «گۇناھكارلار»شۇڭا:

«كەتمەن چاپقان جىگدە يەپتۇ،
ئوڭدا ياتقان گىردە (يەپتۇ)».

«بىزلەر قىلساق بۇغدايىنى،
بەگلەر ئۈستى خامانىنى».

«ئالتە ئاي ياز بويى ئىشلەپ،
قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ»...

دەپ ئىچىگە تىنىپ ھەسرەت چەككەن.

ھۆرمەتلىك توختى باقى ئارتىشى ئاكا:

دۇنيادىكى تۆت چوڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەتنىڭ بىرى بولغان جۇڭگو، مېنىڭچە، دۇنيادا ئەڭ بالدۇر تېرىم مەدەنىيىتىگە كىرگەن ھەم شۇ مەدەنىيىتى سەۋەبلىك قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ھېسابلانغان دۆلەت. شۇنداقلا 5000 يىللىق شانلىق تارىخى بار دۆلەت. دىققەت بىلەن كۆزەتسىڭىز، جۇڭگونىڭ مۇشۇ «شانلىق» دەپ ئاتالغان 5000 يىللىق تارىخى ھۆكۈمرانلار بىلەن ئاۋام ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كەتمەن چاپقان مېھنەتكەشلەر خار-گۇناھكار، كەتمەن چاپتۇرغان تىرىكتاپلار ئۇلۇغ - تۆھپىكار ھېسابلانغان تارىخ. بۇ سۆزۈمگە مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا پىپەن (تەنقىد) قىلىنغان، ھازىرقى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىنى ياراتقان مۇتەپەككۇر ھېسابلانمىش كۇڭزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە تەلىماتلىرى بىلەن كېيىنكى فېئودال سۇلالىلەردە ئىزچىل، يۈكسەك ئەھمىيەت بىلەن يولغا قويۇلۇپ كەلگەن «مەنسەپدارلىق دەرىجە ئىمتىھان تۈزۈمى» دەلىل بولالايدۇ. بەلكىم كۇڭزى تەلىماتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى سىز ماڭا قارىغاندا تېخىمۇ ئوبدان بىلىشىڭىز ئېنىق. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمگە باقماي ئالدىڭىزدا ئاتىكاچىلىق قىلىدىغان بولدۇم، مەسخىرە قىلماسسىز. «چۈجە خورازمۇ ئۆزى بىلگەنچە چىللايدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. كۇڭزى تەلىماتلىرى ئىچىدە تەنقىدىي تەپەككۇرۇمغا تولا تېگىدىغىنى:

بەگلەر خۇلقى شامالدۇر،
پۇقرا خۇلقى گىياھتۇر.
شامال ئۇچسا قاياققا،
گىياھ شۇيان ياتادۇر.

دېگەن ئوردا شائىرىچە بېيىتى بىلەن «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەبكە قايت! ئەجدادىڭنى ئۆرنەك قىل! ئوردىغا كۆز ئالايتما!»... دېگەندەك تەنبىھلىرى. كۇڭزىنىڭ بۇ تەلىماتلىرىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى: ئۇنىڭ بەگلەر دېگىنى ھۆكۈمرانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقى، ئىش-ھەرىكىتى، سۆزى خۇددى شامال ئىكەن، پۇقرا (خەلق)نىڭ بولسا خۇددى ئەرزىمەس بىر گىياھ. يەنى مەنسەپدارلار - شامال، خەلق - گىياھ ئىكەن. مەنسەپدارلار مەيلى توغرا قىلسۇن، خاتا قىلسۇن، ئوڭ بولسۇن، تەتۈر بولسۇن قاياققا باشلىسا، نېمىگە بۇيرۇسا، پۇقرا ئۇنىڭغا غىڭ قىلماي شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك ئىكەن. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، كۇڭزىچە بولغاندا، كەتمەن چاپقان مېھنەتكەشلەر شامال قاياقتىن سوقسا، شۇياققا ياتىدىغان ئاجىز گىياھ؛ تىرىكتاپ بەگلەر ئاشۇ «گىياھلار»نى خالىغانچە ئۇچۇرۇپ - سوقۇپ، ياتقۇزۇپ-قوپۇرۇپ يۈرۈدىغان ھەيۋەتلىك شامال. مېھنەتكەش خەلق ئۆزلىرى ئۈچۈن كەتمەن چاپماستىن، ئاشۇ تىرىكتاپ، ھەيۋەتلىك «شامال»لار ئۈچۈن كەتمەن چېپىشى كېرەك. بولمىسا ئۇلار ئەجدادىنى ئۆرنەك قىلمىغان، ئۆزىنى تۇتۇپ، ئەدەبكە قايتمىغان، ئوردىغا كۆز ئالايتقان گۇناھكار - جىنايەتچى بولىدۇ. كۇڭزىنىڭ: ئەجدادىڭنى ئۆرنەك قىل! ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەبكە قايت!.. دېگەن

www.uyghurkitap.com

سۆزلىرى خەلقنىڭ ئۆزئارا ئەھۋالىغا ،تۇرمۇش ئىشلىرىغا قارىتا ئېيتىلغان بولماستىن ، ئەجدادىڭمۇ بەگ-تۆرىلەرگە شەرتسىز بويسۇنۇپ كەلگەن ، سەنمۇ شۇنداق قىل ! بەگلەرگە يانما ، ئۇلار بىلەن قارشىلاشما ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى تۇت ،مۇللام مۇشۇكتەك ئەدەبلىك بول ! . . . دېگەندەك خەلققە قۇلچىلىق ئىدىيىلىرى سىڭدۈرۈدىغان سۆزلەردۇر . چۈنكى كۇڭزى ئۆمۈر بويى ئوردىغا تەلمۈرۈپ ، ئارمىنىغا يېتەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن مۇللا ئادەم . ئۇنىڭ ئوردىغا كۆز ئالايتما دېگىنىمۇ - ھاكىمىيەت ئوغرى بولسۇن - توغرى بولسۇن ،ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش ھەققىڭ يوق دېگەنلىكتۇر .

كۇڭزىنىڭ ئۆزىنى ئەينى چاغدا قەدىرلىمەي ، ئوردىلىرىغا ئەكىرمەي ،ئۇنىڭ ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىشىگە پىسەنت قىلمىغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ، فېئودال بەگ-تۆرىلەر نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى قىممەتلىك قىبلىنامە ،دەستۇرى كالام قىلىپ كەلگەن .شۇڭا ئۇلار كەتمەن چاپقان خەلقنى گۇناھكار بىلسە بىلدىكى ،ھەرگىزمۇ تۆھپىكار ھېسابلاپ باقمىدى . يەنە تېخى ئۇلار باغقا كىرىپ مېۋىنى يەپ ، باغۋەننى ئۆلتۈرۈپ ، مېۋىزارنى ۋەيران قىلغان تۇزكور ئوغرىلاردەك ،كەتمەن چاپقانلارنىڭ كەتمەن چاپقان مېۋىسىنى پۇتۇنلەي يەۋېلىشتىكى ،كەتمەن چاپقۇچىلارنىڭ ئاچ-زارلىقى ،ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن كارىلىرى بولمىدى .كەتمەن چاپقانلار ئۇلاردىن ئۆز ھەققىلىرىنىڭ ئازراقىنى تەلەپ قىلغاندا رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلىندى ، سۈرگۈن قىلىندى (بۇيەردە ، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تارىختىكى تالاي قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنى دېمەكچىمەن ) .

كۇڭزىنىڭ بەگ ۋە پۇقرا (ھاكىمىيەت ۋە خەلق ) ھەققىدىكى تەلىماتلىرى كېيىنكى فېئودال ھاكىمىيەتچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا تېخىمۇ ھوسۇللۇق مېۋە بەرگەن . تېخى يېقىنقى ئەسىرلەردە ياۋروپا ، ئامېرىكىلاردا يېزا ئىگىلىكىدە ئۆز زامانىسىغا يارىشا زامانىۋىلىشىش باشلانغان ،ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلغان ،كەتمەن چاپقۇچى شەخسلەرنىڭ قەدىر-قىممىتى ،تۆھپە-نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندى ؛ جۇڭگودا بولسا ئەمەلدارلىق ئىمتىھان تۈزۈمى ئومۇملىشىپ ، «كەتمەن چاپماي ئاقنان يېيىش - ئۇلۇغلۇق ،شەرەپ ؛ كەتمەن چېپىش - نومۇس ،گۇناھ »بازار تاپقان .بۇ مەزگىلدە ياۋروپا ،ئامېرىكا ،رۇسىيىلەردە . . . تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپلىرى قۇرۇلۇپ تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئاگرونوم ، تېخنىك ، مۇتەخەسسىسلەر يېتىشىپ چىققان بولسا ، جۇڭگودا كەتمەن چاپماي ئاقنان يېيىشنى كۆزلەپ كۈرمىڭلىغان تالىبولئىلىملەر (ئەگەر ئۇلارنى شۇنداق ئاتاش توغرا بولسا ) ،كۆندۈرۈلۈۋاتقان شاتۇتىغا ئوخشاش ئون يىللاپ ۋاقتىنى نەزمە-قوشاق ، ماقال-تەمسىل يادلاش ،تەقلىدچى رەسسامغا ئوخشاش مەسنەۋى (ھۆسن خەت )كۆچۈرۈش ،ئىلمىي قىممىتى يوق ،زامانغا ماس كەلمەيدىغان قەدىمىي جەڭنامە ،نەسھەتنامىلەرنى مەدداھقا ئوخشاش ئوقۇش ،سۆزلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى . . مۇشۇنداق مەنسەپدارلىق قىزغىنلىقى ئېزىتقۇ سەتەڭدەك ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان يەردە خەلقنىڭ ،خەلق ئارىسىدىكى كەتمەن چاپقۇچى دېھقانلارنىڭ ئېتىبارى قانچىلىك بولاتتى دەيسىز !؟ كۇڭزىنىڭ بايىقىدەك بېيىت ،تەنبىھلىرىنى ئۆگىنىپ ،كەتمەن چېپىشتىن قېچىپ ،نومۇس قىلىپ مەنسەپدار بولغان ،شۇنداق تەلىماتلارنى دەستۇر قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئەلدە كەتمەن چېپىشنىڭ گۇناھ بوپقالىدىغانلىقى ئېنىقلا گەپقۇ . . . ئارتىشى ئاكا ، سىزنىڭمۇ ئېسىڭىزدە باردۇ :1970-يىللارنىڭ باشلىرىدا كۇڭزىنى لىن بياۋغا قوشۇپ تەنقىد (پىپەن ) قىلغىنىمىز ؟ ھازىر بەزىدە ئۆزۈمچە شۇنداق ئارمانلارنىمۇ قىلىپ كېتىمەن : ئەسلىدە شۇ چاغلاردىكى تەنقىد - پىپەندە كۇڭزىنىڭ ئاشۇ سەپسەتىلىرىنىڭ تەسىرىنىمۇ ج ك پ تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي سۇيىقەستچى ،ۋەتەن خائىنى لىن بياۋنىڭكىگە ئوخشاش يوقلا قىلىۋېتىدىغان گەپ ئىكەندۇق .خەپ !

خوش ، يۇقىرىقىلار ئۆتمۈشتىكى ئىشلار . بىز بىر چاغلاردا زۇلمەتلىك ئۆتمۈش ، قاباھەتلىك ئۆتمۈش ،دەپ ئاشۇ ئۆتمۈشنىمۇ تەنقىد (پىپەن ) قىلغاندۇق . شۇنداق زۇلمەتلىك ،قاباھەتلىك زاماندا كەتمەن چېپىشنىڭ پەس ،گۇناھكارانە ئىش ھېسابلىنىشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك . ئەمدى ھازىرچۇ ؟

بىز يازارمەن زىيالىيلار راست گەپ قىلىش ھەققىدە گەپ بولغاندا ،بىز رېئالىزمچىلارمىز ، ماركسىزمچىلارمىز ،ماتېرىيالىزمچىلارمىز ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيمىز ، رېئاللىقنى سەممىي سادىقلىق ۋە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرىمىز . . . دەپ ھېچكىمگە گەپ بەرمەي مەيدىمىزگە مۇشتلايمىز .لېكىن ئاغزىمىزدا بۇنداق نوچىلىق قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆز سايىسىدىن ئۈركىگەن توشقاندەك ئېھتىياتچان ۋە خامېلېئوندەك رەڭۋاز . نوپۇز ۋە نوپۇز ئىگىلىرى ئالدىدا «ئوسۇرۇقتا مەدھىيە»يازغان شائىرنىڭ ئۆزى بولىمىز . پېقىر تېپىك دېھقان ۋە دېھقانغا خاس تۈز مىجەز بولغانلىقىم ئۈچۈن يوپۇتمىچىلىق ، كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشلار بىلەن پەقەت خۇشۇم يوق . ناۋادا مەن ئاندىرسېننىڭ «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» دېگەن چۆچىكىدىكى يالىڭاچ پادىشاھنىڭ يېنىغا يىغىلغان قاتاردا بولغان بولسام ، يالىڭاچ پادىشاھنى ھېلىقى بالىدىنمۇ بالدۇرراق يالىڭاچ ئىكەنسەن دېيىشىم ؛ شۇدەۋرلەردىكى مۇخبىر بولسام ، ناپالېئوننى پاكار دەپ ، ستالىننى مۇستەبىت دەپ راستنى راست يېزىشىم مۇمكىن ئىدى ،گەرچە كاللام كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ .چۈنكى يالغانچىلىق ، يوپۇتمىچىلىق خەلق ئۈچۈنمۇ ، ھاكىمىيەت ئۈچۈنمۇ قىلچە پايدىلىق ئەمەسكى ، ئېغىر زىيانلىقتۇر .

دېمەكچى ، كەتمەن چېپىشنى پەس ، گۇناھ كۆرۈدىغان ئىش ھازىرمۇ بار . زامانىمىزدىكى بەزى مەنسەپدارلار مەنسەپدارلىقتا سايلىنىدىغان ،توغرىسى ،

مەنسەپدار بولىدىغان چاغدا خەلقنىڭ چاكىرى بولىمەن، خەلق ئۈچۈن ئۇنداق ئىشلەيمەن، بۇنداق ياخشى ئىش قىلىپ بېرىمەن... دېگەندەك ۋەدە-قەسەملەرنى خەلق ھەم ھۆكۈمەتكە تۆكمە قىلىپ بېرىدۇ، خۇددى شەيتان لەئىنىدەك. ئەمما مەنسەپدار بولۇۋېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا كىبىر-تەمەننا، مۇشتۇمزور-مۇستەبىتلىك، ئالقانچى – ئالدامخورلۇقلاردا تولىمۇ قەبىھلىشىپ. خەلقنى چاكار قىلىدۇ، مەنسەپدار ئۈچۈن كەتمەن چاپتۇرىدۇ، ئاشۇ كەتمەن چاپقۇچىلارغا گۇناھكار-جىنايەتچىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قاينىتىدىغىنى، «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ كەتمەن چاپقان دېھقان ئائىلىسىدىن چىقىپ مەنسەپدار بوپقالغان بەزى «مانتا كۆرمىگەنلەر»نىڭ «مانتا كۆرگەن»دىن كېيىنكى مۇناپىقانە قىلمىشلىرى. ئۇلار يېزا-بازارلارنىڭ، ئىدارە-پونكىتلارنىڭ باشلىقلىقىغا ئوخشاش تېرىقچە مەنسەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنى گويا شاھ-سۇلتانلاردەك ھېس قىلىدۇ. كەتمەن چاپىدىغان دېھقان قەۋم-قېرىنداشلىرىنى قارا يۇزلەرچە كۆزگە ئىلمايدۇ، پەس كۆرىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇلاردەك تەرلەپ-پىشىپ توپا-پاتقاقلارغا مىلىنىپ كەتمەن چاپمايدىغانلىقىدىن مەغرۇرلىنىدۇ، ماختىنىدۇ. ئۇلار كەتمەن چېپىشنى پەس كۆرىدۇيۇ، كەتمەن چېپىۋاتقان قەۋم-قېرىنداشلىرىنى يۇنۇپ، قىرىپ، شىلىپ، يالماپ، يالاپ يېيىشنى ھەرگىزمۇ پەس كۆرمەيدۇ. ئۇلار كەتمەن چاپقانلارنى خالىغانچە ئىشلەتكىلى، بىرتەرەپ قىلغىلى بولىدىغان مالايمۇ ھېسابلاۋېرىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ مەھەللىسىلىك نامرات دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، يېزىمىزغا 15يىلغا يېقىن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، يېزا باشلىقى بولغان بىر مەنسەپدار بولىدىغان. ئۇ، يېزا باشلىقلىق مەنسىپىنى ئارتقۇرۇۋاتقان يىللارنىڭ بىرىدە يېزىمىزدىكى پاختا سېتىۋېلىش قورۇسى ئىچىدە شۆكۈنى پاختا (كېۋەز) سېتىپ بېرىشكە كەلگەن دېھقانلارغا يىغىن ئاچماقچى بولۇپ، كېۋەزلىرىنى شامالغا سېلىپ قورۇتۇۋاتقان، نۇسخا ئالدۇرۇۋاتقان، تارازىغا تۇشۇۋاتقان... دېھقانلارنى قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى دەرھال توختىتىپ، يىغىنغا كېلىشكە چاقىرىپتۇ. نورغۇن دېھقان قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى نائىلاج تاشلاپ يېزا باشلىقىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ قول باغلاپ تۇرۇشۇپتۇ. يېزا باشلىقى قارىغۇدەك بولسا بىزنىڭ مەھەللىلىك بىر ياش دېھقان قوشۇلۇپ بىرنەچچەيلەن يىغىنغا بېرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، ھەدەپ ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشىۋېرىپتۇ. يېزا باشلىقى ئۆزىنى كۆزگە ئىلىنمىغان، ئانىي بولغان ھېس قىپتۇ. سەپرايى مىڭ گەز ئۆرلەپتۇ. شۇنداق بولماي ئەمىسە. شۇنچە چوڭ بىر يۇرتنىڭ، ئون نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىسىنى كەتمەن چاپىدىغان بىر نەچچە قوڭالتاقنىڭ پىسەنتىگە ئالمىغىنى نېمىسى؟ ئۇلار كىم؟ يېزا باشلىقچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار ئىدى.

يېزا باشلىقى ئاچچىقىدىن بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويسا نەچچە يۈز كادىر «خوش-خوش» دەپ تۇرىدۇ. شەھەر باشلىقلىرىمۇ، شۇجىلارمۇ ئوڭايلىقچە ئۇنىڭ گېپىنى يەردە قويمايدۇ... شۇلارغا سېلىشتۇرغاندا بىرنەچچە كەتمەن قولى «ئەبگا»لار قانچىلىك ئادەمتى؟ يېزا باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ «گەدەنكەش قوڭالتاق»لارنى تەنبىھلىك تەلەپپۇزدا يىغىنغا چاقىرىپتۇ. باشقىلار ئىشلىرىنى قويۇپ يىغىنغا ماڭغان بولسىمۇ، بىزنىڭ مەھەللىلىك «گەدەنكەش» ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرسىمۇ خىيالىدا يوق كېۋىزىنى قاچىلاۋېرىپتۇ. تاقىتى چەكتىن ئاشقان، غەزەپتىن يېرىلاي دېگەن جانابىي يېزا باشلىقى مېڭىشنى ئېغىر ئالماي ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە:

– ھەممە ئادەم يىغىنغا بېرىۋاتسا، سەن نېمىشقا بارمايسەن، سولتەك!؟ سەن كىم بىلەن قارشىلاشماقچى؟ چىرايلىقچە يىغىنغا ماڭە! بولمىسا ئۆسۈپ كەتكەن نوخولاڭنى ئېلىپ قوڭاڭغا تىقىۋېتىپ قالماي يەنە. تۆت تاغار كېۋەزنى كۆرۈپ يوغىناپ كەتكىنىنى قارا بۇ پىتلىقنىڭ! – دەپ «گەدەنكەش» دېھقاننى گەدىنىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىپتۇ. ئۈچ-تۆت كۈندىن بېرى كېۋەزنى ئۆتكۈزەلمەي خۇنتېپەر بوپكەتكەن دېھقان شۇ ئاچچىقىدا جانابىي يۇرت كاتتىسىغا يېنىپ ساپتۇ:

– يىغىنىڭنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى، –دەپلا سەتلەپتۇ ئۇ يېزا باشلىقىنى، – يىغىنىڭنى كادىرلىرىڭغا ئاچ! بىز دېھقانلارغا ھازىر ئالارمەننىڭ پايدىسىغا سۆزلەيدىغان ئۇنداق يىغىنىڭدىن كېۋەزنى بالدۇرراق ساتمىقىمىز مۇھىم. ئەتە-ئۆگۈن چاپارمەنلىرىڭ ئۇ ھەققى، بۇ ھەققى دەپ بارسا، بىز يىغىن ئاڭلاپ كېۋەزنى ساتالمىغان، دېسەك ئۇنامدۇ ھېلى؟

– نېمە دېدىڭ؟ ھۇ ئاناڭنى... ئەبگا! ماڭە ئالدىمدا، ھېلى بىكار مۇشۇ يەردە!...

– بارمايمەن دېدىمغۇ. قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! مەن سېنىڭ قول ئاستىڭدىكى پورداقچى كادىرلىڭ ئەمەس سەندىن قورقۇپ تۇرۇدىغان. ناھايىتى كەلسە چاپىدىغان كەتمىنىمنى تارتىۋالارسەن. مەيلى، ئورنىغا تۆمۈرچىدىن يەنە كەتمەن ئالىمەن شۇ...

ئىش شۇيەرگىچە كەلگەندە باشقىلار كېلىپ ئۇلارنى ئاجرىتىۋېتىپتۇ. «مازارغا چالما ئاتقان» دېھقانغا تەنە-تەنبىھ، «پوققا چالما ئاتقان» يېزا باشلىقىغا تەسەللىي – سالا قىلىشىپتۇ. بىراقكى، يېزا باشلىقى بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماپتۇ. شۇمەيداندا يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقىمۇ بار ئىكەن. يېزا باشلىقى ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىپتۇ:

– ماۋۇ گەدەنكەش قوڭالتاقنى ئەكىرىپ سولا! ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشقاننىڭ جازاسىنى ئوبدان بەر!

ساقچىخانا باشلىقى «گەدەنكەش» دېھقاننىقولىغا كويزا سېلىپ ئەكىرىپ سولاپتۇ. جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلاپتۇ...

ئارتىشى ئاكا، دەپ بېقىڭە: مۇشۇ ئىشتا خاتالىق كىمدىن ئۆتتى؟ دېھقاندىنمۇ، يېزا باشلىقىدىنمۇ؟

www.uyghurkitap.com

مىنىڭچە، مەيلى ئەخلاق نۇقتىسىدىن ياكى قانۇن نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئاساسلىق خاتالىق يېزا باشلىقىدىن ئۆتتى. بىرىنچىدىن، ئۇ، پاختىكار دېھقاننىڭ پاختا سېتىش ۋاقتىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلەپ مەجبۇرىي يىغىن ئاچتى. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئاچقان يىغىنى ھېلىقى «گەدەنكەش» دېھقان ئېيتقاندەك، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن سۆزلەنمەي، پاختا-چىگە شىركىتىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سۆزلەنگەن يىغىن. يەنە كېلىپ، تەستىق - ئۇقتۇرۇشسىز ئېچىلغان قانۇنسىز يىغىن. ئۈچىنچىدىن، ئۇ، دېھقاننى تىللاپ، ئانىي تېپىپ، ئۇنىڭ كىشىلىك ئىززەت-ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلدى. تۆتىنچىدىن، ئۆزىنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ دېھقاننى جازالاتتى... دېھقاننىڭ گۇناھى بولسا -يېزا باشلىقىغا ئەھۋالنى ئىلمىي چۈشەندۈرمىگەن كىچىككىنە سەۋەنلىكتۇر. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن سەۋەنلىكى بار ئادەم ساقچىلار تەرىپىدىن جازالىنىدۇ؟ گۇناھى (جىنايىتى) بار ئادەم بولسا جىنايىتى ئۈچۈن جازاغا تارتىلماي، 55 ئات كۈچلۈك تراكتورنىڭ ماتورىدەك بىمالال گۈركىرەپ يۈرۈيدۇ؟ بۈگۈنكىدەك ئادىل سەۋەب ئاددىيلا: ھەقىقىي گۇناھكار كەتمەن چاپتۇرغۇچى تۆھپىكار؛ جىنايەتچى بولۇپ جازالانغۇچى بولسا كەتمەن چاپقۇچى خار-گۇناھكار... يېزىلاردا بۇنداق ئىشلار ھېلىھەم ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

سىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 4-سانىغا بېسىلغان «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟» ماۋزۇلۇق تەرجىمە ماقالىڭىزدا ئېيتقاندەك، بىزنىڭ بەزى مەنسەپدارلىرىمىز مەلۇم بىر ئىشنى قىلدۇرماقچى بولغاندا، كەمچىلىكنى تۈزەتمەكچى بولغاندا بۇ ئىشنى مۇنداق قىلالمىسام خىزمىتىمدىن ئېلىپ تاشلاپ يېزىغا ھەيدىۋېتىڭلار، ئۆمۈر بويى كەتمەن چېپىپ گۇناھىمنى يۇيسام رازىمەن، دېگەندەك ۋەدە-قەسەملەرنى قىلىدۇ. بۇنىڭدىن چىقىپ تۇرىدۇكى، ئاشۇنداق مەنسەپدارلارنىڭ نەزىرىدە كەتمەن چېپىش گۇناھكارانە ئىش ياكى گۇناھكارلار گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن قىلىدىغان ئىش. بەرھەق، بىز دېھقانلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلام كىشىلىرىمىز. بىز كەتمەن چاپىمىز. كەتمەن چېپىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىلا ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىمۇ باقىمىز. بىراق بىز بۇنىڭلىق بىلەن گۇناھكار، بىز بېقىۋاتقان ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قاتلامدىكىلەر پاك، تۆھپىكار ھېسابلانسا توغرا بولامدۇ؟ بۇنداق بولغاندا بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا مەن باشتا دېگەندەك، گۇناھكارلار بىلەن تولغان غايەت زور بىر جازا لاگېرىغا ئايلىنىپ قالامدۇ؟ بۈگۈنكى مىڭ تەستە قۇرغان سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزمۇ ھەممە باراۋەر ياشايدىغان، ئېزىش-ئېزىلىش مەۋجۇد بولمايدىغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىن ئېزىش-ئېزىلىش ئەۋج ئالغان، باراۋەرلىكتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان قۇلدارلىق جەمئىيەتكە ئۆزگىرىپ كېتەمدۇ؟

ھۆرمەتلىك توختى باقى ئارتىشى ئاكا:

مەنسەپدارلارنىڭ نەزىرىدىلا ئەمەس، مەنسەپدار ئەمەس نۇرغۇن كادىر-مائاشلىقلارنىڭ، سودىگەر-تىجارەتچىلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ كەتمەن چاپقان (دېھقان) لار پەس، گۇناھكار. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى كەتمەن چاپىدىغان دېھقانلاردىن ئالاھىدە، ئۈستۈن، ئاقسۆڭەك ھېسابلايدۇ. مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تېخنىكومدا بىرگە ئوقۇغان نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىم ھازىر كادىر، ئەمەلدار چاق... لاردىن بوپكەتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى يېزىدا، دېھقانلار ئارىسىدا كادىرلىق، مەنسەپدارلىق قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرى نېمىنى يەۋاتقان يېزىلىقلارنى - دېھقانلارنى پىسەنتىگە ئالمايدۇ، پوش دېمەيدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ئوقۇغان مەندەك يازارمەن دېھقاننىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قاتارى كۆرمەيدۇ. دېھقانلارنىڭ ئالدىدا نوغۇچ يۇتۇۋالغاندەك غادىيىۋالىدۇ، ئۇلارغا باسمىچى قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ. زامانىمىزدىكى بۇنداق زامانىۋى ماڭقۇرتلارنى قانداق قىلغۇلۇق؟ «پالتا ئۆز سېپىنى كەسمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. لېكىن ھازىرقى بۇنداق «پالتا» لار ئالدى بىلەن ماڭقۇرت يولئاماندەك ① ئۆزىنىڭ سېپىنى كېسىدىغان بوپكەتتى.

ئارتىشى ئاكا: ئەمدى سىزگە كەتمەن چاپقانلارنى ياراتمايدىغان، شەھەرلەردە خىزمەت قىلىدىغان بەزىبىر «يېڭى ئاقسۆڭەك» بۇرادەر، يۇرتداشلىرىم ئۈستىدىن ئازراق «غەيۋەت» (سۆھبەت - ئەمەللىرى ئۈستىدە) قىلىپ بېرەي: 2002-يىلىنىڭ باشلىرى - مەن سەرگەردانلىق قەدىمىنى ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە قويغان چاغلار (ھەراست، مەن ئۈرۈمچىدىكى چاغلاردا سىز بىلەن «ئىزچىلار» كىتابخانىسىدا ئىككى-ئۈچ قېتىم ئۇچراشقانىدىم. ئېھتىمال سىز ئۇ چاغلاردا ماڭا ئانچە دىققەت قىلمىغان بولسىڭىز كېرەك) ئىدى. بىر كۈنى بىر قەلەمكەش يۇرتدىشىمنى ئىزدەپ ئۇنىڭ ئىدارىسىگە باردىم. دېھقان بالىسى ئۇ زىيالىي يۇرتدىشىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، تەنقىدىي رېئالىزملىق يازغۇچى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلىلا تەسىرى ۋە نوپۇزى بار ئەدىبلەردىن ئىدى. تەلىيىمگە ئۇ ئىشخانىسىدا بار ئىكەن. ئىككىمىز كۆرۈشمىگەنگە بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇ مەن بىلەن ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ تۇرۇدىغان ئۆتكۈنچىلەر بىلەن سالاملاشقاندەك مۇنداقلا سالاملاشتى. ھەرنېمە بولسا ئىككىمىز نەچچە ئون مىنۇت پاراڭلاشتۇق. پارىڭىمىز يۇرتداش، قۇرداش، يولداشلارنىڭكىگە ئوخشىماستىن، كاتتا مەنسەپدار بىلەن ھاجەتمەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ھەر ئىككىمىز ئەدەبىيات ئاشىقلىرى بولغاچقا، پارىڭىمىز بىركەمدە تەبىئىيلا ئەدەبىياتقا يۆتكەلدى. ئۇ مەندىن قانداق ئەسەرلەرنى يازغانلىقىم، چىقارغانلىقىم،

① ماڭقۇرت يولئامان - چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدىكى ئۆزىنىڭ كىم، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان، خوجايىنلىرى ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان پېرسوناژ. ئۇ، خوجايىنلىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆز ئانىسىنى يائوقى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. - ئاپتور.

يېزىۋاتقانلىقىم توغرىلىق سورىدى . مەن 2001-يىلى گېزىت -ژۇرناللاردا چىققان ،مەتبۇئاتلارغا يېقىندا بەرگەن ۋە يېزىۋاتقان ئەسەرلىرىمنى ژانىرى ۋە قىسقىچە مەزمۇنى بىلەن ھاياجانلىنىپ ئېيتىپ بەردىم .بولۇپمۇ 2001-يىلى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا چىققان ئىككى پارچە ئەسىرىم (شۇ يىللىق 3-سانىدىكى «خىزىر قاچقان چەش»ناملىق ھېكايەم بىلەن شۇ يىللىق 6-سانىدىكى «ئېلان ، تولا بىزنى مەسخىرە قىلمىغىن»ناملىق ماقالەم )نى پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئالدىم . ئەپسۇسكى ، تەنقىد روھىغا باي بۇ نوپۇزلۇق يازغۇچى يۇرتدىشىم ئوتتەك پەخىرلىنىش ھېسسىياتىمغا مۇز تاشلىۋەتتى :

- ھە ، ئۇ ئەسەرلىرىڭلىنى مەنمۇ كۆرگەن ، - دېدى ئۇ ماڭا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ ، - ئانچە ۋاھ دەپ كەتكۈچىلىكى يوق . «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »نىڭ باش مۇھەررىرى قوربان مامۇت تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم . «دېھقان »دېگەن ئىمزايىڭلىنى كۆرۈپ ژۇرنالغا بېرىۋەتكەن گەپ ، بولمىسا . . .

ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ئەسەرلىرىمنى مەنسىتمەسلىكتىن ،مېنى مەنسىتمەسلىك ئالامەتلىرى ئېنىقلا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . ئۇنداق بولمىغان بولسا ، ئەسەرلىرىم ئۇنىڭدىن ياكى باشقا تەنقىدچىلەر تەرىپىدىن تەنقىدلەنگەن ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۇرۇشىگە ، ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا نائىل بولالماستىن ، ئىنكار قىلىشىغا ئېرىشكەن بولاتتى . يۇرتدىشىمنىڭ مەنسىتمەسلىك بىلەن ئېيتقان ئاشۇ سۆزلىرىدە : سەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »دەك نوپۇزلۇق ژورنالغا لايىق ئەسەر يازالايدىغان سەۋىيىدىكى ئادەم ئەمەس . ژۇرنال باش مۇھەررىرى دېھقان ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ ، ساڭا ھېسداشلىق قىلىپ قەددى كۆتۈرۈلۈپ قالسۇن ، دەپلا ئەسىرىڭنى بېرىپ قويغان گەپ . ئۇنداق ژۇرناللارغا لايىق ئەسەرلەرنى مانا بىزدەك نوپۇزلۇق ، ئالىي مەلۇماتلىق ، شەھەرلىك كادىر يازغۇچىلارلا يازالايدۇ . . . ۋەھاكازا دېگەندەك مەنالار بار ئىدى . راستىنلا شۇنداقمۇ ؟ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى باش مۇھەررىرىنىڭ ژۇرنالىستلىق مەسئۇلىيەت ئېڭى ماڭا خېلىلا ئايدىڭ . ئۇ ئادەم ئۆزى مەسئۇل بولۇپ چىقىرىۋاتقان ،پۈتكۈل دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارغا ۋە ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى نەشرىي ئەپكارلارنى كۆرۈدىغانلارغا ئاشكارا تارقىتىدىغان بۇ ژۇرنالغا ماۋۇ دېھقاننىڭ ئەسىرىكەن ، ئاۋۇ ئىشچىنىڭ ئەسىرىكەن ، بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئەسىرىكەن ،بوپتۇلا ،بىر بېرىۋېتەي ، شۇ بىچارىلەرنىڭ قەددى بىر كۆتۈرۈلۈپ قالسۇن ، دەپ خام - خاتىلا ،بولار-بولماس ئەسەرلەرنى ژۇرنالغا بېرىۋەتمەيدۇ . بەلكىم ئۇ ئادەمنىڭ ژۇرنالىستلىق بورچ تۇيغۇسى سىزگىمۇ مەلۇمدۇر ، ئارتىشى ئاكا . شۇڭا يەنە ئارتۇقچە سۆزلەپ يۈرمەي . دېمەكچىمەنكى ، نوپۇزلۇق يازغۇچى يۇرتدىشىمنىڭ نەزىرىدىمۇ دېھقانلار كەتمەن چېپىش (جىسمانىي ئەمگەك قىلىش )تىن بۆلەك ئىش قىلالمايدىغان ، قىلالماسلىقى كېرەك بولغان قەۋم ئىكەن .ئۇ ، شۇخىل مەنىلىك سۆزلىرى بىلەن دېھقان

ئاتا-بوۋىلىرىغا ،قەۋم-قېرىنداشلىرىغا قانداق يۈز كېلەلەركىن ؟ ناۋادا ئۇ يېزىلىق - كەتمەن چاپىدىغان دېھقاننىڭ بالىسى بولماي ، شەھەرلىك - ئاقنان يەيدىغان ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى بولغان بولسا يەنە نېمىلەرنى دەر ئىدىكىن-تاڭ ! ؟

مەن ئەدەبىيات كوچىسىغا قەدەم قويغان چاغلاردا ،ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا مۇخبىرلىق قىلىدىغان ،بىر قىسىم ھېكايىلىرى جەمئىيەتتە مۇناسىپ تەسىر قوزغىغان بىر يازغۇچىنى ئۇستاز تۇتۇپ ، ئۇنىڭدىن ئاز-تولا تەلىم-ساۋاق ئېلىپ تۇردۇم . ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلاشتى . ھۆرمەت-ئىززەتلەر ۋايىغا يەتتى . بېرىپ-كېلىشلەر كۆپەيدى . . . شۇنداق يىللارنىڭ بىرىدە ، يېزىمىزغا سۇ كېلىدىغان سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن يېزىمىزدىكى كەتمەن چاپىدىغان ئەرلەر ۋە ئاتۇش شەھىرىدىكى بەزى ئىدارە-پونكىتلارنىڭ كادىرلىرى شۇ سۇ ئامبىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭ چېپىش ھاشىرىغا قوزغىتىلدى : بۇ بىر جىددىي ئىشقا ئاتۇش شەھىرىنىڭ شۇ چاغدىكى بىر مۇئاۋىن باشلىقى نەق مەيداندا قوماندانلىق قىلدى . «ھە-ھۇ »بىلەن كەتمەن چېپىۋاتساق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئىككى نەپەر مۇخبىرى پەيدا بولدى . قارىسام ، ئۇلارنىڭ بىرى مېنىڭ يازغۇچى ئۇستازىم (شۇ چاغلاردا ئۇنى ھۆرمەتلەپ شۇنداق ئاتايتتىم )ئىكەن . ئۇ ۋە ھەمراھى دېھقانلار چېپىۋاتقان كەتمەندىن چاچرىغان لاي-پاتقاقلارنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ پەملەپ مېڭىشىقىنىچە مەن كەتمەن چېپىۋاتقان يەرگە يېقىنلا كېلىپ تورۇپ قىلىشتى . ئۇلارنىڭ بىرى نېمىلا بولمىسۇن مېنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر يازغۇچى ئۇستازىم بولغاچقا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ يېنىغا باردىم . ئۇ ئۇستىۋېشى لاي-پاتقاق مېنى كۆرۈپلا ئادەم ياراتمايدىغان تەكەببۇر خوتۇنلاردەك تۇمشۇقىنى ئۇشلاپ ،كولدۇرما ئېسىلغان ئاتتەك جۇلۇ قېقىپ باشقا ياققا بۇرۇلۇۋالدى .مەن ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشەندىم-دە ،ئۇسال ئەھۋالىمنى بىر دېھقان يۇرتدىشىمدىن تاماكا سورىغان بولۇپ يوشۇردۇم . بىر چاغدا ئۇ مۇخبىرنىڭ تېلېكامېراسى كەتمەن چېپىۋاتقانلارغا توغرىلاندى . شۇ ئەسنادا نەدىن پەيدا بولدى ،ھېلىقى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى كېلىپلا بىر دېھقاننىڭ قولىدىكى كەتمىنىنى ئېلىپ «قاتتىق چېپىشقا» باشلىدى تېلېكامېرانىڭ كۆزى «جاپالىق »ئىشلەۋاتقان مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىغا قادالغىنىچە ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى . . . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ھەقتىكى خەۋەر تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلدى . دىققەت قىلسام ، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ «جاپالىق كەتمەن چاپقان»كۆرۈنۈشى شۇ خەۋەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى . 2000غا يېقىن دېھقان (ۋە باشقىلار )نىڭ مىننەتسىز كەتمەن چاپقان كۆرۈنۈشى بولسا ، بىرمىنۇتقىمۇ يەتمىدى . يەنە تېخى رىياسەتچى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ «قىيىنچىلىقتىن ، جاپادىن قورقماي ، سالامەتلىكى ياخشى بولمىسىمۇ بۇنىڭ بىلەن قىلچە

www.uyghurkitap.com

ھېسابلاشماي . . .دېھقانلار بىلەن تەڭ كەتمەن چېپىپ . . . كاتتا يايلاق يېزىسىنىڭ جىددىي سۇ مەسىلىسىنى ۋاقتىدا ھەل قىلغان»لىقىدەك «تۆھپە» سىنى ھاياجانلىق ئۇرغۇ بىلەن تەسىرلىك سۆزلىدى . دېھقانلارنىڭ بىر كۈن كەتمەن چاپقاندىكى جاپاسىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى .

ئارتىشى ئاكا ، بۇخىل كاززاپلىقنى نېمە دېگۈلۈك ؟ 2000دەك دېھقاننىڭ بىر كۈن كەتمەن چېپىشى ماختاپ ،داۋراڭ سېلىپ يۇرمىسىمۇ بولىدىغان ،خەسچىلىكمۇ ئېتىبارى يوق ئىش ئىكەنۇ ،بىر مەنسەپدارنىڭ بىرنەچچە مىنۇت شەكلەن كەتمەن چېپىشى خەلقئالەمگە جاكارلاپ ، مەدھىيىلەپ بەرمىسە بولمايدىغان كارامەت ئىش ئىكەن . ئادەمنى تېخىمۇ ئويغا سالىدىغىنى ، دېھقان قىلسا گۇناھ ھېسابلىنىدىغان ئىش ، مەنسەپدار قىلسا ئۇلۇغ بولىدىكەن . بولمىسا بەزى مەنسەپدارلارنىڭ نەزىرىدە كەتمەن چاپقانلىق گۇناھكارانە ئىش ياكى گۇناھكارلار قىلىدىغان ئىش ئىدى ئەمەسمۇ ! ؟ بۇ قانداق مەنتىقە ؟ بەلكىم سىزمۇ تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇرۇۋىدىغانسىز . ناۋادا ئاشۇنداق خەۋەرلەرنى كۆرسىڭىز ،ئۇنىڭ ئەيىنىنى ئەمەس ، ئەكسىنى راست دەپ بىلسىڭىز بولۇۋېرىدۇ . مەن ھازىر شۇنداق قىلىمەن .

شۇندىن تارتىپ ھېلىقى مۇخبىرلىق قىلىدىغان يازغۇچى ئۇستازىمدىن رايىم قايتىپ كەتتى .ئۇنىڭ ئىلگىرى «قالتىس» بىلىنگەن ئەدەبىي ئەسەرلىرىمۇ ماڭا ھازىر «ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان»دەك بىلىنىدىغان بولدى .

ھۆرمەتلىك توختى باقى ئارتىشى ئاكا :

ئۆزۈممۇ بىر كەتمەن چاپقۇچى (دېھقان ) بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن ، بەزىدە چېپىۋاتقان يەتمىنىمگە قاراپ كەتمەن ھەققىدە ئاجايىپ خىياللارغا چۆمۈپ كېتىمەن . كەتمەن ئۈچ - تۆت كىلوگىراملىق (ئۇنىڭدىن چوڭ ياكى كىچىك ) ياپىلاق تۆمۈر ۋە دىئامېتىرى ئۈچ - تۆت سانتىمېتىر ، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدىكى قىلىچ بەلدەك كەلگەن ياغاچ بادىرىسىدىن تەركىب تاپقان ئاددىيلا بىر ئىپتىدائىي ئەمگەك قورالى . ئۇ ، كېيىنكى تاش قوراللار دەۋرىدە ،يەنى ئىنسانلار ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تېرىم (دېھقانچىلىق ) مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغان دەسلەپكى چاغلاردا ئىجاد قىلىنغان ھەمدە ئەسىر-قەرنەلەرنىڭ ئۆتۈشى ، ئىنسانلار ئەقىل-پاراستى ،پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تاشتىن ياسىلىشتىن تۆمۈرگە ئوخشاش مېتاللاردىن ياسىلىشقا ، قوپاللىقتىن سىلىقلىققا ئۆزگەرگەن ۋە ئاخىرىدا ھازىرقى ھالىتىگە كەلگەن . ئەمما ئۇ ئەڭ دەسلەپ ياسالغان چاغلىرىدىكىدىن ئانچە چوڭ تەرەققىي قىلىپ ،زامانىۋىلىشىپ كەتمىدى . ھازىر پەن-تېخنىكا ، سانائەت تەرەققىي قىلىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئېلېكترونلۇقى ، سۈنئىيسى ، «ماشىنا» سى ياسالدى ، ھەتتا ئادەمنىڭمۇ .بىراق ھېلىغىچە ھېچقانداق دۆلەتتە كەتمەننىڭ ئېلېكترونلۇقى ياكى «ماشىنا»سى ئىجاد قىلىنغانلىقىنى ئۇقمىدىم . بەلكىم ئۇنداق كەتمەن ئىجاد قىلىنمىغاندۇ . ئىجاد قىلىنغان بولسا ئۇچۇر تورى دۇنيانى قاپلىغان بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭدىن ۋاقىپلىنالاتتىم ياكى ئۇ بۇ كەمگىچە رايونىمىزغىمۇ كېلىپ بولاتتى . دېمەك ، كەتمەن ئەسلى ھالىتىدىن ئانچە ئۆزگىرىپ ، تەرەققىي

قىلىپ كەتمىدى . شۇڭا ئۇنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئادەملەر قانداق چاپقان بولسا ، قۇلدارلىق جەمئىيەتتىكى ئادەملەرمۇ شۇنداق چاپقان ؛ فېئوداللىق ۋە كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئادەملەرمۇ ئوخشاشلا شۇنداق چاپقان . ھازىرقى ئېلېكترون - ئۇچۇر دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان ،ھەممە جەمئىيەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلغىنى ۋە ئەۋزەللى بولغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بىزلەرمۇ ئۇنى ئاشۇ كونا جەمئىيەتتىكىلەرگە ئوخشاشلا چېپىۋاتىمىز .

ماۋزېدۇڭ دەۋرىدە ، مانچىنچى يىلىغا بارغۇچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇمىز !دېگەن شوئارلار تولا توۋلىناتتى . شۇ چاغلاردا مەن ئاشۇ شوئارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن ئىلھاملىنىپ : «ئاتا-ئانىلىرىمىز ، ئاكىلىرىمىز تەرلەپ-پىششىپ كەتمەن چېپىشتىن ،كالا-ئېشەكلىرىمىز دۈمبىلىنىپ ، پۇشۇلداپ سوقا-ساپان سۆرەشتىن ،خامان دەسسەشتىن قۇتۇلسا . . . نېمىدېگەن ياخشى -ھە !» دەپ ھاياجانلانغاندىم . بىراقكى ، داھىيمىز ماۋزېدۇڭ بۇ ئارمىنىنى قولتۇقلىغان پېتى 1976-يىلى9-سېنتەبىردە ھەسرەت بىلەن رەھمەتلىك بوپكەتتى . مېنىڭ ھاياجىنىممۇ ئەپسۇسلۇققا ئايلىنىپ قالدى . ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇ ئارمىنى ئەمدىلىكتە ئىشقا ئېشىۋاتقاندەك قىلىدۇ . ھازىر ئىقتىسادى يار بەرگەن دېھقان ئائىلىلىرىدە يەر ھەيدەش ، زىرائەتلەرنى تېرىش ، ئورۇش . . . ئىشلىرى ماشىنا-تراكتورلار ئارقىلىق قىلىنىدىغان بولدى . ئات-كالا ،ئېشەكلەر سوقا-ساپان ،سىيالكا ،سۆرەم ،جوۋاز . . .سۆرەش ئىشلىرىدىن خېلىلا ئازاد بولدى . لېكىن دېھقان كەتمەن چېپىشتىن يەنىلا ئازاد بولالمىدى . قارىغاندا يەنە ئۇزاققىچە ئازاد بولالمىغۇدەك .

ھۆرمەتلىك ئارتىشى ئاكا :

رايونىمىزغا «خەلقئارالىشىش دولقۇنى»دا غەربنىڭ شالغۇت مەدەنىيىتىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇندەك ،يوقۇملۇق ۋابادەك يامراپ كىرىشى نەتىجىسىدە ، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ماڭقۇرتقا ئوخشاش ئەسلىنى ئۇنتۇپ ، ئۆزىمىزدىكى ساپ ، قەدىمىي نەرسىلەرنى قالاق ھېسابلايدىغان ،ئۇنىڭدىن بىزار بولىدىغان ،تېشىنى پەردازلاپ سۈنئىي بايۋەچچە بولۇپ يۇرمەيدىغانلارنى مەدەنىيەتسىز - دۆت ھېسابلايدىغان . . . ئەھۋال شەكىللەندى . ئىپتىدائىي ئەمگەك قورالى بولغان كەتمەننى چاپىدىغان دېھقانلارنى بەزى «ئاقسۆڭەك»لەرنىڭ پەس - چاكىنا كۆرۈشى ،ئۇلارغا گۇناھكارلارغا قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشى ، ئۇلاردىن نومۇس قىلىشى بۇنىڭ ئىپادىلىرىدۇر .بۇنىڭدىكى يەنە بىر ئامىل ، رايونىمىزدا ۋە ۋۇجۇدىمىزدا كۆڭزىنىڭ بەگ ۋە پۇقرا ،ئورۇنغا تەلمۈرۈش ،ئىتائەت قىلىش . . . توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنىڭ يىلتىز تارتىپ ،مېۋە بەرگەنلىكىدە - ئاشۇ «ئاقسۆڭەك»لەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ھەيۋەتلىك شامال» ،كەتمەن چاپقۇچى دېھقانلارنى «ئەرزىمەس گىياھ»ھېسابلىغانلىقىدا .قېنى ، مۇشۇ «ئەرزىمەس گىياھ»لار گۇناھكارانە كەتمەن چېپىشنى توختىتىپ باقسۇنچۇ ، ئاشۇ «ھەيۋەتلىك شامال»لارنىڭ ھالى قانداق بولاركىن ؟

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمىز ئىچىدە «باغۋەن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى»دېگەن بىرى بار .ئۇنىڭدا : جاپاكەش ،تىرىشچان ،ئاق كۆڭۈل باغۋەن بوۋاي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ،ئۇنىڭ كەتمەن چېپىش دېسە بېشى

ئاغرىيدىغان، يەپ-ئىچىش، ئويۇن-تاماشا دېسە ئۆزلىرىنى ئاتىدىغان، دادىسى چاپقان كەتمەننىڭ نېمەتلىرىنى يەپلا چوڭ بولغان تىرىكتاپ، ھورۇن ئۈچ ئوغلى باغقا كەتمەن چاپماي، ئۆيدە بارنى يەپ-ئىچىپ، بۇزۇپ-چېچىپ تۈگىتىدۇ. باغقا كەتمەن چاپمىغانلىقتىن مېۋىمۇ بولماي، ئاخىرى بۇ ئوغۇللار ئاچ قېلىشقا باشلايدۇ-دە، ئانىسىدىن يېگۈدەك بىرنەرسە سورايدۇ. ئانىسى ئۇلارغا ئۆيدە يېگۈدەك ھېچنەرسە قالمىغانلىقىنى، ئەمدى ئۇلارنىڭ دادىسى-باغۋەن بوۋاي باغقا كۆمۈپ قويىدۇم، دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئالتۇننى قېزىپ كىرىشلىرىنى ئېيتىپ، قوللىرىغا بىردىن كەتمەننى تۇتقۇزىدۇ. ئۇلار ئالتۇن ئىزدەش (قېزىش) قىزغىنلىقىدا خۇدىنى بىلمەي كەتمەن چېپىپ باغنى راۋۇرۇس چاناپ شۇدىگەر قىلىۋېتىدۇ. ئەمما «كۆمۈپ قويۇلغان ئالتۇن» تېپىلمايدۇ. ئۈچ ئوغۇل ئۇنى «كولاش»نى ھەر كۈنى داۋام ئەتكۈزىدۇ. قوللىرى قاپىرىپ، ھېرىپ-ئېچىپ كەتكەن ئۈچ ئوغۇل ئۆيگە سالپىيىپ كىرىدۇ. ئانىسى ئۇلارغا قاتتىق-قۇرۇق، پارچە-پۇرات زاغرىلاردا چاي بېرىدۇ.

«يېتىپ يېگەن قاتتىق ئاش،
تېپىپ يېگەن تاتلىق ئاش.»

دېگەندەك، ئۆزلىرى بىر چاغلاردا ياراتمىغان قاتتىق زاغرا ناننىڭ چېيى ئۇلارغا ھەسەل قوشقاندەك تېتىپ كېتىدۇ-دە، ئانىسىدىن «ھەسەل قوشتىڭىزمۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. ئانىسى چايغا ھەسەل قوشمىغانلىقىنى، ئىشلەپ يېگەن تاماقنىڭ مۇشۇنداق تاتلىق بولىدىغانلىقىنى، دادىسى باغۋەن ئېيتقان ئالتۇنىنىڭمۇ كەتمەن چېپىپ نان يېيىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئۈچ ئوغۇل ئىلگىرىكى قىلمىشلىرىدىن نومۇس قىلىپ ھورۇنلۇق - تىرىكتاپلىقنى تاشلاپ، باغقا بىجانىدىل كەتمەن چاپىدۇ. نەتىجىدە، مېۋىلەر شۇنداق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى پاراۋانلىشىشقا، ئۆزلىرى تېتىكلىشىشكە باشلايدۇ...

باغۋەننىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئالتۇن قىزغىنلىقى تۈرتكە بولۇپ، ئانىسى تەسىرلەندۈرۈپ تىرىكتاپلىقتىن تىرىشچان كەتمەنچىلەرگە ئۆزگەرتتى. لېكىن بىزدىكى كەتمەن چاپقاننى گۇناھ دەپ تونۇپ، يەنە نومۇس قىلماي كەتمەن چاپقانلارنىڭ كەتمەن چېپىپ تاپقان نېمىتىنى يېتىپ يەيدىغان تىرىكتاپلارنى نېمە تۈرتكە بولۇپ، كىم تەسىرلەندۈرۈپ، ئۆزى ئىشلەپ ھالال نان تېپىپ يەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتەلەر؟ ئېيتىلىشىچە، ئوغۇل بالا تۇغۇلغاندا كەتمەن «مېنى چاپىدىغان بىر ئادەم دۇنياغا كەلدى» دەپ سۆيۈنۈپ، شۇ ئوغۇلغا قاراپ لىڭشىپ تەۋرەپ كېتەرمىش. بەلكىم كەتمەن چاپقاننى گۇناھ دەيدىغان «ئوغۇل بالا» تىرىكتاپلار تۇغۇلغاندىمۇ كەتمەن ئاشۇنداق خۇش بولغان بولغىيدى؟ كەتمەننىڭ شۇ خۇشلۇقى ۋە ئۆزلىرىنى ئوغۇل بالا قىلىپ ياراتقان ئاللانىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇلار كەتمەن چاپسۇن. چاپقاندىمۇ ھېلىقى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىدەك شەكلەن ئەمەس، باغۋەننىڭ ئۆزگەرگەن ئۈچ ئوغلىدەك بىجانىدىل، چاپقان كەتمىنىنىڭ نېنى ئاغزىلىرىغا تېتىغۇدەك بولغۇچە چاپسۇن. شۇ چاغدىلا ئۇلار كەتمەن چاپقاننىڭ گۇناھ ئەمەسلىكىنى، تېپىلغۇسىز ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ھۆرمەتلىك توختى باقى ئارتىشى ئاكا: سىزمۇ، مەنمۇ-ھەممىمىز كەتمەن چاپقان گۇناھ، دەيدىغان تىرىكتاپلارنى كەتمەن چېپىشقا تەۋسىيە قىلايلى، مەجبۇرلايلى. بولمىسا ئۇلار كەتمەن چاپقان مېھنەتكەشلەرنىڭ كەتمەن چېپىپ ياراتقان نېمىتىنى يېتىپ يەۋېرىپ ئاخىرى بىر كۈنى جاھاننى تاپتىنمۇ بەتتەر بۇلغاپ تاشلىمىسۇن يەنە. بىز ئۇلارغا شۇنداق خىتاب قىلايلى: ئەي تىرىكتاپلار، كەتمەن چاپقان گۇناھ دېمەڭلار! ھېچنېمەڭلارنىڭ ھېچنېمىسىنىڭ ھېچقانداق ھەققى بولمىغاندىكىن، كەتمەن چاپقان مېھنەتكەشلەرنىڭ كەتمەن چېپىپ تاپقان نېمىتىنى يەۋالماڭلار! سىلەرمۇ ئۆز رىزقىڭلارنى دېھقاندەك ھالاللاپ تېپىپ يەڭلار!

2003-يىل ئاۋغۇست، سەھرايى كاتتا يايلاق

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھىرى كاتتا يايلاق يېزاقۇدۇق كەنتىدە، دېھقان (M2)

## «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى





باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (M1)     مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت (M2)



# دارۋىننىڭ ئەخمىقانە ئىشى

ئەقلىمە ئابدۇللا تەرجىمىسى

ئەنگلىيىلىك داڭلىق «تەدرىجىي تەرەققىيات» نەزەرىيىسى پېشىۋاسى دارۋىن كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئۆزىنىڭ بۇرۇن بىر «ئەخمىقانە ئىش» قىلغانلىقىنى يازغانىكەن:

19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دارۋىن جاھان كېزىپ يۈرگەن مەزگىلدە ئافرىقىدىكى بىر ئىپتىدائىي قەبىلىگە بېرىپتۇ. ئۇيەردە كىشىلەر كىيىم كىيمەيدىكەن، تاغ ئۆڭكۈرلىرىنى ماكان تۇتۇپ، ياۋا ئوت-چۆپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوزۇق قىلىپ ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرۈدىكەن. دارۋىن ئۇيەردە نەچچە كۈن تۇرۇش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ يېمەكلىك تاپالمىغان چاغدا قېرى-چۆرى ۋە ئاجىز-مېيىپلەرنى بۆلۈشۈپ يەيدىغانلىقىنى بايقاپتۇ ۋە ناھايىتى رەھىمسىزلىك ھېس قىپتۇ. ئۇ ئۇلاردىن نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇلار: «ئەمگەك كۈچىدىن قالغان كېرەكسىز ئادەملەرنى ساقلاشنىڭ نېمە ھاجىتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دارۋىن قاتتىق ئېچىنىپتۇ ۋە: دۇنيادىكى ئىلغار دۆلەتلەر ھازىر مەدەنىيەت دەۋرىگە كىردى، ئەمما بۇيەردىكى كىشىلەر يەنىلا ياۋايىلارچە ياشاۋېتىپتۇ، مەن چوقۇم ئۇلارنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دارۋىن يۇقىرى باھا بىلەن شۇيەردىكى بىر بوۋاقنى سېتىۋېلىپ ئەنگلىيىگە ئەكېتىپتۇ. ئۇ ئافرىقا قانداشلىقىدىكى بۇ بالىنى زامانىۋى شەھەرنىڭ تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىدا تەربىيىلەپ، بىر «مەدەنىيەتلىك كىشى» قىلىپ چىقماقچى، ئاندىن بۇ «مەدەنىيەتلىك كىشى» ئارقىلىق ئۇنىڭ يۇرتىدىكى ئادەم ئادەمنى يەيدىغان ئىپتىدائىي ھالەتنى ئۆزگەرتمەكچى بوپتۇ. 16يىلدىن كېيىن بۇ بالا «مەدەنىيەتلىك ياش» بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقىپتۇ. دارۋىن تونۇشلىرى ئارقىلىق بۇ بالىنى ئافرىقىغا ئەۋەتىۋېتىپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن دارۋىن ئافرىقىغا 17 يىل ئىلگىرىكى ھېلىقى ئىپتىدائىي قەبىلىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرگىلى بېرىپتۇ. بىراق ھېلىقى «مەدەنىيەتلىك ياش»نى تاپالمايتۇ. شۇيەردىكىلەر ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ھېلىقى ياشنى يەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. دارۋىن قاتتىق ھەيران بولۇپ: «شۇنداق ياخشى ئادەمنى نېمىشقا يەۋەتتىڭلار» دەپ سوراپتۇ. «ئۇ ھېچ ئىش قىلالمىسا، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىسە، ئۇنىڭ بىزگە نېمە كېرىكى؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلار.

بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن بىر ئادەمنىڭ كۈچى چەكلىك بولىدۇ. مەيلى قانچىلىك دانا بولمىسۇن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ؛ كىشىلەر تېخى ئويغانمىغان چاغدا، ئۇ ئۆزى ئىلغار ۋە مەدەنىي دەپ قارىغان ئىدىيە بىلەن باشقىلارغا قوماندانلىق قىلسا، پەقەت ئۆزىگە بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ۋە ئازاب تېپىۋالىدۇ. دارۋىن گەرچە ئۇلۇغ «تەدرىجىي تەرەققىيات» نەزەرىيىچىسى بولسىمۇ، ئۇ ئەڭ ئەقەللىي «تەدرىجىي تەرەققىيات» قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان. يەنى ئادەم ئادەمنى يەيدىغان ئىپتىدائىي قەبىلىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە باشلاپ كىرىش ئەسلا رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ياۋايىلىقتىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ مەدەنىيەتلىك ھالەتكە ئۆتۈش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلىك جەريان بولۇپ، ھەرگىز بىر ياكى بىرنەچچە «مەدەنىيەتلىك كىشى» لەرگە تايىنىپلا يېڭى دەۋر قۇرغىلى بولمايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى مانا مۇشۇنداق. بۇ قانۇنىيەتنى باشقا ئىشلارغا تەتبىقلىغىلى بولماسمۇ؟

---

مىجى قەلەمدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خىبىي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «خىبىي گېزىتى» نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» - 《杂文月刊》نىڭ 2004-يىل 6-سانىغا بېسىلغان(M1)

## زامان ئەقىل-پىكىرلىرى



ئىلىدىن چىققان سېخىي-مەردانە ئوغلانلار، 3 مىليون 700 مىڭ يۈەن خەجلەپ غۇلجا ناھىيىسى تۇرپانيۈزى يېزىسىدىكى دېھقان باللىرىغا ئۈچ قەۋەتلىك زامانىۋى مەكتەپ سېلىپ بەرگەن «ئىناق ئۆي-زېمىن شىركىتى»نىڭ دىرېكتورلىرى سادىقجان بىلەن ساقىماجى ئاكا-ئۇكىلار

— ئادىل ئىسمائىل فوتوسى


《新疆文化》　（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管：新疆维吾尔自治区文化厅

主办：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008-6498

国内统一刊号：CN65-1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, china

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地址：乌鲁木齐市团结路72号

邮编：830001 电话：(0991) 2856942

印刷：《新疆日报》印务中心

发行：乌鲁木齐市邮局

订阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2004- يىل 5- سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72- قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2856942 (0991)


باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22-58 باھاسى: 5 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# چىدىساڭ ياشا

ئابلەت ئابدۇللا

بۇ دۇنيا بىرگە- بىر چىدىساڭ ياشا،
قەلبىڭدە نومۇس بىلەن پەسلىك ئېلىشار.
شاھ، تەخت بىرگە بىر، پۇل بىلەن بەندە،
شۆھرەتكە دائىما ھەسەت چاپلىشار،
بۇ دۇنيا بىرگە- بىر چىدىساڭ ياشا.

بۇ دۇنيا بىرگە- بىر چىدىساڭ ياشا،
يىقىلساڭ يۆلىمەيمەن ئۆزۈڭدە گۇناھ،
ئالتۇن بول، تۇپراق بول، سەن ئۆزۈڭ دۇنيا.
قايغۇرۇش، ئۆكۈنۈش، پايدىسىز «ئاھ - ۋاھ»
بۇ دۇنيا بىرگە- بىر چىدىساڭ ياشا.